# تارىم

4

1990

2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سانجىدا ئاپتونوم رايونى بويىچە دېڭ شياۋ - پىڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدىكى باياناتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇهاكىمە قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.



سۈرەتتە: يىغىندىن كۆرۈنۈشلەر.



شالڭ گەنخې فوتوسى.

باش مۇهەررىر: مەهەممەت شاۋدۇن

مەسلىهەتچىلەر: ياسىن خۇدا بەردى، ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم.

---

تەهرىر هەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇشۇكۇر مۇهەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇروسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋدۇن، تۇرسۇنئاي هۇسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەهەممەت شاۋدۇن، مەهەممەت زۇنۇن، مەهمۇد زەيدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

4

1990

40 - يىل نەشرى

## ماقالىلەر

فېڭ داجىن.......... دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتىمىزنى راۋاجلاندۇرايلى ۋە گۈللەندۇرەيلى!.................. 4

## نەسرىي ئەسەرلەر

ئالىمجان ئىسمايىل.......... ئوي مەھەللىنىڭ ئادەملىرى (ھېكايە).......... 17
مەھەممەتجان راشىدىن.......... تۇنجى ئەسىرىم (ھېكايە).......... 32
سەيپىدىن ئەزىزى.......... سەپەر خاتىرىلىرى (نەسر).......... 44
ئەسئەت ئابدۇقادىر.......... نەسرلەر .......... 54
ئەسقەر ياسىن.......... نەسرلەر .......... 57
ھۆسەنجان ئەسقەر.......... ئۈچ نەسر.......... 58
قاھار نىياز.......... ئىككى نەسر.......... 60
ئەكبەر غولام.......... ئىككى ھېكايە.......... 71
قادىر ئارسلان.......... كۈتۈلمىگەن ھادىسە (ھېكايە).......... 88

## شېئىرلار

مۇھەممەتجان سادىق.......... شېئىرلار.......... 34
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن.......... غەزەللەر.......... 38
مامۇت زايىت.......... شېئىرلار.......... 41
ھەجىت تاش.......... شائىر قەلبى.......... 62
تۇرسۇنجان ھاشىمى.......... نازۇك ھېسلار.......... 63
كېرىمجان سۇلايمان.......... ئاخشامقى لىرىكا.......... 65
تۇردى ئەخمەت.......... شېئىرلار.......... 66
ئۆمەر رەجەپ.......... كۆل سۈيىدەك تىنىق ئىدى بۇ كۆڭلۈم.......... 68
غاپپار جاپپار.......... يۇرتۇم.......... 68
ئابلىمىت تۇردى.......... ياشا شۇنداق، يەتمىگەي خەۋپ.......... 68
ئابابەكرى توختى.......... ئاقار يۇلتۇزلار.......... 69
سەمەت دۇگايلى.......... شېئىرلار.......... 92

مەتتۆمىن ئابدۇقادىر ........ ئىككى شېئىر ........ 93

ئابدۇلئەھەد سەلەي ........ ئىككى شېئىر ........ 94

رىزۋانگۈل ھۈسەيىن ........ شېئىرلار ........ 95

بەگمەت يۈسۈپ ........ قەلبىمدە باز ناخشا ئۇلۇغ ۋە راۋان ........ 96

پەرھات مۇھەممەت ........ باللىققا خاتىمە ........ 96

مۇختار سېيپۇرگى ........ «كۆزى يامان» قىز ........ 96

ئابدۇرېشىت بارات ........ ئىككى شېئىر ........ 97

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ........ شېئىرلار ........ 97

مەھەممەت سالىم ........ خاتىمە بەر ھىجرانغا ........ 98

ئاتىكە دۇرەخمەت ........ ئۈمىد ........ 98

ئەركىن ياسىن ........ شېئىرلار ........ 99


## ئەدىبلىرىمىز چەت ئەللەردە


قەييۇم تۇردى ........ ئۈنتۇلماس دوستلۇق سەپىرى (زىيارەت خاتىرىسى) ........ 100


## باللار ئەدەبىياتى


مۇھەممەت ئەخمەت ........ «ئاق يولۋاس» ........ 128


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئىبراھىم ئىمزاقى ........ شائىر ۋە شېئىرىيەت ماھىرلىقى ........ 137


## كىتابخانلاردىن خەت


ئەنۋەرجان تۇردى ........ بىزگە مۇشۇنداق ئەسەرلەر كېرەك ........ 144

ئابدۇكېرىم ناسىر ........ «خەير، ياشلىقىم» توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ........ 145


## سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن


شايىم شاۋايېۋ ........ ئېيىق بالىسى (ھېكايە) ........ 148


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ئالبېرت موراۋىيا ........ پايلاش (ھېكايە) ........ 153


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

* *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ، ئابدۇسالاملار ئىشلىگەن.

## ماقالىلار

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنى راۋاجلاندۇرايلى ۋە گۈللەندۈرەيلى

— ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

فېڭ داجېن

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەر كۆپ يىللاردىن بېرى مۇنداق ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە يىغىنىنى تۇنجى قېتىم ئېچىپ ئولتۇرىمىز. بولۇپمۇ بۇلتۇر ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدا» دېگەن كىتابى نەشىردىن چىققان مەزگىلدە، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، ماۋجۇشىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» نى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى، يولداش لى رۇيخۇەننىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىپ، ئىلگىرىكى خىزمەتلەرنى يەكۈنلەپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردۇق، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇردۇق. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى.

تۆۋەندە مەن بىرنەچچە تۈرلۈك قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يولداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرماقچىمەن.

بىرىنچى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىگە بولغان ئومۇمىي مۆلچەر. مېنىڭچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى قوشۇنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ناھايىتى ياخشى. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 1983-يىلى مەنىۋى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرۇش، 1987-يىلى بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەش ۋە ئۆتكەن يىلى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشى بولۇپ ئۆتتى. بۇ بىرنەچچە قېتىملىق زور سىياسىي كۈرەشتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت سا-

ھەمىشىدىكى يولداشلار سىناقتا بەرداشلىق بەردى، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە دائىر زور ئىشلار، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى تۇرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ئېغىر ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدىمۇ زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئىلگىرىكىدەك ئۇنداق چوڭ مۇھىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى، ئازراقمۇ مەسىلە يۈز بەرمىدى دېسەك، بۇمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مېنىڭچە، مەسىلە ئاساسەن ئۈچ جەھەتتە كۆرۈلدى: بىرىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىسىز بولغان ئايرىم ئەسەرلەر جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلدى. بۇخىل مەسىلىلەر خەنزۇ يازغۇچىلاردا سادىر بولدى، مىللىي يازغۇچىلاردىمۇ سادىر بولدى. شىنجاڭدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش باشتىن - ئاياغ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ كەلدى. شۇڭا ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ زىممىسىدىكى مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ كەلدى. بۇ مەسىلە تېخى بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ كەڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالمىدى. ئىككىنچى، بىزنىڭ بەزى ئەسەرلىرىمىز سوتسىيالىستىك رېئال تۇرمۇشنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن، جەمئىيەتتە ئوخشاشلا يامان تەسىر پەيدا قىلدى. مەسىلەن، ئۆتكەن يىلى «ئەدەبىي ئاخباراتلار» ژۇرنىلىنىڭ 7- سانىغا «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۇەنىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن دوكلات» دېگەن ئەدەبىي ئاخبارات بېسىلىپ، بىڭتۇەنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋە يەرلىك كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا ناھايىتى زور ئەكس سادا قوزغىدى، كىتابخانلارنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى. ئۈچىنچى، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، 1988- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1989- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سېرىق نەرسىلەر شىنجاڭغىمۇ يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئەدەبىي ژۇرناللاردىمۇ مۇقامىسى تۆۋەن، شەھۋانىي نەرسىلەر بېسىلىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئەكس تەسىر قوزغىدى. بۇنىڭدىن كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئامما، رەھبەرلىك نارازى بولۇپ، بىزنى كەسكىن تەنقىد قىلدى، مەملىكەت بويىچىمۇ نامىمىز چىقتى. بۇ، پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە كۆرۈلگەن بىرقەدەر ئېغىر مەسىلە. بۇنىڭغا چېتىشىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرناللىرىمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭلاشقا مەركەز جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، بۇ تەتۈر قۇيۇننى توستى. بولمىسا بۇ مەسىلىنى ئوڭشاش ناھايىتى قىيىنغا چۈشكەن بولاتتى. ھازىر بۇ مەسىلە ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئايرىم يولداشلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئانچە ئۆتمەيۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ بەزى ئەسەرلەر توغرىسىدىكى باھايىمىزنى، قارىشىمىزنى، بەزى ژۇرناللارغا كۆرگەن چارىمىزنى بەك ئېغىر بولۇپ كەتتى، دەۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون بۇخىل ژۇرنال ۋە ئەسەرلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا پوزىتسىيىدە قەتئىي، ئۇسۇل جەھەتتە سالماق بولدى. ئەگەر مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون بۇ تەتۈر قۇيۇننى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ توسىۋالمىغان بولسا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بازى-

سىدا تېخىمۇ زور مەسىلە چىققان بولاتتى، ئەمما ئىچىدىكى يامان تەسىرىنى تۈگىتىشمۇ تەسكە چۈشەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇنداق كېتىۋەرسە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ كۆڭلىمۇ ئۇنىمايتتى. چۈنكى بۇنداق ئەسەرلەر ھەقىقەتەن بىر قىسىم ئادەمنى، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنى، ئۆسمۈرلىرىمىزنى زەھەرلىدى. بۇ ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى دەپ ئاتىلىۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك ئىدى. بۇ مەسىلىدە تونۇشى ئايدىڭ بولمىغان ياكى پىكرى بار يولداشلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش ئارقىلىق تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگىتىپ، يەڭگىللىنىپ سەپكە ئاتلىنىشىنى، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ياخشى، گەرچە مۇنداق ياكى ئۇنداق مەسىلىلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ھەتتا ئۆتكەن يىللىرى مەملىكىتىمىزدە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېغىر سىياسىي مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ئاڭلىق ھالدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئىككىنچى قېتىملىق سەنئەت بايرىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، جەمئىيەتتە ياخشى باھاغا ئېرىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ توغرا يېرى يوق دېيىشكە بولمايدۇ، ئازراقمۇ مەسىلە يوق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ياخشى، لېكىن ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ بار، دېيىش كېرەك. شۇڭا مۇندىن كېيىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ ياخشى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھەممەيلەن تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، دۆۋەتتىكى ۋەزىيەت بىزدىن ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى تەلەپ قىلماقتا. دۆۋەتتە ۋەزىيەت چوڭ ياخشى بولسىمۇ، ئەمما بىر جىددىي خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ئەھۋالغا دۇچ كەلمەكتىمىز. بۇ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، خەلقئارا جەھەتتىن قارىغاندا، مونوپول بۇرژۇئازىيە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتا «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»نى ھەدەپ يولغا قويۇپ، ئوق ئېتىلمىغان ئۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە، سوتسىيالىزم يولىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق ۋەزىيەتتىكى مەسئۇلىيىتى پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرى ۋە لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يۇقىرى سۈپەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجات قىلىش، ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنى تەربىيىلەش، كاپىتالىزمنىڭ تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ئىستراتېگىيىسىگە

قارشى كۆرەش قىلىش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىچكى جەھەتتىن ئالغاندا، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمى قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا ئۇرۇنماقتا. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىز روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمىغا قارشى كۆرەش قىلىش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈشى زۆرۈر. شىنجاڭدىن ئالغاندا، چەت ئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ سىغىپ كىرىشى ۋە بۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىنتايىن ئازساندىكى كىشىلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىنى بىر كۈنمۇ توختاتمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، بىز ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەسەرلىرى ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، مىللەتلەرنىڭ ئىناق - ئىتتىپاقلىقىنى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى تەشۋىق قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز. دېمەك، بىر تەرەپتىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم. ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەم پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل فاڭجېنى، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، ھەم بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەنقىد قىلىش، ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى تەسىرىنى تازىلاپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. بىز شەھۋانە مەدەنىيەتنى تازىلاش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ تەسىرىنى تازىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى، ساغلام ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك. بولمىسا، ئامما بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىزدىن رازى بولماي قالىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى ھەمىشە مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىپ، تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر يازغۇچى، مۇزىكانت، ئۇسسۇلچى، رەسسام قاتارلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە پۈتۈن مەملىكەتتە داغدۇغا قوزغايدىغان تېخىمۇ نۇرغۇن ئەسەر يارىتىشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىزدە نەتىجىنىڭ بار - يوقلۇقىنى، شۇنداقلا نەتىجىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ساغلام، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ گۈللەنگەن - گۈللەنمىگەنلىكى بىلەن ئۆلچىشىمىز كېرەك. مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر چىقالمىسا، مەسىلە چىقماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىنسا، بۇ يېتەكچىلىك ئىدىيە جەھەتتىن ئالغاندا توغرا ئەمەس. مەسىلە چىقارماسلىق ناھايىتى ئاددىي گەپ، قىرقىساق، توختاتساق، بەزى كىتابلارنى نەشر قىلمىساقلا بولغىنى. لېكىن، ئەدەبىيات - سەنئەتنى ھەقىقىي رەۋىشتە گۈللەندۈرۈش خېلى تەس. شۇڭا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنى ئىجادىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ساغلام مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى يېتەرلىك

دەربېجىدە يارىتىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى، ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى، كىشىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى بوشلۇقىنى ئىگىلەشكە سەپەرۋەر قىلىش لازىم. بۇ خىزمەت يۈكسەلمىسە، چىرىك نەرسىلەر يوچۇق تېپىپ كىرىۋالىدۇ - دە، بىز تەنقىد قىلغان نەرسىلەر قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن. ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا مەسىلە كۆرۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلە كۆرۈلسە، سىياسىي مەسىلە بولمىسىلا، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى بولمىسىلا، يەنىلا تەربىيىلەش مەسىلىسىگە ياتىدۇ. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش تەنقىد قىلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر يېزىشقا، ئەسەر ئېلان قىلدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي - دىغان بولۇپ قالغان بولسا، گەرچە مەسىلە چىقمىسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى چۈرۈپ تاشلىۋېتىلسە، ئەمەلىيەتتە مەغلۇپ بولغانلىق بولىدۇ، ئۇنى نەتىجە دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، كۆپچىلىكنىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ۋە ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەن - دۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ، بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئاڭلىق تۈردە ئۈستىگە ئېلىپ، خىزمەتنى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي قولغا ئېلىپ، ئىمكان قەدەر تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۈچىنچى، ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئېچىلىش - سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ مەسىلە ھەل بولماي تۇرۇپ، قانداقتۇر ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەققىدە قۇرۇق گەپ سېتىلسا بولمايدۇ. بىزنىڭ گۈللەندۈرىدىغىنىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت، ھەرگىزمۇ پارتىيە رەھبەرلىكىنى يوققا چىقىرىدىغان، سوتسىيالىزم - نى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتىدىغان، كاپىتالىزمنىڭ قىممەت قارىشىنى تەرغىپ قىلىدىغان سېرىق ئەدەبىيات - سەنئەت ياكى بۇرژۇئا ئەدەبىيات - سەنئى - تىنى ئەمەس. بىزنىڭ گۈللەندۈرىدىغىنىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز، ماۋجۇشىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دا كۆرسىتىلگەن يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشىمىز، بۇرژۇئا ئەدەبىيات - سەنئى - تى ۋە ھەر خىل شەھۋانە ئەدەبىيات - سەنئەتكە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىزدىن ئاڭلىق ھالدا ماۋجۇشىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى بايان - لىرى ۋە سۆزلىرىنى ئۆگىنىش، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىمىز. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمى يامراپ

كەتكەچكە، نۇرغۇن يولداشلارنىڭ كاللىسىدا بۇ مەسىلە سۇسلىشىپ كەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىشى يېتەرلىك بولمىدى. ئەمدى يەنە قارايدىغان بولساق، «نۇتۇق» يەنىلا بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان توپ يېتەكچى ئىدىيىدۇر. ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ مۇستەھكەم، نىشانىمىز تېخىمۇ ئېنىق بولغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىدىن گەپ ئاچقىلى بولىدۇ. بۇ ئالدىنقى شەرت بولمىسا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ، گۈللەنسىمۇ، ئەگرى يول ئۈستىگە بېرىپ «گۈللىنىدۇ».

تۆتىنچى، كۆپ مىللەتلىك شىنجاڭدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە، مەلۇم بىر مىللەتنىڭلا ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش ياكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدىن بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان چوڭ بىر گۈلزار ھاسىل قىلىش كېرەك. بۇ نۇقتا بۈگۈنكى سورۇنىمىزدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىدىيىسىدە ناھايىتى ئېنىق بولۇشى كېرەك. ئەگەر مەلۇم بىر مىللەتنىڭلا ئەدەبىيات ـ سەنئىتى گۈللەندۈرۈلۈپ، يەنە بىر مىللەتنىڭكى چۆككۈرۈلسە ياكى بىر مىللەتنىڭلا ئەدەبىيات ـ سەنئىتى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە سەل قارالسا، بۇ پارتىيىنىڭ ھەممە مىللەتنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى سېنىڭ ـ مېنىڭ دەپ ئايرىماي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشى؛ سىياسىي جەھەتتە خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەردىن، ئازسانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدىغىنىغا ئوخشاش، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى ئارىسىدىمۇ بۇنداق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالماسلىق مۇناسىۋىتى بولۇش كېرەك. ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدۇ، چۈنكى شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت مىراسلىرى بار. ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالماسلىق فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىلا، ئاندىن ھەرمىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا قوبۇل قىلىپ، ئورتاق يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر مىللەتلەر ئارىسىدا، سەن مېنى ياراتمىساڭ، مەنمۇ سېنى ياراتمىسام، بۇ مىللەت ئۇ مىللەتنى، ئۇ مىللەت بۇ مىللەتنى ياراتمىسا، مىللەتلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلىشى، بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ ـ دە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگە پايدىسىز بولىدۇ.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش — بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى. بۇنداق بىر زور تېما بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ تولۇق دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىشى، شۇنداقلا بۇ شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە ھېسابلىنىشى كېرەك. لېكىن يېقىنقى بىرنەچچە

يىلدا بۇ تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەر كۆپ بولمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەيلى تارىخىي تېما ياكى رېئال تېمىلاردا ئەسەر يېزىشتا بولسۇن، ھەممىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ مەسىلە چىڭ تۇتۇلۇشى، ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى لازىم. بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ جىددىي تەلىپى، شۇنداقلا ھەرمىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى.

يازغۇچىلار تارىخنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تارىختىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرغان ئېسىل ئەنئەنىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھەرمىللەت خەلقىگە ئىتتىپاقلىشىش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى بېرىشى لازىم. تارىختىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ماھىيەتسىز، بۈگۈنكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى يازماسلىق لازىم. ئۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تارىخىي تېمىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياخشى. لېكىن ئايرىم ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى. بەزىلىرى، ئەمەلىيەتتە، مالىمانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ بايرىقىغا ئايلىنىپ قالدى. مەن بۇ يەردە قانداقتۇر بىر ئەسەرنى ئاتىماق ھالدا بۇنداق جامائەت پىكرى توپلىغان، دېمەكچى ئەمەسمەن. يازغۇچىنىڭ ئۆزى بۇ نۇقتىنى سەزمىگەندۇ. لېكىن ئەسەرنىڭ ئۆزى ھەقىقەتەنمۇ جەمئىيەتتە بۇنداق رول ئوينىغان. بەزى ئىشلار تارىختا مەۋجۇت، تارىخچىلار ئۇنى ئەينەن بايان قىلىپ بېرىشى كېرەك. لېكىن تارىخمۇ ساپ ئوبيېكتىپ بولمايدۇ، ئۇ رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئەدەبىيات-سەنئەت تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى لازىم. ئەگەر تارىختا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇانى ئورتاق گۈللەندۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت زور تېمىلارنى قازماي، مەلۇم بىر تەرەپنىڭ نەرسىلىرىگىلا بېرىلىپ كەتسەك، دەل بۇ بىر تەرەپ يەنە كېلىپ تارىخنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان نەرسە بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئېغىش يۈز بېرىشى، ياخشى بولمىغان ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلىشى مۇمكىن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەھۋاللاردىن ئەسلەيدىغان بولساق، «يىراقتىكى ئاق ئۆي» دېگەن پوۋېست شۇ قەدەر چوڭ ۋەقەگە سەۋەبچى بولدى؛ «جىنسىي ئۆرپ-ئادەتلەر» دەيدىغان كىتاب شۇقەدەر چوڭ مەسىلە تۇغدۇردى، «19-ماي» ۋەقەسىنىڭ ئوت تۇتاشتۇرغۇچى پىلتىسىگە ئايلاندى. شۇڭا يولداشلار بۇ مەسىلىدە سەگەك بولۇپ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، مەيلى تارىخىي تېما ياكى رېئال تېمىدا يېزىشتىن قەتئىينەزەر، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى

گەۋدىلەندۇرۇشى لازىم. ئەلۋەتتە، بۇ پەقەت بىر چوڭ تېما، ھەممەيلەن بۇ تېمىنى يازسۇن، دېمەكچى ئەمەسمەن، قىسقىسى، ھەر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئەسەرلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلۇغ ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىدىن كۈتۈۋاتقان ئۈمىدى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەردىن كۈتۈۋاتقان ئۈمىدى. بىز ئەسەرلىرىمىزدە مۇشۇ جەھەتتە كۆرۈلگەن ئېغىش ياكى ئېھتىياتسىزلىقىمىز، بىخەستەلىكىمىز تۈپەيلى ئاپتونوم رايوننىڭ پۈتكۈل ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىقىمىز لازىم. بۇ بىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىسى، شۇنداقلا سىياسىي مەسىلە. جۈملىدىن بىزدىكى قەرەللىك ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى، نەشرىيات ۋە گېزىتلەرنىڭ بۇ مەسىلىدە ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي رىتىمىغا ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بەشىنچى، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم. شانلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈشىمىز كېرەك. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى مول ۋە زور بىر ئورگانىك گەۋدە بولۇپ، ئۇ ھەم خەنزۇ مەدەنىيىتىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەم ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنى، شۇنداقلا يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نۆۋەتتە مونوپول بۇرژۇئازىيە بىزگە قارىتا تىنىچ ئۆزگەرتىۋېتىش يۈرگۈزۈۋاتقان شارائىتتا، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈشىمىزنىڭ، شانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، چەتتىن كەلگەن بارلىق بېسىملارغا تاقابىل تۇرۇشىمىزنىڭ مۇھىم كاپالىتى. شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش دېگەنلىك مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلىش جەھەتتىكى تارىخىي ئىنكارچىلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك. ماۋجۇشى كۆپ قېتىم، مىللىي مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلىشتا ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، دېگەنىدى ھەممىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، تارىخنى ئۈزۈۋەتمەسلىك، كۆڭ فۇزىدىن تارتىپ سۇن جۇڭشەنگىچە بولغان پۈتۈن تارىخنى يەكۈنلەش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ بىزنى تارىخىي مىراسلارغا مۇئامىلە قىلىشتا تەنقىدىي يوسۇن-

دا يەكۈنلەش، فېئوداللىق شاكاللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، دېموكراتىك مېغىزىنى قوبۇل قىلىش كېرەك، دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. شۇڭا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تەرغىپ قىلغان ئومۇمىيۈزلۈك غەربلەشتۈرۈشنى، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىدىغان تارىخىي ئىنكارچىلىقنى تەنقىد قىلىشىمىز كېرەك. ئەمما مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى تەنقىدسىزلا ھەدەپ قوبۇل قىلىۋېرىدىغان، قوبۇل قىلىپ ھەزىم قىلالمايدىغان، ئاتا - بوۋىلارنىڭ ھەممە نەرسىسى ياخشى، دەپ قارايدىغان پوزىتسىيىمۇ توغرا ئەمەس، مۇنداق پوزىتسىيىگىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك.

كۆرۈشىمىز كېرەككى، شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ ھەممىسىنىڭ مىللىي ۋەتەنپەرۋەرلىكى، ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بار، شۇنداقلا مۇئەييەن فېئوداللىق خاراكتېرىدىكى شاكاللىرىمۇ بار. شۇڭا بىز مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش تەلىپىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزملىق مەيدان، كۆزقاراش ۋە ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ مېغىزىنى تەھلىل قىلىشىمىز، قوبۇل قىلىشىمىز، قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى گۈللەندۈرۈشىمىز، كېڭەيتىشىمىز كېرەك. ئومۇمەن مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتىشكە، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇشقا، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ئۆزئارا ئۆگىنىشى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە، شۇنداقلا ئۆزگە مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى ئورتاق گۈللىنەلەيدۇ.

بۇ يەردە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، 1988 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە قانات يايدۇرۇلغان مەدەنىيەت قايتا ئويلىنىشى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتەي. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ بىر ئاكتىپ پائالىيەت بولدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يولداشلار توغرا پوزىتسىيىدە بولدى، قايتا ئويلىنىش پائالىيىتى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، ھەر قايسى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە توغرا ۋارىسلىق قىلىشىغا پايدا يەتكۈزدى. ئەلۋەتتە، ئاشۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمى يامراپ كەتكەن شارائىتتا ئوتتۇرىغا چىققان بەزى يولداشلارنىڭ ماقالىسى ئانچە مۇۋاپىق بولمىدى، بۇنىڭدىن ساقلىنىش قىيىن ئىدى. مەسىلەن، بەزى يولداشلارنىڭ ماقالىسىدا «لاتقا» توغرىلىق بىر تەرەپلىمە قاراش بولدى، ئۇلار «لاتقا»نىڭ بەزى ئىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلدى، «لاتقا»نىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك غەربلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىشتەك ماھىيىتىنى كۆرۈۋالالمىدى. لېكىن كۆپ ساندىكىلىرى ياخشى ماقالە بولدى. شۇڭلاشقا شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان مەدەنىيەت قايتا ئويلىنىشىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى «لاتقا» نى ۋەكىل قىلغان، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان ئويلىنىش بىلەن بىر ئىش، دەپ قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى رايونىمىزدا ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە، شۇنداقلا ئۆزگە

مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مەسىلىسىگە قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى بار.
ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلاپ، باشقا مىللەتلەر-
نىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى چۆكۈرۈشكە، ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنداق دېيىش
كېرەككى، شىنجاڭدىكى قايتا ئويلىنىش پائالىيىتى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى
ئىلگىرى سۈردى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىشى، باشقا مىللەتنىڭ نەرسىلىرىنى قو-
بۇل قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتىش، گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە
پايدىلىق رول ئوينىدى.

ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتە بىز توغرا تونۇش ۋە توغرا
مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ بىر ئەدەبىيات - سەنئەت
خادىمىنىڭ باشقا مىللەتنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق يېزىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى
شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىمۇ كۆپ خىل
مىللەتتىن تەركىب تاپقان. شۇڭا بىز خەنزۇ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئاز-
سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنى قارشى ئالىمىز، شۇنداقلا ئاز سان-
لىق مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ خەنزۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئازادلىقتىن بۇيان ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى
بۇ جەھەتتە تۆھپە ياراتتى. ئەمما يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بەزى
خەنزۇ يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە مەلۇم مىللەتنىڭ تارىخى ياكى
رېئال تۇرمۇشى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەنلىكتىن، ئىجتىمائىي
جامائەت پىكرىنىڭ ھەققانىي تەنقىدىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن كىنو ساھەسىدىكىلەرنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى خەنزۇ يازغۇچىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى
ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ توغرا
ئەمەس. يېقىندا مەن چاڭچۈن كىنو ستۇدىيىسىدىن كەلگەن بىر سىنارىست ۋە بىر رې-
ژىسسور بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇلارنىڭ خۇددى 50 - يىللاردىكىگە ئوخشاشلا شىنجاڭنىڭ
كىنوچىلىق ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ياردەم قىلىشىنى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تۇر-
مۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىنو فىلىملىرىنى ئىشلىشىمىزگە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد
قىلدىم. ھەقىقەتەن ئۇلار بۇرۇن شىنجاڭ توغرىسىدا «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» قا-
تارلىق ياخشى كىنولارنى ئىشلىگەنىدى. ئۇلار چاتاق چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەي-
مىز، شۇڭا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىنا-
رىيىلەرنى يېزىشتىن قورقىمىز، دېيىشتى. مېنىڭچە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى-
نى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ھەدەپ قاراڭغۇ تەرەپ يېزىلسا، غەلىتە قىلىپ قو-
يۇلسا، ئەلۋەتتە، ئاممىنىڭ نارازىلىقى قوزغىلىدۇ. ئەمما، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنى قىزغىن سۆيۈش مەيدانىدا تۇرۇپ، توغرا پوزىتسىيە ۋە توغرا ئۇسۇل قوللى-
نىلسا، جەزمەن ياخشى يازغىلى بولىدۇ. ئاپتورنىڭ نىيىتى توغرا بولسا، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەر يېزىلغان تەقدىردىمۇ كىشىلەر ئال-
قىشلايدۇ. شۇڭلاشقا گەپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى يېزىش - يازماسلىقتا ئەمەس، بەلكى

ئۇنى قانداق يېزىشتا، باشقا بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇ-
شىدىكى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە، ماھىيەتلىك، ئادەمنى ئالغا ئىنتىلدۇرىدىغان نەرسىنىڭ
يېزىلغان - يېزىلمىغانلىقىدا. ئۆز مىللىتىمىز نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مەيلى خەنزۇ ياكى
ئاز سانلىق مىللەتلەر بولسۇن، ئۆزگە مىللەت يازغۇچىسىنىڭ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى ئەكس
ئەتتۇرگەن بەزى ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ تراگېدىيىلىك ئەسەرلىرىدە مەلۇم نۇقسان ۋە
خاتالىق بولغان تەقدىردىمۇ، چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلە بولمىسىلا، يېنىكلىك
بىلەن تۇتقىغا كۆتۈرمەسلىكىمىز، مەسىلىنى يېنىكلىك بىلەن
مىللىي مەسىلە يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرمەسلىكىمىز كېرەك. ئەگەر ئەسەرلەردە نۇقسان بولسا
توغرا نىيەتتە كۆرسىتىپ، تۈزىتىشكە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز-
گە مىللەتنىڭ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان ئارتۇقچىلىقى، شۇنداقلا دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تە-
لىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، قالاق، كونا نەرسىلىرى بولىدۇ، خەنزۇلاردىمۇ، باشقا مىل-
لەتلەردىمۇ بولىدۇ. ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى ياخشى تەرەپلەرنىلا يېزىشنى
تەلەپ قىلىپ، نۇقسانلارنى يېزىشقا يول قويماسلىق، يازغان ھامان تۇتقىغا كۆتۈرۈپ
تەنقىد قىلىشلىق، يازىدىغانغا ئادەم چىقماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي يازغۇچىلارنىڭ
خەنزۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان، خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭ ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشىنى قارشى ئېلىش كېرەك.
ئەسەرلەردىكى مەلۇم كونكرېت ۋەقەلەر، بەزى نۇقسانلار تۈپەيلىدىن ئۇنى تامامەن ئىن-
كار قىلىۋەتمەسلىك كېرەك. بولۇپمۇ ئوخشاشمايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەن-
ئەت خادىملىرى ئارىسىدا بەزى نۇقسان ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنىش تەس، بۇنىڭغا
قارىتا توغرا نىيەت بىلەن تەنقىدىي ياردەم بېرىش پوزىتسىيىسىدە بولۇش كېرەك. ئەگەر
تامامەن ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ھەممە نەرسىسىنى—
ياخشىسىنىمۇ، يامىنىنىمۇ قوغدىساق، نوقۇل مىللەتچىلىك مەيدانىدا تۇرۇپ
پىكىر قىلساق توغرا بولمايدۇ. مۇنداق قىلغاندا مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىدىن
زادىلا سۆز ئاچقىلى، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ
يەردە ھەم يازغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھەم كىتابخاننىڭ پوزىتسىيىسى مەسىلىسى بار. ئەدەبى-
يات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە پايدىسىز بۇنداق مەسىلىلەرنى جەزمەن تۈزىتىش كېرەك.

ئالتىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئەدىب -
سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. مۇشۇ بىر قانچە
چە يىلدىن بۇيان، بۇ مەسىلىدە رەھبەرلىكتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەيلى ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە مەدەنىيەت
نازارىتى بولسۇن، تەشەببۇس قىلىش يېتەرلىك بولمىدى. بولۇپمۇ يازغۇچىلارنىڭ تۇر-
مۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشىنى تەشەببۇس قىلىش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارغا مۇشۇ جە-
ھەتتە شارائىت يارىتىپ بېرىش يېتەرلىك بولمىدى. مەسىلەن، خىراجەت مەسىلىسى
ياخشى ھەل قىلىنمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدىب - سەنئەتكارلارنىڭ تۇرمۇشقا چۆكۈشى قى-
يىن بولدى. يازغۇچىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە

كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولمىدى، تۆۋەنگە بېرىشنى ئانچە خالىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر بۇرۇنقى ۋاقىت بولسا، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمى يامراپ كەتكەن ئەھۋالدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسىدە ئەسەردە ئۆزىنى ئىپادىلەش خاھىش قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، يازغۇچى ئۆيگە بىكىنىۋېلىپ، كىتابخانلار چۈشەنمەيدىغان، كۆرۈشنى خالىمايدىغان، ئاپتور ئۆزى يېزىپ، ئۆزى كۆرۈپ، ئۆزى داڭلايدىغان ئەسەرلەرنى يازسىمۇ بولاتتى. ئەمما ھازىر ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمى تەنقىد قىلىنغان ئاساستا، پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېڭىنى ئۆستۈرگەن، ئۆزىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەر كاساتلاشقان ئەھۋالدا، ئەگەر يازغۇچىلار تۇرمۇشقا، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئارىسىغا چۆكمىسە، ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يازمىقى ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. ئەدىب ـ سەنئەتكارلارنىڭ رېئال تۇرمۇشقا چۆكۈشى، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىشى، يالغۇزلا خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئىجادىيەتنىڭ تۈنجى مەنبەسى ئىكەنلىكى مەسىلىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى دەۋرنىڭ بىزدىن كۈتكەن تەلىپىدۇر. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماي ئىشخانىدا ياكى ئۆيدە ئولتۇرۇۋالغان بىلەن ياخشى ئەسەر يازغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەدىب ـ سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ يېزىلارغا، زاۋۇتلارغا، قىسىملارغا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىشىنى، ئىجادىيەت مەنبەسىنى بېيىتىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشىمىز، قارشى ئېلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئەڭ توپ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولالايدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلەيدۇ.

يەتتىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىستېمىسىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى جەزمەن كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى، نازارەتچىلىك، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگاردلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئۈنۈملۈك تۈردە كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ تېز گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر «دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدا» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ئاساسىدا، ئىدىيە جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىشنى ئېلىپ بېرىپ، ئىجادىيەت نىشانىنى توغرىلىشى كېرەك. تەشكىلىي جەھەتتە، لاياقەتسىز يازغۇچى، سەنئەتكارلارنى تەرتىپكە سېلىپ، كەسپىي قوشۇننى ياخشى قۇرۇش كېرەك. ئەدەبىي ژۇرناللارنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى جەزمەن ماركسىزمدا، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىدا، ۋەتەن بىرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان يولداشلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش كېرەك. تەھرىرلەر قوشۇنىنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆتكەلنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ياكى ئاڭلىق ـ ئاڭسىز ھالدا ئەركىنلەشتۈرۈشكە يانتاياق بولىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ژۇرناللىرىمىزدا ئېلان قىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز

كېرەك. ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ھەرمىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنى، سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە ئورتاق تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ھەربىر كومپارتىيە ئەزاسى خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ دېگەندەك: پارتىيىۋىلىكتە چىڭ تۇرۇشى، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشى، پارتىيە نىزامنامىسى ۋە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشى، ئالاھىدە بولۇۋالماسلىقى، ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىۋالماسلىقى كېرەك. ئۆتكەن يىللىقى مالىمانچىلىق مەزگىلىدە، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى بەزى پارتىيە ئەزالىرى نەسىھەتكە قۇلاق سالمىدى، پارتىيە تەشكىلىنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلمىدى، بۇ تولىمۇ خاتا ئىدى. مۇندىن كېيىن مۇنداق ئىشلارنىڭ تەكرارلىنىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك. بىز ئۆتكەن يىللىقى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شەرقىي ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئېغىر ۋەقەنىڭ ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، كوممۇنىزم، سوتسىيالىزملىق ئېتىقادىمىزنى قەتئىيلەشتۈرۈشىمىز، پارتىيە رەھبەرلىكىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، شىنجاڭنىڭ تىنچ ۋەزىيىتىنى قوغدىشىمىز، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنى سوتسىيالىزم يولى بىلەن تېخىمۇ تېز گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك. چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، بىز ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارىدىغان، ھەربىر كومپارتىيە ئەزاسى ئۆزىمىزنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى ئاڭلىق جارى قىلدۇرىدىغانلا بولساق، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدىن زور ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىمىزدىن زور ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.



ئالمجان ئىسمايىل

# ئۇي مەھەللىنىڭ ئادەملىرى

(ھېكايە)



مانا مۇشۇ تېرەكلىك كوچا مېنىڭ
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللەم، شەھەرنىڭ
شەرقىي چېتىدىكى بۇ كوچىنىڭ ئىسمى مەن
ئېسىمنى بىلسەم «ئۇي مەھەللە» دەپ ئا-
تىلاتتى، كېيىنچە كىملەردۇر ئۇنى «5 -
كوچا» دەپ ئۆزگەرتتى، مەدەنىيەت ئىنقى-
لابىغا كەلگەندە بولسا «قىزىلبايراق» دەپ
نام ئالدى، لېكىن نېمىشقىدۇر كېيىنكى بۇ
ئىسىملار بۇ كوچىغا زادىلا يۇقمىدى، كى-
شىلەر ھامان شۇ كونا «ئۇي مەھەللە» دې-
گەن نامنى تاشلىمىدى.

ئۇي مەھەللە ــ ئىلگىرى پەقەت رو-
زىيوپكاملارنىڭ تاختايلىق ئۆيىنى ھېسابقا
ئالمىغاندا ماختانغۇدەك تۈزۈككىنە ئۆيلىرى
يوق كونا مەھەللە ئىدى، كوچا ئىسمىغا لا-
يىق ئۇيغا جايلاشقاچقا ئەتىياز، كۈزلۈكى
كوچىدىن پاتقاق قۇرۇمايتتى، يازلىقى توپا
ئۆرلەپلا تۇراتتى. قىسقىسى مەن ئۆز مەھەل-
لەمدىن بىزار ئىدىم. تەلىيىمگە 9173 - يىلى
ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كەتتىم، ئوقۇشنى تۈگى-

تىپمۇ ئۆز يۇرتۇمغا قايتقۇم كەلمىدى، مەھەللىنىڭ پاتقاقلىرى كۆز ئالدىمغا كەلسىلا رايىم ياناتتى، ئۈرۈمچىدە ئۆي - ئوچاقلىق بولدۇم، مانا بالىلىرىمنىڭ ئالدى ئون نەچچە ياشقا كىرىپ قالدى، ئادەم ياشقا چوڭايغانسېرى نېمىشقىدۇر ئۇرۇق - تۇغقاننى، ئۆز يۇرتىنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالىدىكەن، «ئۇي مەھەللە» نىڭ ئاشۇ توپىلىق كوچىسى پات - پاتلا كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئارام بەرمەيتتى، ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانامنىمۇ يوقلايدىغان يېرى كەلگەنىدى، ئاخىرى يازلىق تەتىلگە توغرىلاپ ئائىلەم بويىچە يۇرتقا سەپەر قىلدۇق.

مانا نەق 15 يىلدىن كېيىن ئۆز مەھەللەمگە كېلىشىم، مېنى بۇ كونا مەھەللىدىكى ئۆزگىرىشلەر ھەيران قالدۇردى، ھېلىقى مەن بىزار بولىدىغان توپىلار يۇتۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا يوللارغا قاراماي ياتقۇزۇلۇپتۇ، كوچا تاپتازا، ئىلگىرىكى پاكار، كېسەك ئۆيلەرنىڭ ئورنىغا خىش بىلەن بىر - بىرىدىن ھەشەمەتلىك كۆتۈرۈپ سېلىنغان بىنالار، رىشاتكا قويغان پېشايۋانلار قەد كۆتۈرۈپتۇ، خىشتىن گۈل چىقىرىپ ئىشلەنگەن نەقىشلەرنىڭ چىرايلىقلىقىنى دېمەيسىز تېخى، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ كونا ئۆيىمىزنى بۇزۇپ خېلى تۈزۈكلا تۆت ئېغىزلىق ئۆي سېلىۋاپتۇ، بۇلارغا قاراپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى، ئۈرۈمچىلىك ئايالىمنىڭ ئالدىدىمۇ مەھەللىمىزنى ئۇچۇرۇپ خېلى ماختىنىۋالدىم.

بىر ئاينىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدىم، ماڭا ھەممە نەرسە يېڭىلىق تۇيۇلاتتى، مەن بارا - بارا شۇنىي ھېس قىلىشقا باشلىدىمكى، ھايات مەھەللىمىزنىڭ قىياپىتىنىلا ئەمەس، بۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىمۇ غەلىتىلا ئۆزگەرتىۋەتكەندەك تۇرىدۇ، قىممەتلىك كىتابخان، مېنىڭ سىلەرگە ھېكايە قىلىدىغىنىم ئەنە شۇ مەھەللىدىكى بەزى كىشىلەر توغرىسىدا بولىدۇ...

## يۇرت بېشى

مەھەللىگە كېلىپ، ماڭا يېڭىلىق تۇيۇلغان تۇنجى ئىش — ئەزان بولدى. ئۇ مېنى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغاتتى، تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەن، دېرىزىدىن خىرە - شىرە يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى، ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىن چىققاندەكلا ياڭرىغان ئەزان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم، مەزىننىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ تۇۋلىغان مۇڭلۇق ئاۋازى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئاڭلىمىغاچقىمۇ مېنى خۇددى باشقا بىر جاھانغا كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا چۈمدۈردى. بىز ئۈرۈمچىدە رادىئودىن بېرىلىدىغان مۇزىكا، ناخشىلار بىلەن ئويغىناتتۇق، بۇ يەردە بولسا كىشىلەر ئەزاننىڭ نالىلىق ئاۋازى بىلەن يېڭى كۈننى كۈتۈۋالىدۇ.

يېنىمدا ياتقان ئىنىم ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ مېنى ئويغىتىۋەتمەي دېدىمۇ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سىرتقا ماڭدى.

— مەسچىتكە چىقامسەن؟ — دەپ سورىدىم مەن سەل ئەجەبلىنىپ.

— ھەئە ... — دېدى ئۇ توختاپ، — سەنمۇ ئويغىنىپ كېتىپسەندە ...

— ئەزان ئويغىتىۋەتتى، — دېدىم مەن قوپۇپ ئولتۇرۇپ، — مەسچىت يېقىنلا ئوخشىمامدۇ؟

— يۇقىرىدىلا، تۇراقكامنى بىلىسەنغۇ، شۇ تۇراقكام ئۆز ھويلىسىغا كاتتا قىلىپ مەسچىت سالدۇردى...

ياندىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ دادامنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن نامازغا چىقىپ كېلەي،— دېدى ئىنىم ئالدىراپ، — سەن ھەقىچان ناماز ئوقۇمايدىغانسەن؟

ئۇ خۇددى بىز ئەتىگىنى خىزمەتكە ئاپىرىدىغان ئاپتوبۇسقا ئالدىرىغاندەك گېپىنى ئۈزۈپ، چۆگۈننى كۆتۈرگىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى.

مېنىڭ ئۇيقۇم قېچىپلا كەتتى، كاللامغا بولسا ئىنىمنىڭ «تۇراقكام ئۆز ھويلىسىغا مەسچىت سالدۇردى» دېگەن گېپى كىردۇالدى، توۋا، ئاشۇ تۇراقكام شۇنداق قىلدۇرغان بولسا ھە... ئېمىشقىدۇر بۇ گەپكە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، چۈنكى، مەن تۇراقكامنى ياخشى بىلمەندە، ئۇ مەن ئېسىمنى بىلسەم مەھەللىمىزنىڭ مۇدىرى ئىدى، ئورا كۆز، قاتما، ئورۇق كەلگەن بۇ ئادەم ھەممىشەم كۆك خادانىدىن كادىرچە چاپان ـ ئىشتان، بېشىغا سېرىق شەپكە كېيىپ يۈرەتتى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» غا كەلگەندە كۆك كىيىمنىڭ ئورنىغا سېرىق ئالماشتى، مەيدىسىگە قاتار قىلىپ ئىزناكلارنى تاقىدى، مۇرىسىدىن بولسا قىزىل كىتاب قاچىلانغان سېرىق سومكا چۈشمەيدىغان بولدى.

ئۇ ھەممىشەم قاپىقىنى تۈرۈپلا يۈرەتتى، شۇڭلاشقىمۇ مەھەللىدە چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن ئۇنىڭ تۇرقىدىن چۆچۈيتتى، ئانىلار: «ئەنە، تۇراق جۇرېن كېلىۋاتىدۇ!» دېسە قەغىشلىك قىلغان باللىرى شۇ ھامان جىم بولاتتى، مېنىڭ ئېسىمدىن بىر ئىش زادىلا چىقمايدۇ، بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى تازاقىزىپ، تۆت كونىنى يوقىتىش باشلانغان چاغلار ئىدى، بىر كۈنى ئەتىگەندىلا تۇراقكام ۋارقىراپ ـ جارقىراپ پۈتۈن مەھەللە ئادىمىنى يىغدى، ئاندىن جامائەتكە بۈگۈن تۆت كونىنى يوقىتىشقا بارىدىغانلىقلىرىنى، بۈگۈن ھەر بىر ئادەمنىڭ ساداقىتىنى سىنايدىغان كۈن ئىكەنلىكىنى ئۇزاق چۈشەندۈردى، ئاندىن ئەڭ ئالدىدا بايراقنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ئۆي مەھەللىنىڭ جامائەتىنى باشلاپ ماڭدى، ھەممەيلەن نەگە بېرىپ نېمىش قىلىدىغانلىقلىرىنى ئۇقالماي ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى، پەقەت «بۇلاق» مەھەللىسىدىكى ئاق مەسچىتكە كەلگەندىلا ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ ھەممەيلەننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ھەيۋەتلىك مەسچىتنىڭ ئالدى ئادەملەر بىلەن تولغان، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئىدارە كادىرلىرى، قوشنا مەھەللىنىڭ ئادەملىرى سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرۇشاتتى، داقا ـ دۇمباقلار گۈلدۈرلەيتتى، شوئارلار توۋلىنىپ تۇراتتى، لېكىن ھېچكىم بىرىنچى بولۇپ مەسچىتنىڭ پەشتىقىغا دەسسەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، بىر چەتتە ئاپئاق ساقال ئاخۇنۇملار يەرگە قاراپ تۇرۇشاتتى، بىر كەمدە پۈتۈن توپ ھوۋۇلداپ تەۋرىنىپ كەتتى، ھەممەيلەن مەسچىت پەشتىقىغا يۈزلەندى، بۇ چاغدا مەسچىتنىڭ پەشتىقىدا قولىدا جوتۇنى تۇتۇپ تۇراقكام پەيدا بولدى، ئۇ خۇددى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇرغان ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىۋاتقان قوماندانىدەك مەيدىسىنى كېرىپ تۇرۇپ قول شىلتىدى.

— ئىنقىلابىي يولداشلار! — دېدى ئۇ بىر قولىدا ئۈزۈندىنى پۇلاڭلىتىپ،— ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى بىزگە: بۇزمىغۇچە قۇر-

غىلى بولمايدۇ، دەپ تەلىم بېرىدۇ، مانا بۇ مەسچىت تارىختىن بۇيان بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنى زەھەرلەپ كەلگەن جاھىل قورغان، بۇ ئۇگىنى بۇزۇپ تاشلىمىغۇچە ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىسى تەلتۆكۈس غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ، جىن، شەيتانلار تۈگىمەيدۇ، شۇڭا بىز بۈگۈن بۇنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلىشىمىز كېرەك...

ئۇ شۇنداق دېدى-دە، قولىدىكى جوتۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالدىدىكى كىچىككىنە مۇنارغا زەرب بىلەن ئۇردى، مۇنارنىڭ ئۇستىدىكى ئاي بەلگىسى قومۇرۇلۇپ يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى، ئۇ غالجىرلاشقان قىياپەتتە تەلۋىلىك بىلەن ئۇتتۇر كەلگەن يەرگە جوتۇ ئۇراتتى، ئاكىغىچە تۇراقكامدىن تەسىرلەنگەن ئىنقىلابچىلار ئارقا-ئارقىدىن ھەشاقتا پەيدا بولدى، بىردەمنىڭ ئىچىدە خېلىلا چوڭ بۇ مەسچىتنىڭ ھەيۋەتلىك قۇببىسى يەر بىلەن يەكسان بولدى...

تۇراقكام ئىنقىلابىي مەيدانى ئەنە شۇنداق مۇستەھكەم، جاراڭلاپ تۇرغان ئاكتىپ ئادەم ئىدى، ئەمدى ھازىر نېمە بولغىنى؟...

چۈشكە يېقىن ئىنىم ئىككىمىز كوچىغا چىقتۇق، مېنىڭ كاللامغا نېمىشقىدۇر تۇراقكام بىلەن ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى مەسچىت كىرىۋالدى، تۇراقكامىنىڭ ئۆيى بىزنىڭ قورۇدىن ئىككى ھويلا نېرىدا ئىدى، مەسچىتنىڭ ئېگىز پەشتىقى يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، مەسچىت ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، پەشتىقى خېلىلا ھەيۋەتلىك ئىدى. گۈمبىزىگە كاھىش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ پارقىراپ تۇراتتى.

— تۇراقكام قانداق بولۇپ ھويلىسىنى مەسچىتكە بەردى؟ — دەپ سورىدىم مەن ئاخىرى ئىنىمدىن.

— خۇدايىم دىلىغا ئىمان سالغانلىقتىن-دە، قىلغان گۇناھلىرىنى بىر يۇياي دېگەن بولسا كېرەك، ھەر ھالدا ساۋابلىق ئىش قىلدى، مەسچىتكە يەر بەردى، ئاندىن ئۆزى باش بولۇپ جامائەتتىن يىغىش قىلىپ ئاخىرى مۇشۇ مەسچىتنى ئۆرە قىلدى، ئاسان ئەمەس-تە...

— ئۇ ھازىرمۇ مەھەللىنىڭ مۇدىرىما؟

— ياقە، ئىنقىلابتىن كېيىنلا مۇدىرلىقنى تاشلىدى، پارتىيىدىنمۇ تەلەپ قىلىپ يۈرۈپ چىقىۋالدى، ئۇزۇن بولدى مۇشۇ مەسچىتكە مەزىنلىك قىلىۋاتىدۇ.

— مەزىن؟!

— ھە، ئەتىگەن سېنى ئويغاتقان شۇنىڭ ئاۋازى، قانداق، ئاۋازى سازمىكەن؟!... ئەنە ئۆزىمۇ كېلىۋاتىدۇ، توۋا، ئاخىر زامان بولۇۋاتامدۇ نېمە، كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كېلىۋاتامدا...

كوچىنىڭ ئۇبېشىدىن بېشىغا چىرايلىق قىلىپ يوغان سەللە يۆگىگەن، ئۇچىسىغا ئاق شايىدىن يەكتەك كىيگەن ئورۇققىنا ئادەم مەسچىتكە قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئورۇق، قاتما يۈزى يوغان سەللىنىڭ ئاستىدا كۆرۈنمەيلا قالغانىدى، مۇشۇ ئادەمنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مەن بىلىدىغان تۇراقكام ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،— ئىنىم ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭغا سالام قىلدى، تۇراقكام جاۋاب قايتۇردى، ئۇنىڭ چىرايى ئىلگەركىدەكلا سۇرلۇك ئىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا سالام قىلدىم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،— ئۇ مەم-

ئۆنلۈق بىلەن ئالدىرىماي سالام ياندۇردى ۋە كېلىنى سالاپەت بىلەن قىرىپ قويۇپ ئۆتۈپ ماڭدى.

— تۇراقكا، مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟— مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سورىدىم.

ئۇ گۇنىسز، ياشاڭغۇراپ تۇرغان كۆزىدە ماڭا بىر پەس تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن مېنى تونۇدى:

— ۋاھ، يارمۇھەممەتمۇ سەن؟ تىنچ ئامانچىلىقمۇ، يوقاپلا كەتتىڭغۇ، ئۇزۇن يىللار بولۇپتۇ، ئەلەكمۇللا، ئامانچىلىقلا بولسا ئاللا - ئىگەم دىدارلاشتۇرىدىكەن...

— يېڭى خىزمەتلىرىگە مۇبارەك بولسۇن،— دېدىم مەن بىز هال - ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن.

— خۇدا يولدا خىزمەت قىلىۋاتىمىز ئۇكا، مۇسۇلمان بەندىسى ئۇ دۇنيالىقىنى ئويلىمىسا بولامدۇ؟ ياراتقان ئىگەم ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ...

مەن، ئەجەب مەسچىتنى چاقىقان ۋاقتىڭدا ئۇ دۇنيانى، دوزاخنى ئويلىمىغانتىڭغۇ، خۇدانىڭ كۆزى بولسا بەلكى ھەممىدىن بۇرۇن سېنى كۆرگەندۇ، دېدىم ئىچىمدە، مەن ئۇنىڭغا لايىقىدا بىر گەپ قىلاي دەپ تۇراتتىم، ئاڭغىچە ئۇ كۈنگە بىر قاراپ قويدى-دە،

— پېشىن بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، مەن ئەزان ئېيتىۋېتەي...— دېدى-دە، ئالدىراپ يېنىك قەدەم تاشلاپ مەسچىت ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ھايال ئۆتمەي مەسچىت ئاسمىنىدا ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ياڭرىدى:

— ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر؟...

## كېيىن كەلگەن ئەقىل

چوڭ بولغان مەھەللەمنى ئارىلاپ كېلىۋاتىمەن، مەن ئۇنىڭغا قانچە زەن قويغانسېرى ئۆزگىرىشلەرنىڭ شۇنچە كۆپلىكىنى سېزىۋاتىمەن، ھايات ئۆزگەرگەن، كىشىلەرمۇ ئۆزگەرگەن...

مانا، مېنىڭ ئالدىمدا تاملىرى ھاۋارەڭ ئاقارتىلغان چىرايلىق پېشايۋانلىق قورۇ تۇرۇپتۇ، ئۆينىڭ تاملىرى يېرىمىغىچە پىششىق خىشتا گۈل چىقىرىپ سېلىنىپتۇ، مەن بۇ قورۇنىڭ ئىگىسىنى ئېسىمگە ئېلىشقا تىرىشتىم، توغرا، بۇ ھويلىدا روزىيوپ ئاكا ئولتۇراتتى، قارىغاندا ئۇلارمۇ ئۆيىنى باشقىدىن سالغاندەك تۇرىدۇ.

— ئېسىڭدە بار ئىكەن،— دېدى ئىنىم مېنىڭ كېپىمنى تەستىقلاپ،— بۇ شۇ روزىيوپ ئاكامنىڭ قورۇسى، ئۆتكەن ياز يېڭىلاپ سالدى، قالتىس ئىشلەپ سالدىغۇ، لېكىن ئۆزى ئولتۇرمىدى، ئۇ ئادەمنىڭ ئىدارىسىدا ياخشى ئۆي بار، بۇ ئۆيلەرنى ئىجارىگە بېرىپ قويدى. 80 مىڭغا چىقسا ساتىمەن دەۋاتقۇدەك.

— نېمىشقا مۇشۇنداق ھاۋالىق يەردە ئۆزى ئولتۇرمىغاندۇ؟

— قىزىقسەن-دە ئاكا، ئىدارىسىنىڭ ئەرزان ئۆيى تۇرسا، ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ نېمە قىلىدۇ؟ ئاڭلىشىمىزچە ئۇنىڭ دۆڭمەھەللىدىمۇ بىر قورۇ - جايى بارمىش، ھازىر ئېپى بارلار يامان بولۇپ كەتتى، ھوقۇقنىڭ بارىدا قىلىۋاتىدۇ.

روزىيوپ ئاكام مېنىڭ بىلىشىمچە بىزنىڭ مەھەللىمىزدىن چىققان چوڭ باشلىق ئىدى. مەن كىچىك چاغلاردا ئۇ ئادەم پاگونلار تاقالغان ھەربىي كىيىم كىيىپ يۈرەتتى، ئۇ كىيىملەر ئۇنىڭ قامەتلىك بەستىگە بەك ياراشاتتى، بىز ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتەتتۇق، مەن ئۆز كۆڭلۈمدە، چوڭ بول-

سام روزىيوپ ئاكامدەك ھەربىي بولمەن،
دەيتتىم، 1958 - يىلى بولسا كىرەك، ئۇ
ئادەم ھەربىيلىكتىن ئالمىشىپ ۋىلايەتلىك
سوتقا باشلىق بولدى، سۆزلۈك، كەم سۆز
بۇ ئادەمدىن مەھەللىدە ھەممە ئادەم تەپ-
تارتاتتى، ھۆرمەت قىلاتتى، كېيىن مەدە-
نىيەت ئىنقىلابىدا ئۇ بەك خاراب بولۇپ
كەتتى.

شۇ ۋاقىتتىكى بىر ئىش مېنىڭ ئې-
سىمدىن ھازىرغىچە چىقمايدۇ، مەن ئۇ چاغ-
دا مەكتەپتە ئوقۇغۇچى ئىدىم، ئىنقىلاب
تازا ئەۋجىگە چىقىپ ھوقۇقدارلارنى تۇتۇش
باشلانغان چاغلاردا بۇ ئادەمنى بىزنىڭ
مەكتەپتىكى تەشكىلات تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى.
ئەتىسى مەكتەپنىڭ زالىدا ئۇنىڭ ئۈستى-
دىن كۆرەش ئېلىپ بېرىلدى، ئۇنىڭ بوي-
نىغا ئىنچىكە سىم بىلەن يوغان تاختا ئې-
سىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئەشەددىي مىللەت-
چى، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»
دەپ يېزىلغانىدى، كۆرەش جەريانىدا ئۇ
بىرەر جىنايىتىگىمۇ ئىقرار قىلمىدى، ھەم-
مىنى رەت قىلدى، ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا سۆر-
لۈك ۋە مەغرۇر تۇراتتى، ئىسيانچىلار ئۇ-
نىڭ بويىنىنى ئېگىشكە قانچە تىرىشسىمۇ، ئۇ
يەنە تىك تۇراتتى. ئۇكۈنكى كۆرەش
يىغىنىدىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى، ئەك-
سىچە روزىيوپنىڭ ھەيۋىسى تېخىمۇ ئاشتى،
شۇ كۈنى كېچىدە ئۇنى قاتتىق ئۇرغانلىقىنى
ئاڭلىدۇق، ھەتتا ھوشىدىن كېتىپ كېچە-
سى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قۇتقۇزۇپ قاپ-
تۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنى
ھاجەتخانا تازىلاشقا چىقىرىپ قويىدى، ئۇ
ئىلگىرىكىدەكلا قەددىنى تىك تۇتۇپ يۈرەت-
تى، لېكىن بۇرۇنقىدىن جىق ئورۇقلاپ،
قارىداپ كەتكەنىدى. ئازادلىق ئۈچۈن قان

كېچىپ جەڭ قىلغان، شۇنداق ئابرويلۇق
ئادەمنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا مېنىڭ
ئىچىم ئاغرىيتتى، مەن ئۇنىڭغا قولۇمدىن كەلگى-
نىچە بىرەر ياخشىلىق قىلىشنى ئويلاپ دادامغا
دېۋىدىم، ماڭا بىر خالتا موخۇركا ئېلىپ
بەردى، مەن بىزنىڭ ئىسيانچىلار كوچىغا
نامايىشقا چىقىپ كەتكەن چاغدا ئۇنىڭ
ياتىقىغا كىردىم. ئۇ مەكتەپنىڭ ئامبار
قىلىنغان كونا ئۆيىدە ياتاتتى، ئۇ ئاستىغا
پاخال يېيىتىلغان كىرالەشكەن يوتقان - كۆر-
پىلەر ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ياتقانىكەن،
مېنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى.

— روزىيوپ ئاكا،— دېدىم مەن ئۇ-
نىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ،— بۇنى
سىلىگە دادام ئەۋەتكەنىدى...

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا تاماكىنى قويدۇم،
ئۇ تېڭىرقاپ قالدى.

سەن كىمنىڭ بالىسى؟— دېدى ئۇ
ماڭا سىنچىلاپ قاراپ.

— ئوي مەھەللىدىكى قاسىم ئۇستى-
نىڭ...

— ھە، قاسىم ئۇستىنىڭ ئوغلىمەن
دېگىن، دادىڭ تىنچ ئامانمۇ؟

— ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، سىلىنى چې-
كىپ باقسۇن دەپ ئازراق موخۇركا ئەۋەت-
كەنىدى.

— شۇنداقمۇ،— ئۇ خۇشال كۈلۈمسىرى-
دى،— تازىمۇ ياخشى بوپتۇ، ئادەم ھەممىگە
چىدايدىكەن، تاماكىنىڭ خۇمارىغا چىدىمايدى-
كەن ... داداڭغا كۆپ رەھمەت، قوشنىدار-
چىلىقنى يەتكۈزدى، ئامان بولسام مەنمۇ
بۇ ياخشىلىقنى بىر كۈنى ياندۇرارمەن...

ئۇنىڭ يادىڭغۇ چىرايىغا قاراپ ئى-
چىم سىيرىلىپ كەتتى.

— روزىيوپ ئاكا،— دېدىممەن ئۇنىڭغا

ئىچىنىغان هالدا،ــ ئۆزلىرىگە كۆپرەك
دىققەت قىلىسلا...

ــ هېچقىسى يوق ئوغلۇم، گومىند-
داڭىنىڭ تۈرمىسىدە بۇنىڭدىنمۇ قاتتىق
قىيناشلارنى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ
نېمە، بۇ كۆنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ...

ئۇنىڭ قەيسەرلىكى، كەلگۈسىگە
بولغان ئەقىدىسى مېنى هاياجانغا سالدى،
ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى هەربىيلەر
هوقۇقدارلارنى ئۆزگەرتىدىغان دېهقانچىلىق
مەيدانىغا ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كې-
يىن مەن ئۇنى كۆرەلمىدىم...

ئاڭلىسام ئىنقىلابتىن كېيىن ئۇ
ئادەمگە خېلى بىر يىللارغىچە خىزمەت
بەرمەپتۇ، نېمىشقىدۇر كېيىنچە ئۇنى
باج ئىدارىسىگە ئادەتتىكى كادىر قىلىپ
يەلگىلەپتۇ.

ــ شۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم
قىلدى،ــ دېدى ئىنىم ماڭا چۈشەندۈرۈپ،ــ
ئۇ ئادەمنىڭ روهى بەك چۈشۈپ كەتتى،
بىر مەزگىل ئىچىملىككە بېرىلىپ
كەتتى، تولا چاغلاردا كوچىدا مەست يېتىپ
قالغانلىقىنى كۆرەتتۇق، شۇنىڭغا قارىغاندا
ئەمەلدىن چۈشۈپ كېتىشمۇ يامان خورلۇق
ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ هەسرىتى يامان بول-
سا كېرەك. ئۇقساق ئۇ ۋىلايەتتىكى
ئا شۇجى بىلەن كونا رەقىبلەر ئىكەن،
ئا شۇجى ئۇنى ئەتەيگە چەتكە قاققان ئىكەن.
ئا شۇجى بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كېتىشۇ-
دى، روزدىيوپكامىنىڭ ئامىتى كەلدى. هازىر-
قى ياسىن شۇجى ئىلگىرى ئۇنىڭ قول
ئاستىدا ئىشلىگەن ئىكەن، ئۇزۇنغا قالماي-
لا ئۇنىڭ ئەمىلى ئەسلىگە كەلدى. بۇ
ئادەمنىڭمۇ ئېپى بار ئىكەن. ئۆيىدە
پات-پاتلا ۋىلايەتنىڭ باشلىقلىرى پەيدا
بولۇپ تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇشىدىغان بول-
دى. بۇ ئادەمگە بۇ ئەقىل نەدىن پەيدا
بولدىكىن، هەر هالدا ئەجىرى بىكارغا كەت-
مىدى، ئىككى بالىسىنى ئوقۇشقا ئەۋەتى-
ۋالدى، بىر بالىسىنى بازار باشقۇرۇشقا
ئورۇنلاشتۇردى. ئۆزى هازىر تاشقى سودا
ئىدارىسىگە باشلىق. شۇ هوقۇق، مېهماندار-
چىلىقنىڭ كۆچى بىلەن زېمىننىمۇ مۇشۇن-
داق كاتتا سېلىۋالدى.

ــ هازىرمۇ ئىچىپ تۇرامدۇ؟

ــ بۇرۇنقىدەك كەلسە-كەلمەس ئىچ-
مەيدۇ. يازدا پات-پات مۇشۇ قورۇغا چى-
قىپ ئوينايدۇ. بۇ يەرگە كېلىدىغانلار
ساپلا باشلىقلار. ئادەم دېگەن قالتىس
ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن...

توغرا، تۇرمۇش قايسى ئادەملەرنى
ئۆزگەرتمىگەن...

## پىچاق هەققى

يۇرتقا كېلىپ مېهماندارچىلىقتا كۆپ-
رەك بولۇپ گۆش-مايىنى زىيادە يەۋەتكەنلى-
كتىنمۇ كونا كېسىلىم ــ ئۆت ياللۇغى قوزغى-
لىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم، ئۆيدى-
كىلەر پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، هېلىمۇ
ياخشى دوختۇرخانا يېقىن ئىدى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ
بولغان ئادىل دەل مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ
تاشقى بۆلۈمىدە ۋىراچ ئىكەن، بۇنى ئۇ-
قۇپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى، ئۇ هەر كۈ-
نى نەچچە قېتىم كىرىپ هال-ئەهۋالىمى-
نى سوراپ تۇراتتى.

ــ كىچىكىمدەجىق بوزەك قىلاتتىڭ،
ئەمدى قولۇمغا ئەجەب چۈشتۈڭ، بۇدا

بار ئەنتەمنى ئېلىۋالارمەن،— دەيتتى ئۇ مەن بىلەن چىقىشىپ،— ئۆتتۈك بىلەن قوشۇپ قوۋۇرغىلىرىڭىنىڭ بىرەرسىنى ئېلىۋەتمەيدىغان بولسام.

— ئوپېراتسىيە قىلامسىلەر؟

— قىلمىساق بولمايدۇ، يېرىلىپ كەتكىلى قىل قاپتۇ... خاتىرجەم بول، ئۆزۈم قىلىمەن...

بىر بۆلۈمدە تۆت كېسەل ياتاتتۇق، قالغان ئۈچەيلەننىڭ ئىككىسى ماڭا ئوخشاش ئۆت ياللۇغى ئىدى، بىرسى ئاشقازان يارىسى ئىكەن، بىز ئاستا - ئاستا تونۇشۇپ قالدۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، سېمىز رەك، چەت ناھىيىدىن كەلگەن كېسەل ماڭا بۆلەكچىلا يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. پات - پاتلا مېۋە - چېۋىلەرنى يېيىشكە زورلايتتى، قايناق سۇ ئەكىرىپ بېرەتتى، 3 - 4 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىمىز ياتاقتا خالى قالغاندا ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى:

— سىز ئادىل دوختۇر بىلەن بىر مەھەللىلىك ئوخشايسىز - ھە؟

— ھەئە، بىز بىللە ئويناپ چوڭ بولغان.

— تەلىيىڭىز بار ئىكەن، سىزنى ئادىل دوختۇر ئۆزى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان بولدى، ئاڭلىساق، ئۇنىڭ قولى بەك يېنىك دەيدۇ، مەن ناھىيىدىمۇ قىلدۇرماي بۇ يەرگە كېلىۋىدىم، تونۇشمىغاندىن كېيىن بىر نېمە دېمەك قىيىن ئىكەن، ئۇ ئادەتتە ناھايىتى چوڭ ئوپېراتسىيىلەرگىلا كىرىدىكەن، بولمىسا شاگىرت دوختۇرلارغا تاشلاپ بېرىدىكەن...

مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ بولدۇم.

— سىزمۇ ئادىلغا قىلغۇزسام دەمسىز؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى:

— ئەمدى قارالڭ جاننىڭ ئىشى ئىكەن، ئۇششاق باللىرىم بار، ئالدىمادىس...

مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— ماقۇل، مەن ئۇنىڭغا دەپ باقاي...

— سىزگە كۆپ رەھمەت!— ئۇ يانچۇقىدىن بىر كاللەك پۇلنى چىقىرىپ يۈز سومنى ئايرىپ ماڭا ئۇزاتتى:

— ئەمىسە ئاز بولسىمۇ مۇشۇنى ئادىل دوختۇرنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويسىڭىز...

— بۇ نېمە ئىش؟— مەن چۆچۈپ كەتتىم.

— ئەمدى بۇغۇ ئادىل دوختۇرنىڭ لايىقى ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، خۇدايىم بۇيرۇسا ساقىيىپ چىقسام تاغدا قوي، كالىلىرىم بار، بىرەر توپاقنى سوقۇم قىلىپ ئەكىلىمەن...

مېنىڭ ئاچچىقىم كەلدى:

— بۇنداق سودىلىرىڭىز بولسا مەن ئارىغا چۈشمەيمەن، ئۆزىڭىز بېرىڭ،— دېدىم مەن پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ،— ئادىلنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟

ئۇ ھودۇقۇپ قالدى.

— سىز بۇ شەھەردە ئىشلىمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟ گېپىڭىزدىن قارىغاندا...

— مەن ئۈرۈمچىدە تۇرىمەن.

— ھە شۇ، سىز ئىنىسىم بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرىڭىز يوق ئوخشايسىز، مەن مانا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ يېتىشىم، ھەم-

مىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن...— ئۇ مېنىڭ ئوڭ يېنىمدىكى كارىۋاتنى شەرەت قىلدى،— ئاۋۇ بۇرادەرمۇ سوۋېتنىڭ بىر پالىزىنى ئادىل دوختۇرنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بەردى، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، شۇڭا ئۇنى ئادىل دوختۇر ئۆزى ئوپېراتسىيە قىلدى، هازىر بۇنداق ئىشلار ئازمۇ؟ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلار ئالىدۇ، نوپۇسنى قوندۇرىدىغانلارمۇ ئالىدۇ، ئاددىيسى پېرىكازچىك جىنىدىمۇ يەيدۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا دوختۇر ئالسا نېمە بوپتۇ؟ جان ئامان قالسا بولدى ئەمەسمۇ؟...

ئۇنىڭغا نېمە دەيسىز، ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىدىمۇ بىر هېسابتا توغرا، ئەمما ماڭا غەلىتە تۇيۇلۇۋاتقىنى، دوختۇرلارنىڭمۇ «پىچاق هەققى» ئالىدىغانلىقىنى هازىرغىچە ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن، شۇنىڭغا قارىغاندا يېگۈزمەيدىغان يەر قالماپتۇ-دە... قولىدا بارلارغۇ بېرىدۇ، يوقلىرىچۇ؟ ئۇلار داۋالاشنىڭ، ياتاقنىڭ، دورا-ئوكۇلنىڭ پۇلىنى تۆلەرمۇ ياكى بۇلارنىڭ گېلىنىڭ غېمىنى قىلارمۇ؟... مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— مۇنداق قىلايلى، بۇ پۇلىڭىزنى ئۆزىڭىز بېرىڭ،— دېدىم ئاخىرى مەن ئۇنىڭغا،— مەن ئادىل دوختۇرغا سىزنىڭ ئەهۋالىڭىزنى دەي، سىزنى ئۆزى ئوپېراتسىيە قىلسۇن، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئەل-ئاغىنە ئادەم، پۇل تەڭلىسەم سەت تۇرىدۇ.

ئۇ ئىككىتايىن بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ئادىل دوختۇر ئۇنارمۇ؟

— ئۇنايدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتىم،— بەك كۆڭلىڭىز ئۇنىمىسا، ئەڭ ياخشىسى ئوپېراتسىيەدىن كېيىن بېرىڭ.

— ئۇ ماقۇل بولدى، ئەمما مېنىڭ گېپىمگە تازا ئىشىنىپمۇ كەتمىدى، ئەتىسى ئادىل كىرگەندە مەن ئۇنى كارىدورغا ئېلىپ چىقىپ كېسەلنىڭ ئىلتىماسىنى ئېيتتىم.

— ئۇنىڭ ساڭا بەك ئەقىدىسى بار ئىكەن، مېنىڭ يۈزۈم ئۈچۈن ماقۇل دەۋەتسەڭ،— دېدىم مەن ئىلتىماس قىلىپ.

ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بىر هازا قاراپ تۇرۇپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— بوپتۇ، لېكىن سېنىڭ ئۇنىڭغا نېمانچە خەيرىخاهلىق قىلىپ كېتىۋاتقىنىڭنى هېچ چۈشىنەلمىدىم.

شۇنداق قىلىپ هەر ئىككىمىزنىڭ - ئوپېراتسىيىسىنى ئادىل ئۆزى قىلدى. بىرەر هەپتىدىن كېيىن خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدۇق، بىر كۈنى كەچتە ئادىل يېنىمىغا كىردى.

— هوي، قوغلىمىغۇچە يېتىۋېرىدىغان ئوخشىمامسەن، مېهمان دېگەنمۇ ئىززىتى بىلەن بولىدىغان،— دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ،— تازا ئۇششۇق كېسەل بولىدىكەنسەندە...

ئۇ كىچىك ۋاقتىدىمۇ شوخ، هەر نەرسىلەردىن ئويۇن تاپىدىغان بالا ئىدى. ياتاقتىكىلەر ئۇنى كۆرۈپ هەممىسى ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىشقا ئۆتتى. مېنىڭ قوشنام هەممىدىن خۇشال ئىدى، ئادىل ئالايىتەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەهۋالىنى سوراپ قويدى. ئادىل كېسەللەر بىلەن بىردەم ئەهۋاللاشقاندىن كېيىن ماڭا:

— زېرىكىپمۇ قالغانسەن، يۈر، ئۆيگە چىقىپ بىردەم پاراڭلىشايلى،— دېدى.

ماڭا ئۇ گەپ تازا خۇش ياقتى، شۇڭا

تۇزۇت قىلماستىنلا ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.

ئادىلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھەيران بولدۇم. ئۇنىڭ ئۆيىدە ھازىرقى زامانىدىكى ئەڭ مودا دېيىلگەن ھەممە نەرسە بار ئىدى. مېنىڭ كۆزۈم بىرىنچى بولۇپ مېھمانخانا ئۆيىنىڭ پولىغا سېلىپ قويۇلغان سوۋېت پالىزىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئايالى ئائىلە ئايىلى، باللىرىمۇ جىق ئىكەن، شۇنداق تۇرۇپ ئۆيلىرى شۇنچە ياسىداق، ھەممە نېمىسى تەل، بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ئۇنىڭ يېنىدا بويىنىنى قىسىپ قالاتتى.

ئادىلنىڭ ئايالى ئوخشىتىپ لەغمەن قىلدى، تاماقتىن كېيىن بىز ئۆزئارا پاراڭغا چۈشتۇق.

— تۇرمۇشۇڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەن، — دېدىم مەن ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتكەچ، — بىز ئىككى ئادەم ئىشلەيمىز، ئانچە - مۇنچە قەلەم ھەققى ئېلىپ تۇرىمىز، لېكىن بەزى نەرسىلەرگە تېخىچە يېتىشەلمىدۇق.

ئۇ خۇددى كىسىرىگەن ھالدا لاپ قىلىپ ماڭا قاراپ قويدى.

— تۇرمۇش ھەممىگە ئۆگىتىدىكەن ئاداش، — دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن، — ئون يىل ئىلگىرى كۆرسەڭ مېنىڭمۇ ھالىم خاراب ئىدى. ئاسىيە ئىشلىمەيدۇ، باللار جىق...مېنىڭ يۈز سوم مائاشىم نېمىگە يېتىدۇ دەيسەن، قورساقتا يېپەك ئۈستىمىز يالىڭاچ قىلىۋاتقان، بەزىدە مۇشۇ كەسىپنى ئۆگەنگىچە بىرەر ئىدارىگە زاپخوز بولۇپ ئىشلىسەمچۇ، دەپ ئۆكۈنگەن يېرىم بار. خەير، دوختۇرلۇقتا نامىم چىقىپ قالدى، چاپانىمۇ تازا تارتتىم، لېكىن تەشكىل مېنىڭ ھال - كۈنۈمگە يەتمەدى، يەنىلا ئۆز كۈچىمگە يۆلىنىدىغان گەپ ئىكەن. ئاخىر يول تاپتىم، ئاغرىقلارغا جان لازىم ئىكەن، ماڭا بولسا پۇل - ئىقتىساد لازىم، جەمئىيەتتە كىم قىلمايۋاتىدۇ. توغرا، دوختۇرلار ئەڭ ئىنسانپەرۋەر بولۇشى كېرەك، بىز مەكتەپتە شۇنداق ئۆگەنگەنىدۇق، لېكىن ئىنسانپەرۋەرلىككە قورساق تويمايدىكەن ئەمەسمۇ، بەزىدە تۇرۇپ ئويلايمەن، مەن ھارام بىلەن كۈن ئۆتكۈزىۋاتىمەن دەپ ۋىجدانىم ئازابلىنىدۇ، لېكىن جەمئىيەتتىكى بەزىلەرگە سېلىشتۇرسام مەن ھەر ھالدا ئىنساب بىلەن ئەمگەك ھېسابىغا ئالىدىكەنمەنغۇ، دەيمەن، مەسىلەن، ئاشۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلار پەقەت قەغەزگە تۆت تال خەتنى يېزىپ توغرىلاپلا قويغىنى ئۈچۈن نەچچە يۈز سوملاپ ئالىدۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا مەن تەر ئاققۇزۇپ كېسەللەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىمەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا جان بېرىمەن، بۇنىڭ ھېسابىغا ئالسام يامانمۇ...مەنمۇ ئادەم ئەمەسمۇ...

ئەسلىدە مېنىڭ ئۇنىڭغا خېلى قاتتىق گەپلىرىم بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ ئورۇنلۇق تۇيۇلدى، پەقەت ئىچىمدە ئۇنىڭغا «ئىنساب» تىلىدىم.

## مەھەللىنىڭ ئىپتىخارى

ھاياتتا كۆڭۈلسىزلىكلەرلا بولۇۋەرمەيدىكەن، تەقدىر ئىلاھى تەڭشىگۈسى كەلدىمۇ، مېنى خۇشاللىققا داخىل قىلدى. مەن دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەھەللىدە كاتتا بىر تويغا داخىل بولدۇم.

توي بولغاندىمۇ توي دېگۈدەك بولۇپ ئۆتتى، ئېھتىمال مەن ئەقلىمگە كەل-

گەندىن بۇيان بىزنىڭ مەھەللىدە بۇنداق ھەـ
شەمەتلىك تويىنىڭ بولغانلىقىنى بىلمەيـ
مەن. ئۇ كۈنى بىزنىڭ كوچىمىز خۇددى
بايرام تۈسىگە كىردى، كوچىغا ۋاللىداپ
تۇرغان پىكاپلار، بولكىۋاي، ئاپتوبۇسلار يىغـ
غىپ كەتتى. ناغرا ـ سۇنەيلەر ياڭرىدى،
ھەممە ئادەم مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىدىكى
چىرايلىق قورۇغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى، توي
ئىگىسى كىم دېمەمسىلەر؟
ئۇ مەھەللىدىكى يېڭى باي، سودىـ
گەر ئىمىنجاننىڭ تويى ئىدى.
ــ ئىمىنجان دېگەن كىم؟ ــ دەپ
سورىدىم مەن باغاقنى كۆرۈپ ئىنىمدىن.
مەن بۇنداق ئىسىمنى زادىلا ئېسىمگە
ئالالمىدىم.
ــ ئىمىن چولاقچۇ، قۇدۇق بېشىدىـ
كى ئايۇپ تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى ئىمىن قاـ
راقچىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟
ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، توغرا ئايۇپ
تۆمۈرچى، ئۇ سىرلاپ قويغاندەكلا قاپقارا، ئورا
كۆز بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى مەھەللىگە
مەشھۇر شوخ بالا ئىدى. مېنىڭ كۆز ئالـ
دىمغا دومىلاق، قارامتۇل، كۆزلىرى قىسىق
بالا كەلدى، ئۇ پۈتۈن مەھەللىگە تېتىيتـ
تى، يامانلىقىدىنمۇ ئۆگزىدىن يىقىلىپ بىر
قولىدىن ئايرىلغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن
ئىمىن چولاق ئاتالدى، ئۇ باشلانغۇچتىكى
چېغىدىلا ئوغرىلىق قىلىپ مەكتەپتىن ھەيـ
دەلگەن، كېيىن ھۆكۈمەت ئۇنى ئاشۇنداق
جەللىگۇر بالىلارنى تەربىيىلەيدىغان بىر
يەرگە ئېلىپ كەتكەنىدى.
ــ نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ مەھەلـ
لىدە يەنە پەيدا بولدى، ــ دېدى ئىنىم ئۇـ
نىڭ كېيىنكى ھاياتىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ، ــ
بىر ـ ئىككى يىل كەپتەرۋازلىق قىلىپ يۈرـ
دى، ئايۇپكاممۇ، ئانىسىمۇ ئۆلۈپ كەتتى،
ئۇلارنىڭ بىر ئەسكى ئۆيىلا قالغانىدى،
80 ـ يىللىنىڭ باشلىرى ئۇ تۇيۇقسىزلا مەـ
ھەللىدىن يوقاپ كەتتى، ھەللىدىكىلەر ئۇنى
ھەقىچان يەنە تەربىيىگە كىرىپ كەتتىمـ
كىن دەپ پەرەز قىلىشتۇق، كېيىنچە خەقـ
لەرمۇ ئۇنى ئۇنتۇشۇپ كەتتى، ئاردىن
ئۈچ يىل ئۆتكەندە ئۇ قانداق تۇيۇقسىز
كەتكەن بولسا يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز پەيـ
دا بولدى، ئادەم تونۇغۇسىز، ئۇستىباشـ
لىرىمۇ كاتتا، مەھەللىگە تۇنجى موتسىكـ
لىتنى شۇ مىنىپ كەلدى، نۇرغۇن مالمۇ
ئەكەپتۇ، تازا قايناق بازارغا دۇكان ئاچتى،
ئۇ ھەدېسىلا ئىچكىرىدىگە چاپىدىغان بولـ
دى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ھازىر چوڭ
باي بولۇپ كەتتى، بۇرۇنقى ئىمىن چوـ
لاق دېگەن ئېتىمۇ قېلىپ، ئىمىنجان بولدى،
خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ تۆت ــ
بەش يۈزمىڭ سوم دەسمايىسى بار ئوخشايدۇ.
ــ ئۇ تېخىچە ئۆيلەنمىگەنمىدى؟
ــ ئىلگىرى ئۇنىڭغا كىم قىز بېرەتـ
تى، يا يانچۇقىدا بىر تىيىنى بولمىسا، يا
بىر تۇتقان ئوقىتى بولمىسا، ماۋۇ نەچچە
يىلدىن بۇيان ئۇ ئوقەتنىڭ كەينىگە كىـ
رىپلا كەتتى، مانا ئەمدى چېكىپ تۇرۇپ
ئېلىۋاتىدۇ.
ــ ئالىدىغان قىزى نېمىش قىلىدىكەن؟
ــ ئاڭلىساق ۋىلايەتتىكى بىر باشـ
لىقنىڭ قىزىمىش، ئارتىست دەيدىغۇ، پۇل
ھازىر ھەرقانداق قىزلارنىڭ كۆزىنى قاـ
رىغۇ قىلىۋېتىپ بارىدۇ، ئەمدى بۇ كۈندە
زۇنۇن قادىر يازغان غۇنچەمدەك قىزلار تۇـ
غۇلمايدىغان ئوخشايدۇ...
ئۇنىڭ بۇ ئوخشىتىشى مېنى ئويغا
سالدى. دەرۋەقە ھازىرقى قىزلار نېمە بوـ

لۇۋاتىدۇ ئۆزى، پۇل، بايلىق شۇنچىلا قۇدرەتلىكمۇ؟...

بۇ بايۋەتچىنىڭ تويى مېنى قىزىقتۇردى. كۆرۈپ بېقىشقا نىيەت قىلىپ باردىم، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئەسكى ئۆيىدىن ئەسەرمۇ يوق، ھەشەمەتلىك دەرۋازا ئالدى ھەر خىل ماشىنىلارغا تىقىلىپ كەتكەنىدى. تويغا كېلىۋاتقان - كېتىۋاتقان مېھمانلارمۇ ئاز ئەمەستى.

— شەھەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ كەپتۇ، — دېدى ئىنىم مېنى نوقۇپ ئۇزاپ چىقىۋاتقانلارنى ئىما قىلىپ، — ئەنە ئىمىن چولاقنى كۆردۈڭمۇ؟

ئۇچىسىغا سۇر كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىۋالغان ئوتتۇرا بوي، قارامتۇل يىگىت ھويلىدا ئۇزاپ چىقىۋاتقان مېھمانلار بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى، ئۇنىڭ سول يېڭى پۇلاڭلاپ تۇراتتى، مەن ئۇنى كىچىك چاغدىكى ھېلىقى ئىمىنگە زادىلا ئوخشىتالمىدىم. ئاڭغىچە ئۇ مېنى كۆرۈپ قېلىپ سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى - دە، ماڭا قاراپ چامدىدى:

— ئوھوي، يارمۇھەممەتكامغۇ بۇ، كەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، كۆرۈشۈپ چىققىلى زادى چولا تەگمىدى.

— مۇبارەك بولسۇن! — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ.

— ئۆزىڭىزدىن... ئەل - يۇرتنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، باشنى ئوڭشايدىغان بولۇپ قالدۇق، قاراڭ...

— تولىمۇ ياخشى بوپتۇ...

— قېنى ئۆيگە...

ئۇ بىزنى ئۆيگە باشلىغاچ ماڭا قاراپ دېدى:

— كەچتە «بوستان» مېھمانخانىسىنىڭ زالىدا ۋېچىركام بار. سىزمۇ قەدەم تەشرىپ قىلىپ بېرىڭ، بارمىسىڭىز رەنجىيمەن، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت، ھاي سېلىمكا، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاڭ...

كەچتە سائەت ئالتىلارغا يېقىن ئۇ دېگەن مېھمانخانىغا باردىم. مېھمانخانىنىڭ زالى تولىمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى. سەھنىگە مۇزىكانتلارلىق تولغان، چەتتىكى دۈگىلەك ئۈستەللەر نازۇ - نېمەت، ھاراق - شارابلار بىلەن تولغانىدى. تۆر تەرەپكە تۇغرا قويۇلغان بىر قاتار ئۈستەلدە ئىمىن چولاق تۈزدەك كىيىنگەن قىزنىڭ قېشىدا غادىيىپ سۆلەت بىلەن ئولتۇراتتى، سىن ئالغۇ ئاپپاراتى، فوتو ئاپپارات كۆتەرگەنلەر بۇ بىر جۈپ بەختلىكلەرنى ھەر تەرەپتىن سۈرەتكە ئالاتتى، ئۇ گويا بىز بىلىدىغان ئىمىن چولاق ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ بىرەر رەھبەرلىرىدەك ئىدى.

مەن قىزغا سەپسالدىم، قىز ھەقىقەتەن ئارتىسقا لايىق چىرايلىق بولۇپ، بىزنىڭ يىگىتىمىزدىن كەم دېگەندە ئون نەچچە ياش كىچىك ئىدى. تۇرقىدىن ئۇ ئۆز تويىدىن رازى، مىننەتدار ئىدى، ئۇ بەلكىم پۈتۈن شەھەرنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك مەرىكە قىلغىنىدىن بېشى ئاسمانغا يېتىۋاتقاندۇر، يايراپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىۋاتقاندۇر، ئۇ خۇددى ئۆزىگە ھەۋەس بىلەن بېقىشىۋاتقانلارغا «مانامەن قانداق ئىكەنمەن، كۆردۈڭلارمۇ» دەپ مەغرۇرانە نەزەر تاشلاۋاتقاندەك ئىدى. ھەي قىزلار، ھەي قىزلار... سىلەر نېمانچىلا ئەخمەق...

— ئاۋۇ ئىپلاس جالاپنىڭ كىرىلىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، — يېنىمدىلا ئولتۇرغان ياش يىگىت ئۈنلۈك تىللىدى ۋە ۋە مېنىڭ ھەيران قالغىنىمغا قاراپ سۆزلەپ

كەتتى، — قىز بالا دېگەندە ئەقىل بولمىسىمۇ بىكار نېمە ئىكەندە، سىز بىلەمسىز، ئۇ مۇشۇ چولاقنىڭ پۇلىنى دەپ بەش يىل ساقلىغان يىگىتىنى تاشلىۋەتتى، هازىرغۇ بەزى قىزلاردا ئىنساب، ۋىجدان دېگەن نېمە قالمىدى، كۆرۈمسىز، تېخى جاهان ئۈزۈن، «بۇ دۆلەت سەندە تۇرماپتۇ، بۇ مەينەت مەندە» دەيدۇ، بۇ چولاق قانچىلىك ئەسقىتاركىن، هەي ... كېلىنچىلار ئېچەيلى، مېنى دېسە هاسىغا چۈشكەن قېرىغا تەگمەمدۇ، ئىپلاسلار...

يىگىت رۇمكىنى بىراقلا بوشاتتى، ئۇئەمەدى گويا ئىممىن چولاقنىڭ تويى ۋىچىركىسىدا ئەمەس، بەلكى بىر ئاشپۇزۇلدا ئولتۇرغاندەك يېنىدىكى ئاغىنىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پاراڭىغا چۈشۈپ كەتتى، مۇزىكا ياڭرىماقتا، چىرايلىق كىيىنگەن قىز - يىگىتلەر جۈپ - جۈپ بولۇشۇپ ئۇسسۇل ئويناشماقتا، بۇ هەشەمەتلىك زال، يېقىملىق مۇزىكا، هاراق ۋە شامپانلار ئۇلارغا هوزۇر بېغىشلاپ يايراتماقتا...مانا دۆلەت، مانا پۇلنىڭ كارامىتى...

## دۇنيانىڭ خۇۋلىقى

ئۇي مەھەللە ماڭا تونۇشقانىسىرى يات تۇيۇلۇشقا باشلىدى، قېرىلار ئۆلۈپ تۈگەپتۇ، تەڭ دېمەتلىكلىرىمدىن كۆپى مەھەللىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، مەھەللىنى ئاساسەن ياشلار ئىگىلەپتۇ، مەن ئەمدى زېرىكىشكە باشلىدىم.

تاماكا ئالغىلى مەھەللىنىڭ ماگىزىنىغا چىقتىم، چاققانغىنا ماگىزىندا يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى ساپسېرىق پېرىكازچىك قىز قارسىلدىتىپ سېغىز چايناپ ئۇنىڭغۇ تىڭشاپ ئولتۇراتتى، مەن تاماكىنى ئېلىپ تورۇشۇمغا دۇكانغا بىر قولدا ئۈچ ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى يېتىلىگەن، يەنە بىر قولىدا بىر ياشتىن ئاشقان سېمىز بىر قىز بالىنى كۆتۈرگەن ياشانغان بىر ئايال كىرىپ كەلدى، ئايالنىڭ ئورۇق، تاتىراڭغۇ يۈزىنى قورۇقلار قاپلىغان، ياغلىقىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان ئاپئاق چاچلىرى كۆن نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىرايتتى، ماڭا ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى تونۇشتەكلا تۇيۇلدى، ئەمما شۇنچە ئويلاپمۇ هېچ ئېسىمگە ئالالمىدىم، ئايال خۇددى دەم سىقما كېسەلدەك ئېغىر - ئېغىر تىناتتى، ئۇ قولىدىكى بۇدۇرۇق قىزنى پېرىكازچىكنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ پۇكەيگە ئولتۇرغۇزدى:

— ئۇھ، قولۇم ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدى، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ بىر تىنىپ.

— بۇلار سىزنى ئولتارغۇزماپتۇ - دە، باياتىن ئايىمدەم بوگۈن ئەجەب كەلمىدى، دەپ ئولتۇراتتىم، — دېدى پېرىكازچىك قىز ئايالغا قاراپ كۈلۈپ تورۇپ.

— بۇلارنى بۇ يەرگە ئەكەلمەي قوتۇلغىلى بولامدۇ؟ — ئايال يانچۇقىدىن پارچە پۇللارنى ئېلىپ پېرىكازچىكقا ئۇزاتتى.

— كېلىنلىرىڭىز تولىمۇ تەلەيلىك جۇمۇ ئايىمدە، — پېرىكازچىك شاكالاتتىن ئىككىنى باللارنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاچ دېدى، — باللىرىنىڭ قىلچىمۇ دەردىنى تارتمىدى، ھەممىنى چوڭ قىلىپ بېرىۋاتىسىز ...

— سەنمۇ ئالدىرىما، ۋاقتى كەلگەندە قېيىن ئاناڭ بېقىپ بېرىدۇ ...

— ھەي تاڭەي ئايىمدە، ئۇ مېنىڭ بالامنى بېقىش بۇ ياقتا تۇرسۇن تېخى ئۇنى مەن باقسام بولىدىغاندەك، قان بېسىمى

يۇقىرى ئىكەن ... بۇنى بىلگەن بولسام ئۆز ۋاقتىدا سىزنىڭ ئادىلىڭىزغا تېگىۋالار كەنمەن.

— مېنىڭغۇ تازا كېلىن قىلغۇم بار ئىدى، قارا ئىشچى دەپ ياراتمىدىڭىزدە ... ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزدەك نامرات تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلار سىلەرنىڭ تەڭ خىلىڭلار بولالامدۇ ...

— مەنغۇ ئۇنداق دېمىگەنتىم، ئايىمدە...

مەن ئەمدى ئېسىمگە ئالدىم، بۇ مەھەللىمىزدىكى داڭلىق سازەندە ياسىن تەمبۇرنىڭ ئايالى ئايىمدەم ئەمەسمۇ ... تۇۋا، نىمانچىلا قېرىپ كەتكەندۇ بۇ ئايال، مومايلا بولۇپ قاپتۇغۇ ئۆزى، ئۇنىڭ ياش چاغلىرى مېنىڭ ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يولدىشى ياسىنجىنىكام ئۇ چاغلاردا قاتناشتا شوپۇر بولۇپ تازىمۇ ئويۇنچى يىگىت ئىدى، بىر كۈنلىرى مەھەللىدە «ياسىنجان بىر قىز ئەپقېچىپ كەپتۇ، يەنە كېلىپ باشقىلار چاي ئىچۈرۈپ قويغان قىز ئىكەن» دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى، مەھەللىنىڭ ئاياللىرى ئۆچىرەت بىلەن بېرىپ كۆرۈپ كېلىشتى، قىزنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەممىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ، ئۇ قىز ياسىننىڭ تەمبۇرىغا ئاشىق بولۇپ قالغانمىش، دېيىشىمۇ ياسىنجىنىكامنىڭ ناخشا - سازىنى دېمىسە قىزلارنى قاراتقۇدەك چىرايى يوق ئىدى، ئارىدىن ئاز ئۆتۈپ ئۇلارمۇ مەھەللىگە چاقىقانغىنا توي بەردى، قىزنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تويغا كەلگىلى ئۇنىمىدى، ئاتا - بالىلىقتىن كېچىپ كەتتى، يىللار ئۆتتى، ئايىمدەم نەچچە بالىلىق بولۇپ بىزنىڭ مەھەللىگە ئۆزلىشىپ كەتتى. 62 - يىلىغا كەلگەندە نېمە شەيتان ئازدۇردى، ياسىنجىنىكام بىر كېچىدىلا يوقاپ كەتتى، بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇقتۇقكى، ئۇ چەتئەلگە قېچىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۇغۇ بىر بېشىنى ئېلىپ كەتتى، بار بالا - قازاغا تۆت بالا بىلەن ئايىمدەم قالدى، ئۇنى «قاچقۇننىڭ ئائىلىسى» دەپ ئىنقىلابتا كۆرسەتمىگەن كۈنى قالمىدى، كېيىن ئۇنى ئائىلىسى بىلەن چەت بىر ناھىيىگە چۈشۈرۈۋەتكەنىدى، مانا مەن شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنى ئەمدى كۆرۈپ تۇرۇشۇم ئىدى، مەن يېقىن كېلىپ تىنچلىق سورىدىم، ئۇ دەسلەپ مېنى تونۇمىدى، مەن تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن ماڭا كەينى - كەينىدىن سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى:

— تۇۋا، ماۋۇ يارمۇھەممەتنىڭ چوڭلا ئادەم بولۇپ كەتكىنىنى، — دېدى ئۇ مېنىڭ باش - ئايىغىمغا زەن سېلىپ، — شۇنداق قىلىپ ئۇرۇمچىلىك بولۇپ كەتتىم دەڭ، ئۆي - ئوچاقلىق بولغانسىز؟ بالىڭىز نەچچە بولدى؟ ئاران ئىككىمۇ؟ ھازىرقى ياشلار بالىنىڭ جاپاسىدىن قاچىسىلەردە ...

— باقماق تەس ئىكەن، — دېدىمەن.

— شۇنداق، شۇنداق، سىلەرگە تەس، ھەقچان ئايالىڭىزمۇ ئىشلەيدىغاندۇ، ھە، ئۇنداقتا بەك جاپا بولىدۇ، ھەممە ئادەم باشقا كەلمىگۈچە بىلمەيدۇ، شۇڭىمۇ ئاتا - ئانىنىڭ قەدرىگە يەتسەڭلار بولىدۇ ...

— ئۆزىڭىز ياخشى تۇرۇۋاتقانسىز؟

— خۇداغا شۈكرى، رىسقىمىزنى يەپ ئۆتۈۋاتىمىز. ياسىنجىنىكىڭىز تۆت بالىنى ماڭا تاشلاپ كەتكىنىدىن خەۋىرىڭىز بارغۇ دەيمەن، ھە، مېنىڭ پېشانەمگە يېزىلغان قىسمەت شۇ ئىكەن، ئاشۇ تۆت تىرىك يېتىمنى قاتارغا قوشقۇچە كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى. ئۇلارغا دادا ئورنىدا دادا، ئانا ئورنىدا ئانا بولدۇم، بالىلىرىمنىڭ بەختى پېشانىسىمۇ، ئىشقىلىپ ئىشچى بولسىمۇ خىزمەتكە ئېلىنىشتى، ئوغۇللىرىمنى ئۆيلىدىم، بىر

قىزىمنى چىقاردىم، ئەڭ كەنجىسى دوختۇرلۇقتا ئوقۇۋاتىدۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى ئۇمۇ خىزمەتنىڭ پېشىنى تۇتىدۇ، ئۆزۈم نەۋرە بېقىپ ئولتۇردۇم.

— بۇلار نەۋرىلىرىڭىز ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە، ماۋۇ يىگىت چوڭ ئوغلۇمنىڭ بالىسى، ماۋۇ ئىككىنچى ئوغلۇمنىڭ قىزى، مېنى بىكار قالدى دەپ بۇلارنى ئەكىلىپ قويىدى، باشتىلا ئۆزۈڭلار بېقىڭلار دېسەم بوپتىكەن، چوڭىنىڭكىنى بېقىپ قويۇپتىكەنمەن، ئىككىنچىسىمۇ ئەكەلدى، مەيلى، بېقىپ بېرەي دېدىم، قىزىمنىڭمۇ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانتى، ئۇمۇ بالامنى ئۆزۈڭ بېقىپ بېرىسەن دەۋاتىدۇ. نېمە دەيمەن، قېرىغاندا بىر يەسلى ئاچىدىغاندەك تۇرۇمەن، ھازىرقى ياشلار ئەجەبمۇ تەلەيلىك ئىكەنسىلەر، خۇدايىم پۈتۈن جاپانى بىزگىلا بېرىپتىكەن ...

ئاڭغىچە ئوغۇل بالا موممىسىنىڭ پېشىدىن تارتقىلى تۇردى.

— ئۆيگە كېتەمدۇق بالام، — ئايىمدەم ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى، — ماقۇل مانا ... بىزنىڭ ئۆيلەرگىمۇ بېرىڭ ئۇكام، — ئۇ مەن بىلەن خوشلىشىپ كېتىشكە تەمشەلدى.

— بارىمەن ئايىمدە، — دېدىممەن چىن كۆڭلۈمدىن، ئاندىن باياتىن مېنى قىيناپ تۇرغان سوئالنى سورىدىم، — ياسىنجىنىكامدىن خەت - خەۋەر كەلمىدىمۇ؟ ...

ئايىمدەمنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

— قازا قىپتۇ، بولمىسا كېلەر ئىدى...

ئايىمدەم ئۇشۇق گەپ قىلمىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەسكى قىلىپ قويغىنىمدىن پۇشايمان قىلدىم، ئۇ تېزرەك كېتىۋالاي دېدىمۇ قىزنى ھاپاش قىلدى، ئۇ ئورنىدىن قوپقان چاغدا بېشى قايدىمۇ قانداق دەلدۈگىنىپ كېتىپ ئۆزىنى ئاران ئوڭشىۋالدى، ئاندىن ماڭا خىجالەت بولغاندەك قاراپ خوش ئېيتتى-دە، سىرتقا ماڭدى، مەن تا ئۇنىڭ مۈكچەيگەن بەستى كۆزدىن يوتكۈچە قاراپ تۇردۇم.

* *

مەن ئوي مەھەللىدە يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ھاياتى، تەقدىرى ئۆزى بىر ھېكايە بولىدۇ، لېكىن ھۆرمەتلىك كىتابخاننى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ھېكايەمنى ھازىرچە مۇشۇ يەردە توختاتسام دېگەن ئويغا كەلدىم.

ئەتە مەن بۇ قەدىردان يۇرتۇمدىن ئايرىلماقچىمەن، مانا ھەممە ئۇيقۇغا كەتتى، بىر كۈنلۈك شاۋقۇن - سۈرەندىن ھارغان مەھەللىمۇ ئىگىلىرىگە ئوخشاش ئۇيقۇغا چۆمگەنىدى، مېنى بولسا غەمكىن ئويلار چۇلغىۋالدى ... ئەتە كېتىمەن، ئەمدى قاچانلاردا ئۆي مەھەللىگە كېلىمەن، بۇنى ھازىرچە بىر نېمە دېيەلمەيمەن، مەن يەنە بىر كەلگىچە ئوي مەھەللىدە يەنە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولار؟ بەلكىم تۇراقكام جەننەتكە سەپەر قىلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئايىمدەم بۇ دۇنيانىڭ جاپاسىدىن ئازاد بولۇپمۇ كېتەر، ئۇلارنىڭ ئىزناسى بولۇپ بىر دۆۋە توپا قالىدۇ، ئەمما ئوي مەھەللىدە يېڭى تۇراخۇنلار پەيدا بولىدۇ، يېڭى قىسمەتلىك ئايىملار تۆرىلىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە ئوي مەھەللىگە يەنە يېڭىلىق، خۇشاللىق، غەم، ئەندىشە، ھىجرانلارمۇ بىللە كېلىدۇ، خۇدا مېنى شۇلارنىڭ ھاياتىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلسۇن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مۇھەممەتجان راشىدىن

# تۈنجى ئەسىرىم

(ھېكايە)

كەسپىي يازغۇچىلىققا چىققاندىن كېيىن، تۈنجى ئەسىرىمنى قايسى تېمىدا، قانداق يېزىشنى بىلەلمەي خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، بىر كۈنى كوچىدا كېتىۋاتاتتىم، پېنسىيىگە چىققان قادىركام ئۇچراپ قالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى ئۇ ناھايىتى خۇش خۇي كۆرۈنۈپ، — مۇبارەك بولسۇن ئەپەندىم. ئاڭلىسام، پېنسىيىگە چىقىۋاپسىز، چىققاندىمۇ، تازا پەيزى ۋاقتىدا چىقتىڭىز-دە! ھازىر دېگەن مائاشنى يۈزدە-يۈز بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟! يەنە كېلىپ مۇكاپات پۇلىنىمۇ تۇتۇۋالمايدىغان بولدى-دەڭا! مانا-مانا، تازا ئوختىسىغا كەلتۈرۈپسىز-دە!

قادىركام قولۇمنى ئۇزاق تۇتۇپ تۇردى. نېمە دەيمەن؟ ئۇ مېنىڭ بۇ يېڭى كەسپىمنىڭ تېگى-تەكتىنى ئۇقمىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا: ياق، مەن پېنسىيىگە چىقمىدىم، كەسپىي يازغۇچى بولدۇم! دەپ چۈشەندۈرۈشۈم كېرەكمۇ، بىراق بۇ گەپنى ئېغىزدىن قانداق چىقىرىش كېرەك؟ مەن مۇۋاپىق سۆز ئىزدەپ تۇرغىنىمدا، بۇ تۈگۈچنىڭ ئۇچىنى يەنىلا قادىركامنىڭ ئۆزى تارتىپ قالدى:

— ھە، راستىلا، — دېدى ئۇ خۇددى ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك، — يېشىڭىز توشماي تۇرۇپلا چىقىۋاپسىز، قانداقلارچە تەستىقلاپ قالدى؟ ئاڭلىسام، ھەسەنگە: يەنە ئىككى يىلىڭ بار، دەپ ئۇنىماپتىغۇ؟

— مېنىڭ پېنسىيە ئەمەس، كەسپىي يازغۇچىلىق! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ.

قادىركام ئويلىنىپ قالدى، بىر پەستىن كېيىن:

— ھە بوپتۇ-بوپتۇ! ئۆزىڭىز مۇھۆسن خەتنى بەك نوچى يېزىۋېتىسىز ئەمەسمۇ! راستىلا، ۋېۋېسكا، پىلاكات، ئوزۇنكا دېگەنلەرنى ئەنۋەر يېزىپ يۈرەتتىغۇ؟ ئۇنىڭ كېسىلى تېخى ياخشى بولۇپ كېتەلمەپتۇ-دە؟! ... بوپتۇ، ئۇ ئىشمۇ سىزگە تازا باپ كېلىدۇ، يەنە كېلىپ كۈندىلا قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ئايدا بىر، پەسىلدە بىر كېلىدىغان ئىش ... مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇمۇ پېنسىيە بىلەن ئوخشاش دەڭا، بىراق، ماڭا ئوخشاش پېنسىيىگە چىقىپ، خوتۇننىڭ چاكىرى بولۇپ كەتمەڭ يەنە، پەخەس بولۇڭ، ھا، ھا، ھا! ... — ئۇ كۈلگەنچە كېتىپ قالدى ...

ئۆيگە قايتىپ كىرسەم، سودىگەر ئاغىنەم غوپۇر ئولتۇرۇپتۇ.

— ھە، پۇل دېگەننى ئەمدى تاپىدىكەنسەن-دە! — دېدى ئۇ تىنچلىق سورۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ئاغزىنى تامشىپ تۇرۇپ، — ئاڭلىسام، كەسپىي يازغۇچى بوپسەن، مائاشىڭنىمۇ بېرىۋەرگىدەققۇ؟

مەن بېشىمنى «ھەئە» گە لىڭشىتتىم.

ئۇ تېخىمۇ قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۇقسام، بىرەر كىتاپ يازساڭلار بەش-ئون مىڭ كوي بېرىدىكەن، بىر يىلدا تۆت-بەش كىتابنى ئويناپ يۈرۈپلا يېزىۋەتكۈدەكسىلەر ... تۆت ئەمەس ئىككى-ئۈچنى يېزىپ قويدىلى ... بۇ ئاز كىرىممۇ، ئاز پايدىمۇ؟ بانكىغا قويۇپ قويساڭ، تېخى قىز بالىنىڭ چېچىدەك ئۆسۈۋېرىدىغان گەپ دېگىنە ... ئۆزۈڭمۇ ھۈنەرنىڭ ئېسىلىنى ئۆگىنىپ قويۇپتىكەنسەن! يادىمدا قېلىشىچە، بۇ كەسپكە سەنمۇ كىچىك كىرىشكەنمۇ دەيمەن؟

— ھەئە، — دېدىم مەن ۋە 15 - 16 ياش چېغىمدىلا قولغا قەلەم ئالغانلىقىمنى ئىزاھلىدىم، غوپۇر مېنىڭ بۇ سۆزۈم بىلەن تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى.

— راسا ۋاقتىدا تۇتۇش قىپتىكەنسەن-دە! تازا بىزنىڭ ھوشۇرجانلاردەك قۇراملىق چاغلىرىڭ ئىكەن، — دېدى ئۇ، — ئۇنداق مەزگىللەر ئادەمنىڭ ياش كۆچەتتەك چاغلىرى دېگىنە، تىككەن ھامان ئەي بولىدۇ...

چايدىن كېيىن غوپۇر گېپىنى ئاساسىي تېمىغا كۆچۈردى:

— بىرىنچىدىن، سېنى يوقلاپ كېلىشىم، ئىككىنچىدىن، سېنى «كەسىپسى يازغۇچى» بوپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ، ئۆيدە ئولتۇرالماي قالدىم، ھەممە ئىشنى تاشلىدىم-دە، بۇ ياققا چاپتىم. ھەقىچان ئەمدى سېنى خىجالەت قىلىدىغانلارمۇ ئاز بولمايدۇ، ھازىر پۇلغا قىزىقمايدىغان كىم بار دەيسەن؟! ھەر ھالدا قوينۇڭدىن تۆكۈلسە، قونجۇڭغا دېگەن گەپ بار. شۇڭا ئاۋۇ بىزنىڭ ھوشۇرجاننى ساڭا شاگىرتلىققا بېرەي دەيمەن. سەككىزىنچى سىنىپنى پۈتتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنچە بىكار يۈرىدۇ. سېنىڭدىن يازغۇچىلىقنى ئۆگەنسۇن، ئۇستا كۆرمەي، ھۈنەر ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. ئۆزۈڭنىڭ بالىسىدەك باشقۇرۇۋەر، قانداق دەيسەن؟... ئىككى يىلدىن شۇنىڭ نېنىنى يېگۈدەك بولۇپ قالار؟!...

ئۇ ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلگەندە، ماڭا خۇددى: ياق، بىر يىل ئىچىدىلا قەلەم ھەققىنى يېگۈدەك بولىدۇ! دېگەن سۆزنىڭ چىقىشىنى كۈتكەندەك تەلمۈرۈپ تۇراتتى. مەن ئاۋۋال كۈلۈپ كەتتىم. كېيىن ئۇنىڭغا بۇ ئىشقا نىسبەتەن بالىنىڭ قىزىقىشى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردۈم. غوپۇر خۇشال قايتىپ كەتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن بىر كۈنى چۈشتە ئۆيگە يەنە ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى بىرەيلەن كىرىپ كەلدى، سالام-سائەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن مەندىن:

— تۇرسۇنجان دېگەن كىشى سىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، مەن بولىمەن، — دېدىم جاۋابەن. ئۇ خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىزنىڭ يازغۇچى بولغانلىقىڭىزنى ئىنىلاردىن تېخى ئاخشام ئۇقتۇم، ھەممىمىز خۇشال بولۇپ كەتتۇق، ماڭا ئوخشاش بىرەر پارچە ئەرزنى كىمگە يازدۇرۇشنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈرگەن ئادەملەرنى ئاز دەمسىز؟! بەلكى ماڭا ھەيران بولارسىز، مەن ئۆزۈم يېڭى يېزىقنى بىر يىل ئوقۇپ مەكتەپتىن توختاپ قالغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزنى قارا قورساق دېسىمۇ بولىدۇ. ھازىر بازاردا ئانچە-مۇنچە ئوقەت قىلىمەن... ماڭا قارىمامسىز، مەن ئەرىز يازغۇدەك ئادەم ئىزدەپ يۈرگەندە، سىزنىڭ يازغۇچىلىققا چىقىپ قالغىنىڭىز، خۇدا بۇيرۇسا، ئىشىمنىڭ ئوڭغا تارتقىنى شۇدە... مېنىڭ ئىشىم مۇنداق ئىدى...

ئۇ بىر ئىنىسىنىڭ مەلۇم جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ئون يىل كېسىلگەنلىكىنى، شۇ ھەقتە نارازىلىق ئەرزى يازدۇرۇشقا كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— يېتىپ قالغىچە ئېيتىپ قال، دەپ، مەيلى ئاقسۇن، ئاقمىسۇن مېنىڭدەك يېزىپ بېقىشنى ئويلايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس، كۆرۈپ تۇرۇڭ، سىزنى ئىزدەپ يەنە نۇرغۇن كىشىلەر كېلىدۇ... سالام خەت يازدۇرىدىغانلارچۇ تېخى!... ئۇ ماڭا بۇ

(ئاخىرى 87 - بەتتە)

مۇھەممەتجان سادىق

# شېئىرلار

### نومۇس

تۆكۈلدى سۇ
ئاھ، قارا يەرگە
كەتتى سىڭىپ.
ئېيتقىنە، بولارمىدى
ئالغىلى يىغىپ؟!...

### گۈل - گىياھتىكى قەترىلەر

سارغايغان گۈل - گىياھلاردا،
يوپۇرماقلاردا
زۇمرەت قەترىلەر،
ئاھ، كەچكۈز يىغلىغانمىدۇ؟!
بىلمىدىم، تەبىئەتنىڭ
رەھىمسىز قولى
ئاپەتنىڭ نەشتىرى بىلەن
يۈرەك - باغرىنى تىغلىغانمىدۇ؟!
ھەيرانمەن، بەزى ئادەملەر
ياش كۆرسىلا
ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ
ئويلار يامانىنى...
ھەي،
سەن تېخى چۈشەنمەيدىكەنسەن
بۇ ھېكمىتى كۆپ
تىلسىماتلىق جاھانىنى!
كۈلكىنىڭ يېشى يوقمىدۇ،
ئادەم تۆكمەمدىكەن ياش.
تېلىقىپ كۈلگىنىدە
خۇشاللىق بەزمىسىدە؟!

ئاقامدىكەن قەترىلەر
پەقەتلا قايغۇنىڭ كۆزىدىن،
شەبنەممۇ چاقنايدىغۇ
باھارنىڭ
گۈل - چېچەكلىك غەزنىسىدە؟!
تاڭ - سەھەر كۆز كەلگەن گۈزەل
ۋادىغا
چېچىلغان ئۈنچە
ئەمەسمىدۇ
ھاياجانلانغان پەرىشتىلەرنىڭ
تويغا چاچقان چاچقىسى؟!
كۈتمەكتە تويغا سىزنى شۇدەم
ئېزىز مېھمان،
بورۇتى ھۆسنخەت يېزا ئوغلى:
ئاھ، ئاشۇ ئۆيلىنەلمىگەن توختەم
ئەمەس باشقىسى!...

### ئۇلار مەشرەپتىن چىققان

ياتىدۇ تەنھا،
تول ئايال ئورۇن تۇتۇپ
ئاھ، ئېتىزىدا ئىڭرايدۇ
ئالتۇنباش قوناق...
بولمىسا يە ئوغلى،
يە بىرەر قىزى
كېلىپ كىم سالار
شارتىلدىتىپ ئورغاق؟!
قىزىلگۈل گۈلشىنى
غەربى ئۇپۇق،
چىقامدىكىن ئاي

بۇگۇن كېچە
كۆن چىقىش تەرەپتىن؟!
كەلمەكتە ئوتتۇز ئوغۇل،
ئوتتۇز نەۋقىران
كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە.
گويا مەي ئىچكەندەك
شانۇ ـ شەرەپتىن!
ئۇلار ياسىغان يول
ئاخشام ـ كېچىدە
بۇ يەرگە—
قونىقى ئورۇلمىغان ئىتىزغا
دۇتار ـ تەمبۇرىنى ياڭرىتىپ...
ئۇلار مەشرەپتىن كەلگەن!
كىرمەكتە ئايدىڭ كېچىگە،
كىرمەكتە شاراقلىتىپ قوناقلىقنى،
ئەرۋاھلارنى يايرىتىپ،

## ئايدىڭ پەيزى

ئولتۇرىمەن
قولۇمدا قەدەھ،
زوقلانغان ئاي
چۈشۈۋالدى ئىچىگە.
خۇشكەيىپ يېشىل سۆگەتلەر،
يېقىن بىر يەردە
دۇتار
چاچىدۇ تۇيغۇ
ئايدىڭ كېچىگە...

## جەنۇبتىن كەلگەن كادىر

1

شاد ـ خۇرام يېزا سۆزلىسۇن،
مۇنبەت ئېتىزلار،
سېخى باغلار،
ئاسفالت يوللار
سۆزلىسۇن،
گۈل ـ چېچەكلەر تىزدىلسۇن قۇرلارغا،
هايات تەشنا ئوتقا،
قولى قاداقلىق
ئاشۇ ئۇلۇغ ئادەملەر تەشنا
پارلاق نۇرلارغا!
بىلەمسەن، نېمشقا
تېخىچىلا كۈيلەيمىز پىرومېتىينى①؟!
جىگىرىنى قارا بۈركۈت چوقۇۋاتقاندۇ؟!
ئۇ ئازاپتا،
تەڭرىمۇ يەنىلا قاغاپ،
غەزەپ دۈمبىقىنى
ساقىلىنى تىترىتىپ سوقىۋاتقاندۇ؟!
ئوت كۆرگەن،
نۇر كۆرگەن،
گۈل كۆرگەن
قىرىنداشلىرى
كۈيلەيدۇ شۇ قەيسەرنى
يۈرىكىدىن!
ئەنە ئۇ، ئاغرىقچان يۈرىكىنى
ئاستا سىلاپ
يەنىلا چاچماقتا مۇھەببەت،
جۇشقۇنلۇق ناخشا
كۆكرىكىدىن!

2

ئۇ، ئۆسكەن
ئىچىپ سۈيىنى تارىمنىڭ.
غولى، قارىغىنە،
چوغ رەڭگىدە.
تونۇر تەپتىدەك ئىسسىق
قۇم بورانلىرى
تاۋلىغان ئۇنى،
پۇلتۇزلار هامان بەرگىدە...

① يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى خۇدادىن ئوت ئوغرىلاپ ئىنسانلارغا ئەكېلىپ بەرگەن قەھرىمان.

شۇ قەدىم،
شۇ كەمبەغەل يېزىغا
كەلدى ئۇ، بۇرۇتى تارتقاندا خەس
كەك كېرىپ كۆكسىنى.
تۇرۇلدى يەك.
تۇرۇلدى پۇشقاق...
ئىلى دەرياسى بويلىرىدا
يۇدى يامغۇرلار،
سۆيدى شامالار
ئۇنىڭ ھۆسنىنى.
كەتتى ئۆتۈپ يىگىرمە يىل،
تەر،
ياش،
قان ئىچىدە،
ئىزلاردا.
مەلىلەردە
كېزەر شۆھرىتى.
مومايلار بالام دەر ئىشىك ئېچىپ،
قول قوشتۇرار بوۋايلار
تۇرۇپ ئورنىدىن،
ئېگەر باش ھەتتاكى تاغ بۈركۈتى...
قانداق يەتتى ئۇ، شۇنچىلىك ئىززەتكە؟
بىرلا سۆز: بولدى ئەلنىڭ چاكارى!
يىغلىغان بىلەن بىللە يىغلىدى،
كۈلگەن بىلەن بىللە كۈلدى ھەم،
دېمىدى
ئېگىز، پاكارى...
خارابە ئۆيلەردىن.
توپىلىق يوللاردىن،
قورساق تويمىغان ئېتىزلاردىن
ئەل ئارزۇسىغا
ئاچتى يول.
ئەل ساقايدى ئاغرىقتىن،
لېكىن، ئاھ، ئۇنىڭ ياشلىقى،
ئۇنىڭ يۈرىكى

تۈگىدى ئېقىپ،
بۈگۈن ئېتىزلاردا،
ئاپئاق ھويلىلاردا
خۇشپۇراق گۈل!...

## ئېھ ئانىجان يۇرت

ئورۇن تۇتۇپ ياتقان يۈز ئون ياشلىق موماي
بۈگۈن سەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن
يۇرتى قەشقەرگە ماڭدى.

(خاتىرە دەپتىرىمدىن)

1

گويا ئۇ، جەننەتتىن چىققان پەرشتە،
گويا ئۇ، قۇياشتەك مۇھەببەت - مېھىر.
تۇرىدۇ ئەنە ئۇ، ئايدەك ئەرشتە،
نۇرانە كۆزلىرى تېخىچە سېھىر...
چاچلىرى ئاپئاق نۇر چېچىلىۋاتقان،
چېھرىسى چىرايلىق گۈلگۈن تاڭ سەھەر
ھالرەڭلىك ئىككى گۈل ئېچىلىۋاتقان
مەڭزى چوغ - شەپەقتەك پارلاق شۇ قەدەر،
ئۇ بۈگۈن ئاتلىنار يىراق سەپەرگە،
سىغمايدۇ كۆكسىگە شاتلىق - ھاياجان.
ئوخشايدۇ شەبنەملىك گۈزەل سەھەرگە،
كەيپىدە مۇقەددەس سۆيگۈ نامايان...

2

ساقىلى ئاقارغان تېمەن بوۋايلار
كېلىدۇ ئانا، دەپ باغلاپ قولىنى.
كېلىدۇ ئانا، دەپ ئاقباش مومايلار،
تۇتۇپ دىل بېغىنىڭ رەڭدار گۈلىنى.
ئاتىلار،
ئانىلار -
ئوغۇل - قىزلىرى
تولۇن ئاي يېنىدا چاقنار يۇلتۇزدەك.
نەۋرىلەر،
چەۋرىلەر،

قۇتلۇق ئىزلىرى،
يالىدۇ سۆيگۈدىن خۇددى كۈندۈزدەك.
ماڭغان ۋە ماڭمىغان تاتلىق ئەۋرىسلەر
سۆيىدۇ مەڭزىدىن،
كۈلمەكتە يۈرەك.
ئاتلاندى ئۇ بۈگۈن يىراق سەپەرگە
ھىجراننىڭ ئوتىدا كۆيمەكتە يۈرەك...
ئۇ ھۆرمەت ئىگىسى —
ھايات ئانىسى،
تۇرقىدا تەڭرىتاغ گۈزەللىكى بار!
ھەر پۇشتى قىپقىزىل ئۇرۇق دانىسى،
گويا ئۇ، شەربەتلىك مەي بولغان ئانار...

3

ئۇ بۈگۈن ماڭىدۇ تۇمەن بويىغا،
ئۆزىنى تۇغقان شۇ ئانا قوينىغا،
كېلىدۇ كەچمىشى شۇ دەم ئويىغا:
قول سالار ئەركىلەپ ئانا بوينىغا...
ھەر قورۇق يىللارنىڭ بۈيۈك مۆزىيى،
ئالدىدا مۇقەددەس تارىخمۇ كۈلگەن.
ئىخ بۇرۇن ئۇ ئىدى قەشقەر گۈزىلى،
ئىشقىدا يىگىتلەر كۈن - تۈنى كۆيگەن.
ئۇ ئۆسكەن رابىيە ئاقىقان دەريانىڭ
تالىلرى ئىچىدە دەرياغا قاراپ.
ئۇ، ئۆسكەن ئىشقىدا ھەسەن - ھۆسەننىڭ،
خىياللار ئىچىدە چىچىنى تاراپ...
چىقمىغان يادىدىن كەچۈرمىشلىرى،
يىغانلار كۆزىدىن ئاقار تولغۇنۇپ.
ئالدىدا يۇرتىنىڭ يەل - يېمىشلىرى،
كېتىدۇ ئەسلىسە خىيال ئۇلغىيۇپ...
ئەزىز يۇرت!
گۈزەل يۇرت!
كۆڭۈل كۆكسىدە
ياشىدى بىر كۈنمۇ بولماستىن نېرى.
كوچىيدى يالقۇنى دائىم ھەۋسىندە،

لاۋۇلداپ قەلبىدە مۇھەببەت - مېھرى...
تۇرىمەن بىر يۈز ئون ياشلىق قەلبىنىڭ
سەپىرى تەسىرى ئۈستىدە يېنىپ.
تۇرىمەن باھاردەك ئىللىق مېھرىنىڭ
ئىچىدە،
جەننەتنىڭ بالىغا قېنىپ.
بارمىدۇ، بىلمەيمەن، دالا - تۈزۈمدە
ئاھ ئۇنىڭ تەڭگە - تۇش دوس - يارانلىرى؟!
مەن ئۇنىڭ چەۋرىسى،
شۇ دەم ئالدىمدا
ئاھ ئۇنىڭ ئەۋرىسى، نۇر چولپانلىرى.
ئويلايمەن، ئويلىرىم قۇياشتەك قايناق:
نېمىشقا كېتىدۇ ئانا بۇ يەردىن؟!
يېيىشى ھەممىشە بال بىلەن قايماق،
نەرى كەم بۇيەرنىڭ زادى ئۇ يەردىن؟!
تېغى گۈل، بېغى گۈل،
دالا - تۈزى دان،
بارمىدۇ توققۇزى تەل بۇنداق جاھان؟!
ياشايدۇ جەننەتتە ياشىغاندەك جان،
بارمىدۇ ئاڭا جۈپ بولار باي ماكان؟!
بۇ يەردە بىرنەچچە ئوغۇل - قىزلىرى،
بىر ئوغلى پەقەتلا ئۇندا كۆرەر كۈن.
بۇ يەردە يۈزدىن كۆپ پارلاق ئىزلىرى،
ئۇ يەردە باش-ئوندىن ئاڭلار ئىللىق ئۈن...
مۇھەببەت ئانىسى تۇرار ئالدىمدا،
يۈرىكى ھاياتنىڭ گۈل - گۈلىستانى،
دېگىنى بىر ئۆمۈر تۇرار يادىمدا:
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت باغۇ - بوستانى
پۇرىقى بۇرنۇمدىن كەتمىدى دائىم،
ئۆلگەندە ئاھ ياتاي قانغىچە پۇراپ!...
جان ھومام بىر ئۆمۈر كۈن بىلەن ئايىم،
كۆيدۈرەر قەلبىمنى يالقۇنى ئوراپ...
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ھەتتا جەننەتتىن
گۈزەل، باي كۆزۈنەر بولسىمۇ چۆلدە!
ئۆزگە بىر دىياردا كۆرگەن شەپقەتتىن

يېتەمدۇ سوزغانغا پۈتنى ئۆز ئۆيدە!؟
ئاتامنىڭ، ئانامنىڭ سۆڭىكى ياتقان
ئانا يۇرت، سەن مېنىڭ كۆزۈم قارىسى.
توختىماي كۈن ۋە تۈن ناخشىلار ئاتقان
مەن سېنىڭ ئىشقىڭنىڭ سادىق بالىسى!

قۇي ساقى، ماڭا بىر قەدەھ

قۇي ساقى، ماڭا بىر قەدەھ
روھىم شۇ ناخشىلاردەك،
شۇ مۇقاملاردەك
قاقماقتا قانات.
گاھ مەن يۇلتۇزلار ئۈستىدە،
گاھ مەن قۇياش ئۈستىدە
جېنىم كۆيمەكتە،
تېنىم كۆيمەكتە،
مەن - ئېرىگەن ناۋات.
نەدىدۇ دوزاخ؟
ئالدىمدا جەننەت،
يان يېنىمدا رەڭدار گۈل - چېچەك.
گويا مەن ئاپتاپلىق باھار ئىچىدە،
گويا مەن تەبەسسۇم،
ئانار ئىچىدە،
چۆرەمدە باغۇ - ئېرەم،
گۈللىگەن كېلىچەك.
جان ساقى، قۇيغىنە ماڭا بىر قەدەھ،
چىداالمىدىم،
ھېسسىياتلىرىم ئىسيان مېنىڭ،
تاشقىنىدىغان قىيان مېنىڭ!...
قۇيغىنە،
يۈرىكىڭ شۇناخشىلاردىن
شۇ مۇقاملاردىن

تەنىرلەنمىگەن
تاشمىدۇ سېنىڭ؟!
ھايات،

سەن تاتلىق،
سەن گويا كەچكىلى بولمايدىغان
بىر نازلىق رەئنا،
ئاھ، بولغاچقىلا شۇ ناخشىلار،
شۇ ئاھاڭلار،
مانا مەن گۈللەر ئارا،
گاھ زۇمرەت كۆللەر ئارا
گاھ، مەجنۇن تال تېگىدە
گاھ، جاڭان ئىلكىدە،
گاھ، ئۈستۈمدە يېشىل باراڭلار...
ئاھ تۇيغۇلىرىم
گاھ مۇڭ قوللىرىدا،
گاھ، لەززەت قوللىرىدا
غىدىقلانماقتا.
چىداالمىدىم،
جېنىم ساقى، قۇيغىنە بىر -
بېلىق كۆزى!
قانچىلىك گۈزەل خەلقىمنىڭ قەلبى!
بىپايان دالا - تۈزى!
شۇ ناخشىلارنى،
مۇقاملارنى ئىجات قىلغان
ئۇلۇغ مىللەتكە،
ئۇلۇغ خەلققە ئىچەي ئاتاپ!
بولمايدىكەن جان ساقى،
خان ساقى،
تاشقىنىدىغان تۇيغۇلارنى توختاتقىلى-
زادىلا ماتاپ!..

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## غەزەللەر

سالامىمنى ساڭا ئەيتاي مۇقەددەس باغۇ - بوستانىم،
ئەقىدەڭ ئەتىكابىدا روكۇدا بىھىساب قانىم.

ساڭا يۈزمىنىڭ تەشەككۈردىن ساما ئۈينار كۆزۈم ياشى،
سىنىڭ خاكىڭ بىلەن پۈتكەچ پەقىر جىسمىم ئارا جانىم.
مەگەر كۆرسەم چىرايىڭدىن پىغانۇ نالىلەر ناگان،
بولۇپ شىر ھەر ھۆجەيرەم تەندە ئۆرلەر نەھرە چۇقانىم.
مەگەر كۆرسەم سائادەت كۈلكىسىن ھۆسنۈڭدە مەن شايەت،
مەلەكلەر لەبزىدىن شەربەت ئىچىپ جەننەتتە بولغانىم.
ساداقەت ئەھدى قەلبىمدە قارايماس بىر قۇياش گويا،
ئۈنىڭسىز بەختۇ - ئاپەتكە باھا بەرمەيدۇ مىزانىم.
ئەقىل مىراجىدا قۇت نۇر ئۆزۈڭسەن، ئى ئەزىز ئەل يۇرت،
شۇ نۇرسىز خەستە جانىمدا نە قىلسۇن زەررە ئىمكانىم.
كۆزۈم ئاچسام گۈزەل ھۆسنۈك، كۆزۈم يۇمسام شەرەپ - قەدرىڭ،
شۇڭا غازى كەبى بۇل دەم شەھىد روھىدا تۇرغانىم.
1989 - يىل، 24 - ئۆكتەبىر، قەشقەر

* *

كىرپىكلىرى گويا قەلەم، سۆيگۈ سىياھىدۇر كۆزى،
پۈتكۈل ۋۇجۇدى سۆيگۈدۇر، لەبزىدە يوق سۆيگۈ سۆزى.

دەريايى ئىشقىدۇر سىنەسى، باقساڭ لىۋىدە نەممۇ يوق،
مەۋجۇدنى پىنھان قىلغۇچى ھېكمەتتە ئۇستاددۇر ئۆزى.

تۈن رەڭگى بىلمە ساچىنى، ئۇ بىر ئۇلۇغ ئوتتىن تۈتەك،
رەڭگىنى زىنھار گۈل دىمە، گۈلدەك كۆرۈنگەي كۈندۈزى.

ئالەمچە بۇ تۈتەك ئارا ئاي ھۆسنىدە بەرقى جۇلا،
ئوت ئىچرە كۈلگەن چىشلىرى بۇرجى باھارنىڭ يۇلتۇزى.

كۆرگىن، تۇرۇپتۇ بىر پەرى ئەسرارىدىن خامۇش سۈپەت،
سۆيگۈك سوئالىغا يېشىم شەيدايى بىل شەمئى يۈزى.

* *

چىمەندە گۈل ئېچىلغايمۇ نىگارىڭ سالمىسا ئەنداز،
قېشىڭدىن ئۆلگىلەر ئالماي نەقىلسۇن كۆكتە قۇش پەرۋاز.

سۆزۈك زۇمرەت بۇلاقلارغا كۆزۈڭنىڭ چەشمىسى ئىلھام،
شېكەر خەندىڭگە تەقلىتلەپ قىلۇر سۈبھىدە بۇلبۇل ناز.

ھەرە گۈلشەندە بال تۆككەي لىۋىڭ گۈلقەندىنى دوراپ،
قاراقىڭ جادۇدىن ئۇۋلار كىيىكنى شۇڭغىغان شەھباز.

نىگـارنىڭ جىلۋىسى بولسا مەگەر خۇرشىد ئۇچۇن دەستۇر،
چىچەكنىڭ سۇمبۇل ئۇچۇن ھەتتا سىياقىنىڭ سەرۋىگە ئۇستاز.

ئۇنى سەن مەھلىيا قىلغاچ، ساڭا سەۋدا بۇ شەيدايى،
ياغاچ ساز جىسمى ئۇريانىم مەگەر چالساڭ چىقار ئاۋاز.

پەقەت ئىرپان بۇلۇر تەقۋاس گۈزەل جانان جامالىغا،
سائادەت تەگرىسى ئەلدە ئۇنىڭسىز كۆلمىگەي بىرئاز.

*          *

پۈتمەس جاھاننىڭ قىسمىتى چەككەن جاھانچە غەم بىلەن،
قازساڭ قىزىلماس ئاخىرى بۇ سىرنى شۇنچە پەم بىلەن.

شېرىن تېتىمدۇ بۇ ئۆمۈر دەيدۇ جاھانىڭ مەنىلىك،
بىمەنە غەمسىز ئۆمۈرنىڭ شېرىنلىكى شۇ تەم بىلەن.

ئالەمگە كەلدىڭ غەم بىلەن رىسقىڭ پىشۇرغان غەم ئوتى،
غەم قەدرىسىز كەيپۇ ساپا تەقۋاس ئىررۇر ماتەم بىلەن.

پەرياد چېكىش بىھۇدىلىك، نالەڭگە كىم تىڭلىماچ بولۇر،
سەن يىغلىساڭ ئۆزگە كۈلۈر سازىدە زىررۇ ـ بەم بىلەن.

غۇنچە ۋۇجۇدۇڭ گۈل بولۇپ، گۈلدەك نىگار بولغاي خازان،
باسقان قىراۋدىن غەم يىمە، كۈلگەي زېمىن كۆكلەم بىلەن.

ھەيرەتتە شەيدايى يۈرۈپ بىلدى ئاخىر غەمنىڭ سىررىن،
قىممەت سۇلايمان بەختىدىن تەڭ كۈلمىكىڭ ئالەم بىلەن.

*          *

پەلەك بەخشەيلىگەي ھەر نەۋ باھاردا گۈلگە نۇسرەتنى،
گادا رىسقىغىمۇ ھەتتا بىرىپ ئىنسانىي قىممەتنى.
شۇ قىممەت ۋادىدا پەرھات گۈزەل شېرىننى ئىزلەركىم،
تاپالماس شېرىنىن پەرھات چۈشەنمەي ۋەزنى پەرھاتنى.
ئۆزىن ئىزدەپ يۈرەر ئادەم، ئىزىن تارىخ قىلىپ كۈن ـ تۈن،
ھاۋامۇ تاپمىغاچ ئەسلىن ئۇنۇتقان ئەسلى ئۈلپەتنى.
نە دوزاخ، نەكى جەننەت نە قىلۇر ئوت ئىشتىياقىدا،
ئاڭا سالغاچ جاھان مۈلكى ئۆمۈر رىسقىدا قىسمەتنى.
گۈزەللەر ئۇيقۇغا كەتتى ھەرەم ئەيلەپ زېمىن خاكىن،

پىقىرىڭغا بىرىپ تەقدىر ئۆزىنى ئىزدەشكە نەۋبەتنى.
قولۇمدا شام تۇتۇپ بەرنا، گۈزەل ھۆسنۈڭگە باقسامۇ،
كۆزۈمنىڭ كورلۇقىدىن مەن كۆرەلمەسمەن پەرىزاتنى.
نىتەر شەيدايى شاھىد تاپمىسا شەيدايىمنى ئىزدەپ،
نە ئادەم جەۋھەرىن تاپقاي كىزىپ بەھرى رىيازەتنى.

*                                        *

مەن مەي ئىچىپ بولدۇم قىزىل، مەي جامى مەيدە ھەم قىزىل،
مەي تەپتىدىن مەستىخۇش بولۇپ، تۇرغان دەمىم ھەردەم قىزىل.
پەرياد ئىتىپ ھىجرىڭدە گەر ئاسمانغا ھۆرسەم ئوت چىقار،
ئاتەش قۇياشتەن تاڭ سەھەر بولغان كەبى ئالەم قىزىل.
مەي تەپتى ئۆچكەي چاغ ئۆتۈپ، مەي رەڭگى ئۆچمەس شىشىدە،
گوياكى شەبنەم كەتسە ھەم چوغلۇق تۇرار كۆركەم قىزىل.
ياشىم قىزىلغا يۇزلىنۇر رەڭگىم قىزىل ھالىن كۆرۈپ،
باقسام سىياقىم - ھالىتىم ئۈستىمگە قات - قات جەم قىزىل.
ئالدىدا شەمئىم تاجىدار، ئوت تاجىدىن ياشى تارار،
سىيما بۇ قەلبىم بىقارار، ئالسام قەلەم نەزمەم قىزىل.
ئۆكسۈزمە شەيدايى بۇدەم، باردۇر قىزىللىق ئامىتى،
دەرھەم قىزىل، گۈل ھەم قىزىل، ئالدىڭدا تۇرغان رەم قىزىل.

ماھۇت زايىت

## شېئىرلار

### جۇيخۇا گۈلى

جۇيخۇا گۈلى، ئەي جۇيخۇا گۈلى،
شەپەقمۇ سەن ياكى ئوتقاشمۇ؟
كۆزلىرىمنى چاقناتتىڭ ئەجەب،
سەن زىياسى ئۆتكۈر قۇياشمۇ؟

يوپۇرمىقىڭ ئوخشار زۇمرەتكە،
غۇنچىلىرىڭ يارنىڭ لىۋىگە.
خۇددى زىبا جانانەڭ قەددىڭ،
مەن ئوخشتاي يانا نىمىگە؟

تۇرۇپ قالدىم قىشىڭدا ئۇزاق،
چىقتى سەپەر ھاردۇقى تامام.
ئەسلەپ قالدىم ئاھ، قىزىلگۈلنى،
ۋۇجۇدىمنى قاپلىدى ئىلھام.

جۇيخۇا گۈلى ساڭا كۆپلەرنىڭ
بېغىشلانغان يۈرەك سۆزلىرى.
سىنى كۆرۈپ كەلدى يادىمغا
گۈل يۇرتۇمنىڭ گۈزەل قىزلىرى...

1989 - يىل، 16 - نويابىر. سۇجۇ
شىزىلىڭ باغچىسى.

## ھەر كۆرگەندە ئىلھام باشقىچە

گۈزەل خاڭجۇ، كەلدىم مەن يەنە
تۆت يىل ئۆتۈپ يۈگۈن قوينۇڭغا.
كۆرۈپ تونۇش گۈزەل چېھرىڭنى،
كىرە سالدىم قايتا بوينۇڭغا.

گۈللەر تۇتۇپ ئوماق قىزلىرىڭ
قارشى ئالدى تەييارلاپ بەزمە.
سەيلە قىلدىم شەھەر - يېزىنى،
يازدىم راۋاق - شىپاڭدا نەزمە.

كېڭىيىپتۇ تار كوچا - يوللۇڭ،
ئۆتۈشمىدە ستېرېئولۇق كۆۋرۈك.
ماگىزىن ھەم بازارلار ئاۋات،
بىنالىرىڭ - ئەرشكە تۈۋرۈك.

زوقتا كەزدىم سەزمەي ھارغىنلىق،
كۆلدە ئۈزۈپ، تاغدىن ئاشقىچە.
قوزغىلاركەن شائىردا ئىلھام
ھەر كۆرگەندە سېنى باشقىچە...

1989 - يىل 18 - نويابىر. خاڭجۇ.

## لۇڭجىڭ چېيى

چايزارلىقى گۈزەل لۇڭجىڭنىڭ
دولقۇنلىغان كۆك دېڭىز گويا.
ئۇنىڭدىكى خۇش بۇي پۇراقتىن
تەم ۋە لەززەت ئالماقتا دۇنيا.

ئايروپىلان، پاراخوت بىلەن
توشۇلىدۇ قىتئەلەرگە چاي.
شۆھرىتىگە قايىل نۇرغۇن ئەل،
ئۆزى كىچىك بولسىمۇ بۇ جاي.

ھال، قارا، ئاق، كۆك لۇڭجىڭ چېيى
داستىخاننىڭ بىر لەززەت، كۆركى.
بۇ چايلارنى ۋەتەن خەلقىدىن
تېتىمىغان كىشى ئاز بەلكى.

چىقتى شۇڭا لۇڭجىڭ دېڭىزنى
چېيى بىلەن تۆرگە ھۆرمەتنىڭ.
بولىدىكەن جاھان بەھرىمەن
تۆھپىسىدىن يۇرت ۋە مىللەتنىڭ...

1989 - يىل 22 - نويابىر خاڭجۇ.

## شىخۇ كۆلى

شىخۇ، ئەجەب چىرايلىق مەنزىرەڭ، ھۆسنۈڭ،
لى بەي، دۇفۇ، سۇدۇڭپۇ ماختىغان كۆل سەن.
تەققاس قىلسام خاڭجۇنى گۈزەل سەنەمگە،
ئۇنىڭ ئالتۇن تاجىدا بىرلىيانت گۈل سەن.

قۇياش نۇرى چىمىرلار سۈزۈك سۇيۇڭدە،
تەۋرىنىدۇ نىلۇپەر سەلكىندە لەرزان.
سۆيگۈ، شادلىق كۆيى ھەم كۈلكە ئىنچىدە،
سەيلىچىلەر كېمىسى ئۈزمەكتە راۋان.

شىخۇ سېنى ئوخشاتسام ئالماس ئۈزۈككە،
ئارال، باغچاڭ ئۈزۈكنىڭ جۈپ گۆھەر كۆزى.
ئۇندا ئورمان، ئۇندا باغ، فونتانلىق بۇلاق،
گۈزەللىك ۋە ھۇزۇردا جەننەتنىڭ ئۆزى.

شائىرانە قىزىقىش، ھاياجان بىلەن
سەيلە قىلدىم سېنىڭدە، چۈشتۈم رەسىمگە.
تېپىۋالدىم يوقالغان جۇشقۇن ياشلىقنى
ئىلھام قايىنار ھەر قېتىم كەلسەك ئېسىمگە...

1989 - يىل 23 - نويابىر. خاڭجۇ
شىخۇ كۆلى

## دەريا ئۇزۇن، تاغ يۈكسەك

چوڭ كېچە ماگماقتا دولقۇننى يېرىپ،
فۇسۇنجياڭ دەرياسى ئىچىدە راۋان.
تۇرىمەن بالكوندا قاراپ ئەتراپقا،
دەريادا، ساھىلدا، تاغلاردا تۇمان.

چېچەكنى يەلپۈتۈپ تارايدۇ شامال،
بۇژغۇندىن ئۈنچىلەر چاچرار يۈزۈمگە.
ئاق تۇمان - ئاق شايى پەردە ئىچىدىن
كۆرۈنەر بىر گۈزەل سۈرەت كۆزۈمگە.

خىلمۇخىل قۇش ئۇزەر سۇنىڭ بېتىدە،
ئۇچىدۇ گاھ چۆچۈپ كۆككە پەر قې-
قىپ.
بېلىقچى قېيىقتىن تاشلاپ كەڭ تورنى،
تۇرىدۇ دەرياغا ئۈمىدلىك بېقىپ.

زۇمرەتتەك قىرغاقتا — قارىغايزارلىقتا
قەۋەتلىك ھەم كۆركەم دېھقان ئۆيلىرى.
تاغلىرى چايزارلىق، ئوت - چۆپلۈك،
گۈللۈك،
يېشىللىق دۇنياسى دەريا بويلىرى.

قارايمەن ساھىلغا، قارايمەن سۇغا،
دەريا كەڭ ھەم ئۇزۇن، تاغلار بەك ئېگىز.
بىردىنلا ئىلھامىم ياسىدى قىيان،
قەلبىمدە ھاياجان دولقۇنلۇق دېڭىز.

ئويلىدىم پاللىق، ياشلىق ئۆمرۈمنى،
ئېقىپتۇ دەريادەك يانماي كەينىگە.
ئاھ، شۇنچە قاتتىق قول ئىكەنغۇ ۋاقىت،
ئۆتەركەن بويسۇنماي ئىنسان مەيلىگە.

تۇنۇگۈن گۆدەكلەر بۈگۈن ئاق ساقال،
ئەتىچۇ، قوشۇلۇپ كېتەر تۇپراققا،
كۆپلىرى ئۇنتۇلار،
ئۇنتۇلماي ياشار
تۆھپىسى قالغانلار ئەلگە، ئەۋلادقا.

ۋاقىت چوڭ كېمىدەك ئۈزەر توختىماي،
بىھۇدە ئۇرۇنۇش توختاتماق ئۇنى.
ۋادەرىخ، يەتمەيمىز ئۆمۈر قەدرىگە،
مىڭ تونىنا زەرگە تەڭ ئۇنىڭ بىر كۈنى.

ماڭىدۇ دەريادا كېمە سۇ يېرىپ،
توسىدۇ ئالدىنى دولقۇن، خادا تاش.
ئىنسانغۇ ئىلگىرىلەر كۈرەش ئىچىدە،
تۇماننىڭ كەينىدىن پارلايدۇ قۇياش.

ئامەتمۇ، ئاپەتمۇ ئەمەس مەڭگۈلۈك،
كۆپتۈرۈش، چۆكۈرۈش-يىلتىزسىز قامغاق.
ۋاقىتنىڭ شەمشىرى تۆھمەت، ھەسەتنى
كۆيدۈرۈپ كۈل قىلار ياندۇرۇپ چاقماق.

جىنايەت، تۆھپىگە ۋاقىت سودىيە،
چىقىرار ھەققانىي ھۆكۈمنى ئاخىر.
ۋاقىت — بىر غەمگۈزار،
ئۇ بولغاچ ئىنسان
دەرد-كۈلپەت، قايغۇنى ئۇنتۇشقا قادىر.
چۈشەندىم ۋاقىتنى دەرياغا قاراپ،
كەڭ دەريادۇ ھاياتىم،
يۈكسەك تاغ-ئىقبال.
دولقۇندىن قورقماستىن ئىلگىرىلىگەن
مەرد
يېتىدۇ مەنزىلگە، تاپىدۇ كامال...
1989-يىل 26-نويابىر. خاڭجۇ.

**سەيپىدىن ئەزىزى**

# سەپەر خاتىرىلىرى

(نەسىرلەر)

## قۇياش ـ ئالىپ قۇدرەت

4 ـ سېنتەبىر، كەچ سائەت 10. مەن داۋالىنىش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ ھاۋاي قوشما ئارىلىغا قاراپ ئۇچتۇم، مانا، ئايروپىلان بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. بىزنىڭ ئاستىمىزدىكى توك چىراغلىرى پاللىداپ تۇرغان كاتتا شەھەرلەر بارغانسېرى يىراقلاشماقتا، ئۈستىمىزدە بولسا يۇلتۇز چىراغلىرى چىمىلداپ تۇرغان بىپايان ئاسمان يېيىلماقتا.

بىز چۈشكەن ئايروپىلان ئامېرىكىنىڭ «بوئىڭ ـ 747» بەلگىلىك ئايروپىلانى بولۇپ، ئۇ 300 كىشى ئولتۇرىدىغان ئىككى قەۋەتلىك، 10 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە، سائىتىگە مىڭ كىلومېتىر تېزلىكتە ئۇچىدىغان ئەڭ زامانىۋى ئايروپىلان ئىدى. ئايروپىلاننىڭ ئىچىگە كىرىپ بېشىدىن ئاخىرىغا قارىسا ئاران كۆز يېتەتتى. ئايروپىلاننىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى مەن دەسلەپ چۈشكەن ئايروپىلان يادىمغا كەلدى. 1947 ـ يىلى شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ سايلامغا نازارەت قىلىش ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنى باشلاپ قەشقەر ۋىلايىتىگە بارغانتىم. قايتىشىمدا مەن ئۇچقۇچى بىلەن ئىككىمىزلا سىغىدىغان ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ قايتتىم. ئۇ ئايروپىلان كىچىك، يەڭگىللىكىگە قارىماي سائىتىگە ئاران 200 كىلومېتىرچە تېزلىك بىلەن ئۇچاتتى. بۇ تېخى ئاز كەلگەندەك، بىز نەگە چۈشسەك ئۇنى شۇ يەردە رېمونت قىلىپ، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ئۈچ كۈندە كەلگەنىدۇق.

قارالڭ، ئەمدىلىكتە ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئايروپىلان بىلەن بىر سائەتتە بارغىلى بولىدۇ. پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرگە نېمىدېگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى بەخش ئەتتى ـ ھە؟! تېخى يەر شارى ئوربىتىسىدا ئۇچۇپ يۈرگەن سۈنئىي ھەمرالار، ئەمدىلەتىن ئۇچۇشقا كىرىشكەن ۋە رەسمىي ئۇچۇش ئالدىدىن سىناق قىلىنىۋاتقان ھاۋا كېمىلىرىمۇ بار...

خىيال قىلىپ ئولتۇرغىنىمدا ئايروپىلاننىڭ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلدى، بۇ، يولۇچىلارنىڭ ئۇخلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن بەلگە ئىكەن. مەنمۇ ئورۇندۇقنى يېنىقتىنىپ ئۇخلىغىلى ياتتىم...

بىر ۋاقىتتا ئويغانسام ئايروپىلان ئىچى خېلىلا يورۇپ قاپتۇ. دېرىزە قاپقىقىنى ئېچىپ

سىرتقا قارىسام، كۆزۈمگە كىشىگە جۇشقۇن ھېسسىيات ۋە زوق بېغىشلايدىغان كارامەت گۈزەل بىر مەنزىرە كۆرۈندى:

تاڭ قاراڭغۇسى ئۆتۈپ بوپتۇ. ئۇلۇغ ئوكياننىڭ كۆز يېتىدىغان ئۇپۇقىدىن كۆتۈرۈلگەن ئالتۇن شەپەق ئاسمانغا، پايانسىز ئوكيان يۈزىگە نۇر چاچماقتا. قۇياشنىڭ بۇ شوخ ئەلچىسى پۈتۈن ئالەمگە كۈلۈپ باقماقتا. ئۇ يەنە ئايروپىلان دېرىزىسىدىن زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇرغان بىز جۇڭگولۇقلارنىمۇ تەبرىكلىمەكتە. ئۇ ماڭا قاراپ گويا: «ئامان بول ئۇيغۇر ئوغلى، مەن قۇياشنىڭ خەۋەرچىسى، ئەنە قۇياشمۇ كۆتۈرۈلمەكتە. بىز سەن بىلەن كونا تونۇش، بىز ئىلگىرىمۇ كۆپ كۆرۈشكەن، تاغ ئارقىسىدىن مارىلاپ، چۆل-باياۋانلار ئۇپۇقىدىن چىقىپ سالاملاشقان. بۈگۈن سەن ئاسماندا، مەن ئوكيان گىرۋىكىدە يەنە ئۇچراشتۇق. ئامان بول!...» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدۇ.

گۈزەل مەنزىرە بەخش ئەتكەن ئوي-پىكىرلەر كۆڭلۈمنى بارغانچە يايرىتىۋەتتى. ئاسماندا، ئوڭدىن سولغا قىزىل، يېشىل، ھال رەڭ، سارغۇچ شالاڭ بۇلۇتلاردىن پەيدا بولغان پاياندار ئاستا-ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ يېيىلىپ، كۆك بوشلۇقتا سىڭىپ كەتمەكتە.

ئايروپىلان ئىچكى يورۇپ كەتتى، يەنە دېرىزىدىن قارىسام ئالەممۇ يورۇپ كېتىپتۇ. ئەنە، ئوكيان ئۇپۇقىدىن ئۆتكۈر، قىپقىزىل نۇرىنى چېچىپ پۈتۈن مەۋجۇداتنى تەبرىكلەپ قۇدرەتلىك قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى. ئەنە ئۇنىڭ چارەك قىسمى كۆرۈندى... يېرىمى كۆرۈندى... ئارقىدىنلا يۈزىنى تولۇق كۆرسىتىپ تەڭداشسىز يوغان، چەكسىز نۇرلۇق، قىزىل تاۋاققا ئوخشايدىغان ھالىتى كۆرۈنۈپ، ئوكياننىڭ سانسىز ياقۇتلار چېچىۋېتىلگەندەك كۆرۈنىدىغان پېشانىسىگە قوندى. ئاندىن ھايال ئۆتمەي ئۇ نۇرىنى بارغانسېرى يىراقلارغا چېچىپ كۆتۈرۈلۈۋەردى. ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئالەمنىڭ كۈلكىسىمۇ ئەۋجىگە چىقتى، بارلىق ھايات، بارلىق كائىنات، بارلىق نابادات، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

مەن يەنە ئويغا پاتتىم: ئاسمان-پەلەك، يەر-جاھاننى چەكسىز ئىللىق نۇرى بىلەن قۇچاقلاپ كۈلدۈرگەن، نېمىدېگەن قۇدرەتلىك كۈچ بۇ؟!

ئاھ قۇياش! سېنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغ قۇدرىتىڭنى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بىلەن «ئالىپ قۇدرەت» دەپ ئۇلۇغلىسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ...

شۇنداق، ئالىپ قۇدرەتلىك قۇياش! سەن پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ مەنبەسى، ياراتقۇچىسى. سېنىڭ پۈتكۈل ئالەمنى تارتىپ ۋە باشقۇرۇپ تۇرالايدىغان كارامەت قۇدرەتلىك ئاتەش كۈچۈڭ بار، ئالەمنى باشقۇرىدىغان تەڭداشسىز ئۆتكۈر نۇرۇڭ بار. سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن، ھاياتبەخش نۇرۇڭ بىلەن بىزنىڭ يەر شارىمىزدا ھەممە نەرسە بار بولدى: ھايات ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھاۋا بولدى، سۇ بولدى، نابادات بولدى... ئاخىر ئادەم بولدى.

قۇياش مېنىڭ زوقلىنىپ قىلىۋاتقان پىكىرلىرىمنى بىلگەندەك، ماڭا جاۋاب بەرگەندەك بولدۇ: «ئويلىغانلىرىڭ توغرا، ئەي ئادەم بالىسى، سىلەر مېنى ۋە ئالەمنى جىق ئۆگەندىڭلار، جىق تەتقىق قىلدىڭلار، لېكىن، ئۆگىنىشىڭلار، تەتقىق قىلىشىڭلار تېخى يېتەرلىك ئەمەس...»

«توغرا، دېدىم مەن ئىچىمدە — ئادەم بىلەن قۇياش — ئىككى قۇدرەت ھەممىدىن كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. قۇياشنىڭ قۇدرىتىگە ئاخىرسىز چوقۇنۇشتىن ئاخىرلىق پەيتىق قىلىشقىچە نەچچە مىڭ يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنىلا دەسلەپكى قەدەم ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنى ئۇزۇل-كېسىل چۈشىنىش ئۈچۈن يەنە ئۇزاق زامانلار تىرىشىش لازىم...»

«توغرا، ھارماي ئۇزاق زامانلار ئۆگىنىش لازىم، — دېدى قۇياش، — مېنىڭ ئەتراپىمدا ئايلىنىپ يۈرگەن يەر شارىنى ۋە باشقا سەييارىلەرنى ئۆگىنىش كېرەك. مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالەمنى ئوراپ تۇرغان، سىلەر «سامان يولى» دەپ ئاتىغان ئالەم ھالقىسىنى، ئالەم ئائىلە باشلىقىنى ئۆگىنىش كېرەك. بۇلا يەتمەيدۇ. سىلەر بىلگەن ۋە «قۇياش سىستېمىسى» دەپ نام بەرگەن ئالەمدىن باشقا يەنە قانچە ئالەم بار؟ ئۇلاردىكى ھاياتنىڭ تەرەققىياتى قانچىلىك؟ ئۇلاردىكى ئادەملەر سىلەردىن تۆمەنلەپ يىللار ئىلگىرى كەتمىگەنمىدۇ؟ بۇلارنىڭ سىرىنى ئۆگىنىش كېرەك. شۇنىسى ئېنىقكى، ئالەملەر سانسىز، قۇدرەتلىك قۇياش يالغۇز مەنلا ئەمەس... «سامان يولى» مۇ يالغۇز بىرلا بولماسلىقى مۇمكىن، ئۆگىنىڭلار...»

ئايروپىلان داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە، قۇياش بارغانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇ ماڭا گويا كۈلۈپ قاراپ: «يەنە كۆرۈشكىچە خەير-خوش. بىز ئۇلۇغ سەددىچىن باغرىدا، جۇڭغار، تارىم ئويپۇقلىرىدا، خانتەڭرى، بوغدا، مۇز تاغ ئاتا چوققىلىرىدا يەنە سانسىز قېتىم ئۇچرىشىمىز...» دېدى ۋە خوشلاشتى. ئۇ ئايروپىلان ئىچىدىن مەن كۆرەلمەيدىغان ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ قۇدرەتلىك نۇرى ئاسمان ۋە ئوكياننىڭ ھەممە يېرىگە كەڭ تارىلىۋەردى...

ئالەمدە يوق پەقەت خىيالى قۇدرەت،
غايىبتىن روھ ئىزدەپ تارتمىغىن كۈلپەت.
بارلىقنى ياراتقان، ھايات-جان بەرگەن
قۇياش-ئۇ تەڭداشسىز ئالىپ كۈچ-قۇدرەت!

1989 - يىل، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئايروپىلاندا.

## قۇشقاچ بىلەن سۆھبەت

تۈنۈگۈن كەچ دوختۇرخانىدىن چىقتىم. دوختۇر «ئۈچ كۈندە كارىۋاتتىن چۈشىسىز، ئون كۈندە دوختۇرخانىدىن چىقىسىز» دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئىككى كۈندە كارىۋاتتىن چۈشتۈم، يەتتە كۈندە دوختۇرخانىدىن چىقتىم. ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. دوختۇرلار بىز ئويلىغاندىن ئوڭۇشلۇق بولدى، دېيىشتى. دوختۇرلارنىڭ سەۋىيىسىگە، تېخنىكىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە قاراپ خاتىرجەم بولساممۇ، ئەندىشە يوق ئەمەس ئىدى. ئەمدى ئەندىشە كۆۋرۈكىدىن تىنچ ئۆتۈپ كەتتىم. ھەممىمىز خۇشال. تۇرار جايغا كېلىپلا ئارزۇ-گۈلگە ۋە باشقا بالىلارغا ئۆزۈم تېلېفون بەردىم. خۇشاللىقتىن كۆز يېشى قىلىشتۇق. ئەمدى دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە ئاز دېگەندە ئۈچ ئاي دەم ئېلىش كېرەك ئىكەن.

كۆڭۈل خاتىرجەملىكىدىن بولسا كېرەك، كېچە ئوبدان ئۇخلاپتىمەن، بۈگۈن ئەتىگەن ئوكيان يۈزىدىن بالقىپ چىققان ئالىپ قۇياش نۇرى كۆزۈمگە چۈشۈپ مېنى ئويغاتتى. يۇيۇنۇپ تالاغا چىققاندىن كېيىن دىلىم خۇشاللىققا چۆمدى. گويا پۈتكۈل تەبىئەت مېنى تەبرىكلىگەندەك گۈزەللىككە پۈركەنگەنىدى. نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە... يېڭى كېلىپ دوختۇرخانىغا كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرغانىدىم. لېكىن، كۆڭلۈم ئارامىدا بولمىغاچقا، تەبىئەت مەنزىرىسىگە ئانچە دىققەت قىلمىغان بولسام كېرەك. ئەمدى ھەممە مەن ئۈچۈن بۆلەكچە يېڭى، بۆلەكچە قىزىقارلىق ۋە جەلپ قىلارلىق تۇيۇلماقتا.

بىز تۇرغان بۇ جاي ھاۋايىنىڭ كىچىك بىر دېڭىز قولتۇقى ئىدى. قولتۇق خۇددى ئامبۇردەك، دېڭىزغا ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى. دېڭىز قىرغىقىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان چىرايلىق ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئىستىراھەت ئورنى ئىكەن. بۇ يەرنىڭ مەشغۇلات ئادىتى جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن، شەنبە، يەكشەنبە ئىككى كۈن دەم ئېلىش بولىدىكەن. ئاشۇنداق دەم ئېلىش كۈنلىرى دېڭىز قولتۇقىدىكى ئىستىراھەت ئورۇنلىرىغا ئادەملەر توشۇپ كېتىدىكەن.

بىز تۇرغان جاينىڭ ئارقا ھويلىسى دېڭىزغا قارايتتى. ھويلا ئوتتۇرىسىدا بىر سۇ ئۈزۈش كۆلى، يەنە بىر سۇ ئارقىلىق بەدەننى ئىشقىلايدىغان (ئەنمو قىلىدىغان) سەككىز بۇرجەكلىك كۆلچەكمۇ بار. يېزى دەرەخلىرى، شېخىدا گۈل ئېچىلىدىغان باشقا چىرايلىق دەرەخلەر، خىلمۇخىل گۈللەر ھويلا ۋە دېڭىز قىرغىقىغا زىننەت بېرىپ تۇراتتى.

مەن بۈگۈن سەھەردىكى مەشغۇلاتىم قاتارىدا سۇ ئۈزۈش كۆلىنى ئۈچ قېتىم ئايلاندىم، كېيىن سافاغا يۆلىنىپ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇردۇم. ھايال ئۆتمەي بىر قۇشقاچ ئۇچقانچە كېلىپ يېنىمغا قوندى ۋە ماڭا بىر قاراپ قويۇپ ۋىچىرلاپ بىر ھازا سايراپ كەتتى. ئاندىن چىملىق ئۈستىگە چۈشۈپ، دانمۇ، قۇرۇتمۇ، ئىشقىلىپ بىر نېمىلەرنى تېرىپ يېگىلى تۇردى.

قۇشقاچقا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ماڭا تونۇش ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى سېزىشكە باشلىدىم... ھە، ئەمدى ئېسىمگە چۈشتى! شۇنداق، ئۇ ماڭا تونۇش قۇشقاچ بولۇپ چىقتى. ئۇنى مەن مۇشۇ يەرگە كەلگەن كۈنى كۆرگەنىدىم، ئۇ مەندىن ھېيىقماي، ئەتراپىمدا چۆگىلەپ بىر پەس سايرىغان، بىز ئەنە شۇنداق تونۇشۇپ قالغانىدۇق. ئۇنىڭ چوڭلۇقى بۇلبۇلچىلىك بار، بېشى قىپقىزىل، تۇمشۇقى سېرىق، بەدىنى كۆك رەڭ ئىدى. يەر ئۈستىدە سەكرەپ ماڭاتتى، مەيلى يېقىندىن، مەيلى يىراقتىن تۇرۇپ قارىغانىدىمۇ ئوخشاشلا چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

بىز تۇرغان بۇ يەردە كىشىلەر قۇشلارغا چېقىلمايدىكەن، قۇشلارمۇ ئادەمدىن قورقمايدىكەن. بايىقى قىزىل باش قۇشقاچنىڭ كەلگەن كۈنۈملا مېنىڭ يېنىمغا ھېيىقماي كېلىپ، سايراپ ئويناشلىرىمۇ، ئۇنىڭ ئادەملەرگە ئىجىللىقىدىن بولغانلىقىنى ئەمدى يادىمغا كەلتۈردۈم.

قىزىل باش قۇشقاچ چىملىقتىن سەكرەپ-سەكرەپ يەنە يېنىمغا كەلدى، ۋىچىرلاپ

سايراپ مەندىن كۆزىنى ئۈزمەيدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى گويا ماڭا گەپ قىلىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. كېيىن ئۇ لىككىدە سەكرەپ مېنىڭ جەينىكىم يېنىدىكى بىر تۈپ گۈلنىڭ شېخىغا قوندى، ئىككى تەرەپكە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن يەنە ۋىچىرلاپ سايراشقا باشلىدى.

ئۇ نازۇك، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ناھايىتى ئوبدان سايرايتتى. سايراۋېتىپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قانات قېقىپ قوياتتى ۋە تۈرۈپ ـ تۈرۈپ بېشىنى ئېگىپ، ئوڭ ـ سول تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئۇ مېنىڭ مەسلىكىم كەلگىنىنى بىلىپ قالغاندەك بارغانسېرى قىزىپ سايراپ كەتتى...

كېيىن ئۇ بىردىنلا سايرىشىنى توختىتىپ، ماڭا قاراپ قاناتلىرىنى قېقىپ، قىزىل بېشىنى ئوينىتىپ، كۆز ئۈزمەي، گويا مەندىن: «قانداق، ناخشام يارامدىكەن؟» دەپ سورىغاندەك بولدى.

مەنمۇ ئۇنىڭ چىرايلىق سىياقىغا قاراپ:

«ياخشى سايرايدىكەنسەن، بەك ياخشى، ئاڭلاپ خۇش بولدۇم، رەھمەت...» دېدىم.

«سەن ياقا يۇرتتىن كەلگەنگە ئوخشايسەن، دېگەندەك بولدى ئۇ ماڭا، ــ ئۇياقلاردا قۇشقاچلار بارمۇ؟»

«بار، بەك جىق، خىللىرىمۇ كۆپ ھەم ياخشى سايرايدۇ.»

«سەن قۇشقاچنى ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلىسەن، شۇنداقمۇ؟»

«ھە، شۇنداق، تاپتىڭ، بەك ياخشى كۆرىمەن.»

«ئۇنداق بولسا، مەن ھەر كۈنى كېلەي، بىللە ئوينايلى، ماقۇلمۇ؟ مېنىڭ بىرمۇنچە دوستلىرىم بار، ئۇلارمۇ كېلىدۇ... ھە، ئەنە كېلىشتى!»

دېگەندەك بىر توپ قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ ئەتراپىمغا قوندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەنجان پاختىسىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىلى يورغىلاپ ماڭىدىغان قۇشقاچ ئىكەن. يەنە بىرسى قاشلىق بۇلبۇلغا ئوخشايدىكەن، ئەمما، قۇيرۇقى ئاق ئىكەن. يەنە بىر خىلى كىچىك سېرىق قۇشقاچ ئىكەن... ئۇلار كېلىپ بىرئاز ۋاقىت دانلىغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، ۋىچىرلىشىپ ئويناشتى، مېنىڭ بۇ يەردە بارلىقىمغا پەرۋامۇ قىلمىدى، ئاياغلىرىمنىڭ ئارىلىقىدىن يورغىلاپ ئۆتۈشتى. ھەتتا ھېلىقى سېرىق قۇشقاچلارمۇ تىزىمغا چىقىپ، سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ، يەنە تىزىمغا قونۇپ ئوينىدى.

كونا «دوستۇم» ــ قىزىل باشلىق قۇشقاچ دولامغا قونۇۋېلىپ، مېنى يېڭى كەلگەن دوستلىرىمغا تونۇشتۇرغاندەك ۋىچىرلاپ كالتە سايرىدى، پەسكە سەكرىدىپ چۈشۈپ ئۇلارغا قوشۇلدى ۋە يەنە دولامغا قونۇپ سايراپ كەتتى.

مەن بۇ قۇشلارغا زوقلىنىپ قاراپ بىر ھازا ئولتۇردۇم. كېيىن بۇ قۇشقاچلار دېڭىز تەرەپكە قارىشىپ توختاپ قېلىشتى. مەنمۇ دېڭىز تەرەپكە قاراپ ئاسماننىڭ پەس تەرىپىدە ئۇچۇپ يۈرگەن بىر توپ چايكىنى كۆردۈم. كۆزۈمنى يۆتكەپ قۇشلارغا قارىشىمىغىلا ئۇلار پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىشتى. كونا «دوستۇم» بولۇپ قالغان ھېلىقى قىزىل باش قۇشقاچلا ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئۇچۇپ كەتمەي، مېنى چۆگىلەپ ۋىچىرلاپ سايرىدى، ئاندىن

گۇل شېخىغا قونۇپ يەنە ئازراق سايرىدى. ئۇنىڭ بۇ سايراشلىرى مەن بىلەن خوشلىشـ ۋاتقانلىغا ئوخشايتتى. كېيىن، دېگەندەكلا، ئۇ ماڭا تىكىلىپ بىر قارىۋېتىپ، بېشىنى ئازراق ئېگىپ پۇررىدە ئۇچۇپ، بايا كەتكەن ئاغىنىلىرىنىڭ كەينىدىن كەتتى.

ئۇلار چايكىلار ئۇچۇپ يۈرگەن دېڭىز تەرەپكە ئەمەس، تاغ تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. مەن بۇ قۇشقاچلارنىڭ ھېلىلا ئۆزۈم كۆرگەن ئەنسىز تىكىلىشلىرىگە ۋە چۆچۈپ ئۇچۇشـ لىرىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدىم: «بۇ قۇشقاچلار نېمىشقا چايكىدىن ئۈركۈيدۇ؟ چايكىلارمۇ قۇشلار جىنسىدىن بولۇپ، ئۇلار بېلىقنى ئوزۇق قىلىدىغان، قۇشلار ئىچىدە باشقا كۆشەندـ دىلىرى بولمىغان پەررەندە ئىدىغۇ؟ ياكى بۇ قۇشقاچلار چايكىلارنى سارغا، ياكى قۇشقاچ ئوۋلايدىغان بۈركۈت تېپىدىكى يىرتقۇچ قۇشلارغا ئوخشىتىپ قالدىمۇ - يا؟»

شۇ چاغدا مەن يەنە بۇ يۇرتتا ھايۋانلارنى ئاسرايدىغان مەخسۇس قانۇن بارلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يادىمغا ئالدىم. شۇنداق قانۇن بولسىمۇ باردۇر، لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوۋچىلىق كەڭ ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىلىدىكەن. ئوۋچىلار نېمىنى ئوۋلايدۇ؟ ئەلۋەتتە ھايۋانلارنى ئوۋلايدۇ، خالىغانچە قىرىدۇ - دە!

مېنىڭ كۆزۈمگە ھەرخىل ئىتلارنى يېتىلىۋالغان كىشىلەر كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇ يەردە ئىتنى كىشى ھەيران قالىدىغان دەرىجىدە ئەتىۋارلاپ باقىدىكەن، ئاسرايدىكەن. ئەمما، ئادەملەرنىچۇ؟ ھوقۇقسىز، قۇل ئورنىدىكى قارا تەنلىك كىشىلەر، بولۇپمۇ ئىندىئانلارنىڭ كەچۈرۈۋاتقان تۇرمۇشى بەكلا ئېغىر، ئامېرىكا دۆلىتىدە ئون مىليوندىن ئارتۇق ئىشسىز ۋە يەنە نەچچە مىليونلىغان ماكانسىز بارىكەن. كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئەخلەت ئارىسىدىن تېپىلغان نەرسىلەرگە تايىنىپ ئۆتكۈزىدىغان سەرگەردانلار ئاز ئەمەسكەن. ئۇلارنىڭ ھاياـ تى قانداق كاپالەتلەرگە ئىگە؟ قىزىل باش قۇشقاچ يادىمغا كەلدى. ئۇ ئادەملەردىن قاچـ مايدۇ، ئادەملەر بىلەن ئىجىل، ئىناق ياشايدۇ. لېكىن ئۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ نەپسى ئۈچۈن يۈز مىڭلىغان ئادەملەرنى چەيلەپ، نابۇت قىلىۋاتقان «ئادەملەر» نىڭ بارـ لىقىنى بىلەمدىغاندۇ؟

بۇ يەرنى «ئەركىن» دەپ ئالدانما قۇشقاچ،
پەخەس بول، بارسار تاز، كەلسە نېرى قاچ!
داڭلىغان، ماختىغان «ئەركىن دۇنيا» دا،
ئۇنۇتما بارلىقىن تۇمەنلىگەن ئاچ...

1989 - يىلى، 9 - ئاينىڭ، 19 - كۈنى، ھاۋاي.

## ئۇلۇغ ئوكياندا سۇ ئۈزۈش

بۈگۈن دوختۇرخانىدىن چىققىنىمنىڭ سەككىزىنچى كۈنى. مەن سۇغا چۈشتۈم، يەنە كېلىپ نامى «ئۇلۇغ» ۋە «تىنچ» دەپ ئاتىلىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئوكيانغا چۈشتۈم، ئۇنىڭ ئىللىق سۈيىگە چۆمۈلدۈم، ئۇنىڭ يۈزىدە غۇلاچ تاشلاپ ئۈزدۈم.

سۇغا دەسلەپ كىرگىنىمدە ياۋاش دولقۇنلار مېنى قارشى ئالىدىغاندەك بەدىنىمنى ئاز - تولا لىڭشىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن كەينى - كەيندىن ئۇلىشىپ كەلگەن دولقۇنلار ئۇنچە ئەركىلىتىپ يۈرمىدى. مەن بۇ دولقۇنلارنىڭ كۈچىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس - ماس قالدىم. شۇنداقتىمۇ، ئوكيان ئۆز دولقۇنلىرى بىلەن بەدىنىمنى يەڭگىل پەپىلەپ، چاچ-چاچ قىلىپ قويىدى، دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، ئەكسىچە بولغاندا، بىر ئۇرۇپلا مېنى دومىلىتىۋەتكەن بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قوينىغا يىراقتىن كەلگەن، ئاسىيانىڭ پېشانىسىدىن چىققان بىر ئۇيغۇر ئوغلىنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ، ئۆزىنىڭ «ئۇلۇغ» ۋە «تىنچ» دەپ ئاتىلىدىغان نامىغا مۇناسىپ ھەرىكەت قىلدى.

شۇنداق، ئۇلۇغ ئوكيان! سەنمۇ بىر تەرىپىڭ بىلەن جۇڭگولۇق ھېسابلىنىسەن. سېنىڭ پۈتكۈل غەرب ۋە بىر قىسىم شىمالىي جەنۇب ئېتەكلىرىڭ جۇڭگوغا تەۋە. قاراپ باق، جۇڭگونىڭ شىمالىي دېڭىزىدىن باشلاپ تا جەنۇبىي دېڭىزغىچە، تەيۋەن ۋە دۇڭشىيا، شىشىيا ئاراللىرىغىچە بولغان نەچچە يۈزمىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان سۇ دېڭىزى سېنىڭ بىر قىسمىڭ ھېسابلىنىدۇ. سېنىڭ قوينۇڭغا قوشۇلۇپ تۇرىدىغان خۇاڭخې، چاڭجياڭ، جۇجياڭ ... قاتارلىق چوڭ - چوڭ دەريالار ۋە يەنە بىر مۇنچىلىغان كىچىك دەريالار ئۆز ئېقىمىنىڭ ئىككى ۋادىسىغا سانسىزلىغان بوستانلارنى گۈللەندۈرۈپ ئاندىن ساڭا بېرىپ قۇيۇلىدۇ.

شۇنداق، ئۇلۇغ ئوكيان! سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭمۇ جۇڭگولۇق بولغانلىقىڭدىن ئايرىلمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، سېنىڭ باغرىڭغا كەلگەن بىر جۇڭگو ئوغلىنى يەكلىمەسلىكىڭ بەلكى ئۇنىڭغا ئىززەت - ھۆرمەت بىلدۈرۈشىڭ تەبىئىي - دە!

ئۇلۇغ ئوكيان مېنىڭ خىتابلىرىمغا قوشۇلغاندەك يېنىك تەۋرەندى، ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن ياۋاش دولقۇنلار مېنى تېخىمۇ ئەركىلىتىپ ئويناتتى.

سۇدا بىر پەس ئۈزگەندىن كېيىن قىرغاققا چىقىپ، قۇمدا يېتىپ، قۇياش نۇرىغا قاقلاندىم. بۇ يەرنىڭ قۇمى ئۇندەك يۇمشاق بولىدىكەن، ئۇ سۇدىن چىققان بەدىنىمنى تېخىمۇ راھەتلەندۈرۈپ ئارام بەردى. بەل، پۇت، مەيدىلىرىمنى يۇمشاق قۇم؛ يەلكە، دۈمبىلىرىمنى قۇياش قىزىتىپ ھۇزۇرلاندۇردى. شۇ ئەسنادا بىر پارچە قارا بۇلۇت كېلىپ مەن بىلەن ئويناشقاندەك قۇياشنىڭ يۈزىنى توسۇۋالدى. «ئۇنداق قىلمىغىن بۇلۇت، سېنىڭ ئاشۇ ئەيىبىڭ بۇ يەردىمۇ بار ئىكەن. قۇياشنىڭ يۈزىنى مەندىن توسۇما، بىردەم بولسىمۇ ئالەمنى، ئىنسانلارنى، جانلىقلارنى ئۇنىڭ ھايات بەخش نۇرىدىن مەھرۇم قىلما ...» دېدىم مەن ئىچىمدە.

قۇياش بۇلۇتنى يېرىپ چىقتى، پۈتكۈل جاھاننى يەنە ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرى بىلەن پۈركىدى. «راست دەيدۇ، — دېدى گويا قۇياش، — بۇلۇت، سەن يىراقتىن كەلگەن بۇ مېھمانغا مېنىڭ نۇرۇمنى توسۇپ ئازار بەرمە. بىلەمسەن، ئۇ داۋالانماقتا. ئۇنىڭغا شىپالىق كېرەك، مېنىڭ نۇرلىرىم ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى شىپا ...». قۇياش ئەمدى ئالقاندەك بۇلۇت يوق ئاسماندا ماڭا كۈلۈپ قارىدى. باياتىنقى بىر پارچە بۇلۇت ئەمدى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. مەن مەستخۇش ھالەتتە شىپالىق قۇياش نۇرىغا قاقلىنىپ

ئۇزاق ياتتىم، سوغا چوڭمۇلدۇم، چىقىپ يەنە ياتتىم. ئۇلۇغ ئوكياننىڭ تىنىمسىز دولقۇنلىرى بەرگەن ئارامىنى يۇمشاق قۇم ئۈستىدە ياتقان چاغدا چىچىلغان قۇياش نۇرى كۆچەيتىپ تۇراتتى.

قىرغاقتىن قايتىپ، دۇشتا يۇيۇنۇپ، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم - دە، ئۈنئالغۇنى ئاچتىم. ئۇيغۇر قىزىنىڭ شوخ - يېقىملىق تونۇش ئاۋازى مېنى تەڭرىتاغ، پامىر، كۆئېنلۇن ئېتەكلىگە، تارىم ۋادىسىغا ئېلىپ كەتكەندەك بولدى. شۇنداقلا يەنە ئاشۇ ئاۋازلار ئوكيانلار ئاسمىنىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ يېنىمغا كەلگەندەكمۇ بىلىندى. مەن ياتقىنىمچە ئاشۇ ئاۋازلارنىڭ نامايىشىنى تاماشا قىلىپ، ئوكيان يۈزىگە قارايمەن. (بىز ياتقان ئۆينىڭ تاملىرى تۇتاش تاشئەينەك بولغاچقا، ئۆي ئىچىدە گويا ئۆزۈمنى ئوكيان ئوتتۇرىسىدا تۇرغاندەك سېزىمەن.) شۇ تاپتا ناخشا ساداسىغا ئوكيان ئۆزىنىڭ تەۋرىنىشى ۋە ياۋاش دولقۇنلىرىنىڭ قىرغاققا ئۇرۇلغان ۋاقتىدا چىقارغان رىتىملىق شارقىرىشى بىلەن تەڭكەش بولۇۋاتقاندەك سېزىلدى.

مېنىڭ سانسىز دوستلىرىم بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان سەنئەتچىلەرمۇ بار. ئۇلار ماڭا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇقاملىرىنى، خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ ناخشىلار ماڭا ئىلھام ۋە ئارام بېرىدۇ. بەزىدە ئىلھاملىرىمنى دولقۇنلىتىپ، ھېسسىياتىمنى ئۇرغۇتۇپ بىر قاتار مىسرالارنىڭ قەغەز يۈزىگە تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇ ناخشىچى ئۇيغۇر بۇلبۇللىرى ماڭا يولداش، مۇڭداش بولۇپ، نەدە بولساق بىز بىللە ياشايمىز. ئۈنئالغۇ لېنتىسى توختىماي ئايلانماقتا. ئەنە، پاشا ئىشان، ئايشەم قەييۇم، تۇرنىسا سالاھىدىن، رىسالەت ھاپىز قاتارلىق بۇلبۇللار يېنىمغا ئۇچۇپ كەلگەنچە توختىماي سايرىماقتا. ئۇلارنىڭ جاراڭلىق ناخشىلىرىغا ئۇلۇغ ئوكياننىڭمۇ مەسلىكى كەلمەكتە، مېنىڭ يېڭىلا ئوپېراتسىيە قىلىنغان يۈرىكىمنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلار دولقۇنلىماقتا. ئۇيغۇر روھىنى نامايىش قىلىشتىن توختىمىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇقاملىرىنىڭ سادالىرى ئۇلۇغ ئوكيان ئاسمىنىدا جاراڭلىماقتا. ئاسمان پەرىلىرى بۇ «بۇلبۇل» لارنى قارشى ئالماقتا...

شۇ ئارىدا ئايىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئىشىكتىن ناخشا مۇزىكىسىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويىنغانچە كىردى. مەن ئۇنىڭ ئۇسسۇلى ئىچىدە خەلچەم سىدىقنىڭ ئىجراسىدىكى دولان ئۇسسۇلىنىڭ، خەيرىنىسا تۆلەندى ئىجراسىدىكى ئاتۇش ئۇسسۇلىنىڭ، ئايتىللا ئوينىغان ئۆزۈمچىلىك ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. پەيزىگە پەيزى قوشۇلدى، مەن يېتىپ ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرگۈچى بولۇشقىلا قانائەت قىلماي چاۋاك چېلىپ قوشۇلدۇم...

تەڭرىتاغ بۇلبۇللىرى ياڭراتتى ناۋا،
ئوكيان ئۆركەشلەپ قوشتى تەڭ سادا.
پەرىلەر قارشى ئېلىپ چوشتى مەيدانغا،
قايندى پەلەكتە ئۇيغۇرچە ساما.

1989 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ھاۋاي.

# گەپ يىلتىزدا

ھەر كۈنكى مەشغۇلات ئادىتى بويىچە، ھاۋا يېگەچ بىر ئاز ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن كوچىغا چىقتۇق.

ھاۋاي چوڭ-كىچىك قوشما ئاراللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەركىزى ھونولۇلۇ ئىكەن. بۇ جاي ھاۋا ئىقلىمى، مەنزىرىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتلەردىن ئۆزگىچە، گۈزەل، يېقىشلىق جاي ئىكەن. شۇ سەۋەبلەردىن خەلقئارادا داڭلىق ساياھەت-ئىستىراھەت ئورۇنلىرىنىڭ بىرسى سانىلىدىكەن.

بىز تۇرغان جاي شەھەر مەركىزىدىن چەتتىرەك، دېڭىز بويىدىكى ئەڭ ئوبدان ئىستىراھەت ئورنى ئىكەن. بۇ جاينىڭ ئالدىدا تولىمۇ رەتلىك، بىر-بىرىدىن چىرايلىق ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرگەن كوچا بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىستىراھەت قىلىشقا مۇۋاپىق لايىھىلەنگەن، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپى ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك ئىسسىق بەلباغ دەرەخلىرى ۋە گۈللەرگە تولغان.

بىز كوچىنىڭ چېتىدىكى پىيادىلەر يولى بىلەن كېتىۋاتاتتۇق، مۇھاپىزەتچىم ماڭا قاراپ:

— دەرەخلەرگە قاراڭ، شۇنچە چىرايلىق، ئەمما، ئاۋۇ بىر تۈپىنىڭ ياپراقلىرى سارغىيىپ قۇرۇغىلى تۇرۇپتۇ، — دېدى.

ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىسام، ھېلىقى دەرەخنىڭ يىلتىزلىرى كۆپ ھەم ئۇزۇن بولۇپ، يېرىمى يەرنىڭ ئۈستىدە ئىكەن. يىلتىزى يەر ئاستىغا چوڭقۇر كىرمىگەن ئىكەن، ئۇ كېتىۋېتىپ باشقا بىر تۈپ دەرەخنى كۆرسەتتى.

— قىزىق، ماۋۇ دەرەخ يىقىلىپ قالاي دەپتۇ، ئەمما پۈتۈن شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى كۆكىرىپ تۇرىدۇ، — دېدى.

قارىسام راستىنلا چوڭ بىر تۈپ يېزى دەرىخى يىقىلىپ شاخلىرىنىڭ ئۇچى يەرگە تېگىپ قاپتۇ. لېكىن پۈتۈن تېنى، ياپراقلىرى ياپيېشىل ھەتتا پىشاي دەپ قالغان بىر نەچچە ئون يېزى مېۋىسى شاخلار، يوپۇرماقلار ئارىسىدا ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. بۇلارغا قاراپ، بۇ يېزى دەرىخى بارغانسېرى ياشىرىپ ئۆسۈۋاتامدۇ نېمە، دېگۈسى كېلىدۇ كىشىنىڭ.

مەن بۇ دەرەخنىڭ كۈچىگە قايىل بولماي تۇرالمىدىم. دەرھال ئۇنىڭ تۈۋىگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭغا ئاشۇنداق كۈچ ماغدۇر بەرگەن — يوپۇرماقلىرىنى داۋاملىق ياشنىتىشقا، مېۋىلىرىنى داۋاملىق پىشىشقا ئىمكانىيەت ۋە قۇۋۋەت بەرگەن سەۋەبنى چۈشەندىم-دە،

...

مۇھاپىزەتچىمگە بۇرۇلۇپ دېدىم: گەپ يىلتىزدا!

يىلتىزى چىڭ دەرەخ داۋاملىق ياشنار،
شېخىدا كۈلەر گۈل، پىشىدۇ ئانار.
يىلتىزدىن قېرىغان غول بولسىمۇ ياش،
شاخلىرى بالدۇرلا كۈچىدىن يانار.

1989 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ھاۋاي.

## ۋەتەن ئىشقى

داۋالىنىش ۋە دەم ئېلىش بىلەن هاۋايدا ئىككى ئايغا يېقىن تۇردۇم. 10 - ئاي-
نىڭ 31 - كۈنى قايتىپ، توكيودا سەككىز كۈن تۇرۇپ، 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋەتەنگە
قاراپ ئۇچتۇم.

ئۇلۇغ ئوكيانىنىڭ غەربىي قىسمى ئاسمىنىدا ئۇچۇپ كېتىپ بارغاندا، ۋەتەنگە يېقىنلاش-
قانچە قەلبىمدە بىر خىل خۇشاللىقنىڭ دولقۇنلىنىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدىم. چۈنكى،
ۋەتەن باغرىغا چۈشۈشكە ئۇزاق ۋاقىت قالمىغانىدى.

ۋەتەننىڭ قەدرىنى، ۋەتەنگە بولغان مۇهەببەتنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ۋەتەن سىرتىغا چىق-
قاندا چوڭقۇر هېس قىلىدىكەن كىشى. مەن ئىلگىرى چەتكە چىققان چاغلىرىمدا شۇنداق هالنى
كۆپ قېتىم هېس قىلغانىدىم. رادىئودىن ۋەتەن هەققىدە خەۋەر، ناخشىلارنى ئاڭلىغاندا، ئاجا-
يىپ يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا بولغانىدى. بىر قېتىم چەت ئەلدە خەلقئارا تەنهەرىكەت مۇسابىقى-
سىنىڭ ئاخىرىدا 1 -، 2 -، 3 - بولغانلارنىڭ دۆلەت بايرىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئوتتۇرىدى-
كى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنىڭ ئاۋۇ ئىككىسىدىن ئېگىزرەك كۆتۈرۈلۈۋاتقانلى-
قىنى كۆرگەندە هاياجانلىنىشتىن كۆزۈمگە تولغان ياشنى ئاران باسقانىدىم.
بۇ قېتىم چەت ئەلدە داۋالىنىش، دەم ئېلىش جەريانىدا ئوخشاشلا ۋەتەننى سېغىنىش
هېسسىياتى كۈچلۈك بولۇپ تۇردى.

هەركۈنى چۈشتىن كېيىنكى سائەت بەشنى كۈتۈمىز. بۇ ۋاقىتتا بېيجىڭ رادىئو-
سى ئامېرىكىدىكى مۇهاجىرلارغا يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلىتاتتى.

دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق بايرىمى كېلىپ قالدى. خەۋەرلەرنى تېخى-
مۇ قىزىقىپ ئاڭلىدۇق. تېلېۋىزوردا دۆلىتىمىزنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى 28 يىللىق
كۈرەش يوللىرىنى كۆرسىتىدىغان هۆججەتلىك فىلىملارنى بەردى. ئۇ ئۆز ۋاقتى-
دىكى هۆججەتلىك فىلىم بولۇپ، ئەمەلىي ئەهۋال كۆرسىتىلگەن. ئېكراندا 1949 -
يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تيەنئەنمېن راۋىقىدا ماۋجۇشى مېنى قولتۇقلاپ تىرىبۇناغا ئال-
دىغا كېتىپ بارغان ۋە مەن ماۋجۇشىنىڭ ئارقىسىدا باشقا رەهبەرلەر بىلەن بىللە تۇر-
غان كۆرۈنۈش پەيدا بولىدى. باشقىلار «ئەنە، قاراڭ سىز چىقتىڭىز» دېيىشتى. بۇ
ۋەقە مېنىڭ ئۆمۈر تارىخىمدىكى چوڭ ۋەقەلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەهمىيەتلىك شەرەپلىك
تارىخىي ۋەقە ئىدى، بۇ شەرەپ شىنجاڭ خەلقىگە مەنسۇپ، ئەلۋەتتە...

مۇشۇ خىياللار بىلەن ئولتۇرغاندا ئايروپىلاننىڭ دۆلەت قۇرۇغلۇقىغا يېقىن كېلىپ
قالغانلىقىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ، ئۇچقۇچىلار يېنىغا كىرىپ ئولتۇردۇم...

ئەنە، ئۇلۇغ ئوكيانىنىڭ غەربىي ساهىلى — ۋەتەن دېڭىزى پارقىراپ تۇرماقتا ... ئەنە،
ۋەتەن تۇپرىقى كۆرۈندى. ئايروپىلان شاڭخەينى ئوڭ ياقتا قالدۇرۇپ، سۇجۇدىن ئۆ-
تۈپ، ۋۇشىدىن شىمالغا بۇرۇلدى ۋە نەنجىڭنى هەم چاڭجياڭنى ئاتلاپ بېيجىڭنى كۆز-
لەپ ئىلگىرىلىدى.

ئەنە ۋەتەننىڭ يۈرىكى، ئۇلۇغ ئاستانە — بېيجىڭ. ئايروپىلان شەهەرنىڭ شىمالى

ۋە شەرقى تەرىپىنى ئازراق ئايلىنىپ ئايرودورومغا ياۋاش قوندى.

يولداشلار، دوستلار، بالىلار بىزنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. بۇ قۇچاقلىشىش ئۇزاتقان ۋاقىتتىكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئىدالىق ياشلىرىنى تۆككەنىدى، ئەمدى بولسا خۇشاللىق كۆز ياشلىرىنى تۆكەتتى، چىرايلىرىدىن خۇشاللىق ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۆيگە كېلىپ بالىلار، خىزمەتچىلەر بىلەن خۇشال - خۇرام كۆرۈشتۇق. ئاندىن «ئۆز ئۆيۈڭنىڭ خۇشلۇقى، پۇت - قولۇڭنىڭ بوشلۇقى» دەپ پۇت - قوللىرىمىزنى سوزدۇق.

ئوغلىغا قەدىرلىك قەدىردان ۋەتەن،
قىزىغا مېھرىلىك مېھرىبان ۋەتەن،
خالايىق بەختىگە بول ئامان مەڭگۈ،
خەلقىمىز پاناھى پەھلىۋان ۋەتەن.

1989 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى. بېيجىڭ
مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل.

ئەسئەت ئابدۇقادىر

# نەسرلەر

## چال

مەن ئۆتمۈش ۋە كېلىچەك ئۆتىكىدە تۇرۇۋاتاتتىم، نېمىشقىدۇر قەلبىم سۇس دالغۇپ، يۈرىكىم زەئىپ سوقماقتا ئىدى. كۆز ئالدىمدا كېلىچەك رەڭدار جۇلالىنىپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ شۇنداق چىرايلىق، لاتاپەتلىك، خىيالىي جەننەتتەك گۈزەل، بەرنا ئىدى. كېلىچەككە بىرلا ئىرغىپ سەكرىسەملا يېتەلەيدىغاندەك ئىدىم. چۈنكى ئۇ شۇنداق يېقىن ئىدى. لېكىن مەن بىلەن كېلىچەك ئارىلىقىدا چوڭقۇر هاڭ بار ئىدى، مەن ئۇيغا چۆمدۈم، بىقۇۋۋەت تەنلىرىم، تىترەپ تۇرغان پۇتلىرىم هاڭدىن هالقىپ ئۆتەلەرمۇ؟ مەن ئامالسىز توختاپ قالدىم. ئارقا تەرىپىمدە ئۆتمۈش كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ يەردە مېنىڭ سەبىي غەمسىز، شوخ ياشلىقىم مېنى چاقىرىۋاتاتتى. ئۇ يەردىكى قۇش بالىلىرىدەك چۇرقىرىشىشتىن ئەۋجىگە چىققان سادادىن قەلبىم تىترىدى. مەن ئۆتمۈشۈمگە قايتماقچى بولدۇم لېكىن مەن بىلەن ئۆتمۈش ئارىلىقىدىمۇ كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر هاڭ بار ئىدى. مەن تېڭىرقاپ قالدىم. ئىنسانلار ئۆتمۈشتىن كېلىچەككە توختاۋسىز كېتىۋاتماقتا ئىدى، مەن بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان ئىككى هاڭ ئوتتۇرىسىدا بىر هازاغىچە تېپىرلاپ تۇردۇم، ئاخىرى چارچاپ ماجالىم قالمىغانلىقىمنى هېس قىلىپ، پۇتۇمنى سوزۇپ، كۆزۈمنى يۇمغىنىمچە ئۇگىدىسىغا يېتىۋالدىم.

## سۆيگۈ ھەققىدە رىۋايەت

مەن چەكسىز ئورماندا زاھىد بولۇپ ئىستىقامەتكە ئولتۇردۇم. ياز شامىلى شۇنداق ئىللىق، شۇنداق نەمخۇش ئىدى. قۇشلارنىڭ خەندان ئۇرۇپ سايراشلىرى كىشى قەلبىگە لەززەتلىك ئارام بەخش ئېتەتتى، بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان گۈللەرنىڭ بەرگىدىكى يامغۇر تامچىلىرى قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ چاقنايتتى.

مەن خاۋاتىرلەندىم. يۈرىكىمدە ئويۇپ قالغان مۇزنىڭ گۈل بەرگىدە چاقنىغان قۇياش نۇرى تەپتىدە ئېرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىم. شۇڭا مەن ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە — نۇر ئەبەدىي چۈشەلمەيدىغان قاراڭغۇ جاينى ئىزدەپ ماڭدىم. كېتىۋېتىپ، ئەتراپى بۈككىدە چىم بىلەن ئورالغان، كۆپكۆك سۇلىرى سۈس داۋالغۇپ تۇرغان بىر كۆلگە دۈچ كەلدىم، كۆل ئىچىدە ئوكدىسىغا سوزۇلۇپ بىر پەرى ياتاتتى. ئۇنىڭ ئاپئاق تېنى شۇنچە سۇزۇك، شۇنچە جەزىبىلىك ئىدى. تولغان كۆكسى پۇتلىرىنىڭ سۇنى يەڭگىل چايقىشىدىن تىترەيتتى، چاچلىرى كۆل يۈزىدە تال - تال يېيىلىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ بۇ سىياقى يۈرىكىمدىكى مۇزلارنى ئېرىتىۋەتتى، مەن ئاستاغىنە بېرىپ ئۇنىڭ كۆل بويىغا سېلىپ قويغان ئاق شايى كۆڭلىكىنى يوشۇرۇپ قويدۇم. ھېلى ئۇ مەندىن كىيىمىنى تىلەيدۇ، مەن ئۇنىڭدىن نېمە تىلەرمەن؟

## تۈن بالىسى

مەن تۈن بالىسى.

مەن جىمجىت تۈندە، سانسىزلىغان قەبرىلەرنىڭ بىرىدە ئەبەدىيلىك ئۇيقۇغا كەتكەن ئانامنىڭ باغرىدىن كېپەنلىكنى يىرتىپ، قاراڭغۇ گۆردە كۆز ئاچقان، مېنىڭ يۈرەكنى تىلىپ، قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان يىغا ئاۋازىم كەڭ بوشلۇقتا ئۇقچۇپ چىقىپ تارالغان. شۇڭلاشقا كىشىلەر مېنى تۈن بالىسى دەپ ئاتاشقان.

مېنىڭ بارلىقىم ئانامغا ھەم سۆيگۈمگە تەئەللۇق، ئاناممۇ - سۆيگۈممۇ ئاشۇ جىمجىت قەبرىدە. شۇڭلاشقا مەن ھەر دائىم يۇلتۇزلار شوخ چاقنىغان ئاي قاراڭغۇسىدا قەبرىستانلىقتا كېلىپ تۇرىمەن. مەن بۇ جايدا مېنى باغرىغا بىر قېتىممۇ بېسىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان ئانامغا تەسەللى ئىزدەيمەن، ماڭا ئوخشاش تۈندە قەبرىستانلىقتا دۇنياغا كەلمەكچى بولغان سۆيگۈمنى كۈتىمەن.

مەن تۈن بالىسى، مېنىڭ مۇڭلۇق ناخشام قەلبى ئۆرتەنگەن كىشىلەرگە ئارام بەرگۈسى.

## مۇھەببەت ئابىدىسى

جىمجىت كېچىدە، چىراغ يېقىلمىغان قاراڭغۇ ئۆيدە كرېسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنتۇلغۇدىن لەرزان ياڭراۋاتقان «مۇھەببەتنىڭ رومانتىك تارىخى» نى ئاڭلاشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن.

لەرزان مۇزىكا مېنى ياپيېشىل چىملىقتا ئورالغان پايانسىز دالىغا باشلاپ بارىدۇ. ئۇ يەردە مەن نەمخۇش ھاۋادىن كۆكسۈمنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالىمەن. شۇ ۋاقىتتا جىسمىم شۇنداق ھۇزۇرلۇق تىترەيدۇ. مەن دەرھال ئوتلاقتا سوزۇلۇپ ياتىمەن، ئارقىدىن شۇنداق ئاجايىپ، شۇنداق تاتلىق چۈش كۆرىمەن.

كۆك گىرىپ كۆڭلىكىدىن تەنلىرى سۈس كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر قىز كۆكتىن لەيلەپ چۈشۈشكە باشلايدۇ، مەن قۇچىقىمنى ئېچىپ ئۇنى كۈتۈۋالىمەن. بىز قول تۇتۇ-

شۇپ جاز مۇزىكىنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ يۈگۈرەيمىز، يۈگۈرەيمىز. ئارقـ
ىدىن چىملىقتا ئۆزىمىزنى تاشلاپ ئۇگىدىسىغا — كۆپكۆك ئاسمان قەھرىگە تىكىلگىنىد
مىزچە ياتىمىز، مۇز كا بىزنى، قەلبىمىزنى چىرماشتۇرۇۋېتىدۇ... بىر چاغلاردا مەن ئولتۇ
رىمەن. ئۇ بېشىنى تىزىمغا قويغان هالدا ئۈن - تىنسىز ياتىدۇ. مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى
ئۇزۇنىدىن - ئۇزۇنغا قانماي سىلايمەن. بىز شەھەردىن تۈيغۇغا ئەسىر بولغاندا ھەممە ياقنى
سۈكۈنات قاپلايدۇ، مەن شۇندىلا چۆچۈپ ئويغىنىمەن.

مەن يەنىلا قاراڭغۇ ئۆيدە كرېسلوغا چۆكۈپ، يېنىمدا تـۈگۈلۈپ ياتـقان مـۈشۈ
كىمنى سىلىغان ھالدا ئولتۇرىمەن.

بۇرۇن مۇشۇ كرېسلودا سۆيگۈنۈم تىزىمغا بېشىنى قويۇپ ياتقانىدا بۇ مۇزىكىنى
پەقەت بىرلا قېتىم ئاڭلىغانتۇق.

مەن ھازىر تەنها قالغان بولسامىمۇ «مۇھەببەتنىڭ رومانتىك تارىخى» نى ئۆزۈل
دۈرمەي قويۇشقا ئادەتلىنىپ قالدىم.

## تەلۋە

يامغۇر توختىغانىدى. مەن پاتقاق يولدا ئاستا كېتىۋاتىمەن. ئۇچرىغان كىشى
لەرمۇ ماڭا ئوخشاش ئاستا كېتىۋاتىدۇ. سەلكىن شامال يول بويىدا قاتار كەتكەن دەرەخ
ەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى يامغۇر تامچىلىرىنى ئىرغىتىپ چۈشۈرمەكتە.

ھاۋا نەم سالقىن، يوللار پاتقاق.

ئالدىمدىن كۈنلۈك كۆتۈرۈۋالغان چىرايىدىن مەيۈسلۈك، زېرىكەرلىك ئالامەتلى
رى چىقىپ تۇرغان بىر قىز كەلدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدىم. مەن گويا
ئۇنىڭ كونا رەقىبىدەك، ئۇمۇ ماڭا چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ ھالەتتىن كۆڭلۈم تېخىمۇ غەش بولدى.

خامۇش ھالدا كېتىۋاتىمەن، ناگاندا ئۇچرىغان كىشىلەرمۇ ماڭا ئوخشاش خامۇش
كېتىۋاتىدۇ. ھاۋا نەم سالقىن، يوللار پاتقاق.

بىر قىز ماڭا نەپرەت بىلەن باقتى. بۇنىڭمۇ چىرايىدىن مەيۈسلۈك، زېرىكەرلىك
ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا بولغان غەزەپتىن كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ
كەتتى.

ئۇنىڭ سوغۇق تەلەتىدىن تېنىم شۈركەندى. بىر يولدا مېڭىپ قالغىنىمغا ئۆز - ئۆ
زۈمگە ئۆكۈندۈم.

پاتقاق يولدا كېتىۋاتىمەن. ئاياغلىرىمدىن چاچرىغان لايدىن كىيىملىرىم بۇلغى
نىپ ئېغىرلاشقان، قەدەملىرىمنى تەستە ئېلىپ ماڭماقتىمەن. مەن ئۆزۈمدىن ھەم يول
دىن شۇنداق بەزدىم.

بىر قىز ئىككى قولى بىلەن ئۇستىباشلىرىمنى سىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تۈرۈل
گەن قاپاقلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى يۇمۇلغانىدى. مەن ئۇنىڭ ئەما ئىكەنلىكىنى
جەزىملەشتۈردۈم، چىداشقا تاقىتىم قالمىدى، مەن ئۇنى زەردە بىلەن ئىتتىرىۋەتتىم.

ئۇمۇ ھەم شۇنداق قىلدى. ئىككىمىز تەڭلا ئارقىمىزغا يىقىلدۇق...

پاتقاق يولدا كېتىۋېتىپ خىيالغا پاتتىم. مەن ئىزدىمەكچى بولغان مۇھەببەتكە قاچان؟ قەيەردە نائىل بولارمەن؟

پاتقاق يولدا كېتىۋاتىمەن. كىشىلەرمۇ پاتقاق يولدا ئاستا كېتىۋاتىدۇ. ھاۋا نەم سالقىن، يوللار پاتقاق...

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئەسقەر ياسىن

# نەسرلەر

## چۈش

ئەي پەرىشتەم، چۈشۈمدە سېنى باغرىمغا مەھكەم بېسىپ، جىنەستىمدەك لېۋىڭگە قېنىپ - قېنىپ سۆيۈۋېتىمەن...

ئۇيغانغان ۋاقتىمدا، ساداقەتسىزلىك سۆيىدە سۇغۇرۇلغان، نەيرەڭدىن ھەل بېرىلگەن، ۋاپاسىزلىق تامغىسى بېسىلغان زەھەرلىك خەنجىرنىڭ دەل كۆكسۈمگە توغرىلاپ تۇرۇپسەن...

ئەي ئاللا، ماڭا مەڭگۈلۈك چۈش ئىلتىپات قىلىۋەت!

## باللىق

باللىق چاغلىرىم ئىدى. مەن ئاللا بىلەن تاكاللىشىپ قالدىم.

— مېنى ئۇ دۇنيادىكى جەننىتىڭگە ئېلىپ كەت! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن ئاللاغا.

— ياق ئوغلۇم، تېخى بەك بالدۇر، سەن كۈتۈپ تۇر، — دېدى ئاللا.

ئارىدىن ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مەن قېرىپ، ئاجىز بوۋايغا ئايلاندىم. شۇ چاغدا ئاللا:

— ھۇزۇرۇمغا كەل! ساڭا جەننەتتىن ئورۇن بېرەي! — دەپ چاقىردى.

— ياق، ماڭا جەننىتىڭنىڭ كېرىكى يوق، باللىقىمنى قايتۇرۇپ بەر! — دەپ نالە قىلدىم ئاللاغا.

ئاللا خورسىنغان ھالدا بېشىنى چايقاپ قويدى...

## ھەقىقەت

كىشىلەر چۇرقىرىشىۋاتاتتى:

— ھەقىقەت قېنى؟ ھەقىقەت قەيەردە؟

— مانا مەن ھەقىقەت! — دېدىم مەردانىلىق بىلەن.

كىشىلەر ماڭا باش ئۇرۇپ چوقۇندى، مەن ئۇلارغا نېمىنى سۆزلىسەم ئۇلار شۇنى كۆڭۈل دەپتىرىگە ھېكمەتلىك سۆز قىلىپ خاتىرىلەپ ئالاتتى. مېنىڭ ھەرقانداق

كۆرسەتمىلىرىمنى تۇرمۇش مىزانىغا ئايلاندۇرۇۋالاتتى.

ئەمەلىيەتتە، مەن سەپسەتە ئىدىم!

## ئاق كۆڭۈللۈك

دۇنيانىڭ تەگسىز ئازاپلىرى ئۇنى يۇم - يۇم يىغلاتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدۈم. بىراق، مەن كۈلۈۋېتىپ، نېمىگىدۇر پۇتلۇشۇپ يىقىلدىم. تېنىمنىڭ كىچىككىنە يېرى سۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ، دەرھال يېنىمغا كېلىپ، ئىپەك ياغلىقى بىلەن يارا ئېغىزىدىن تەپچىرەپ چىققان قاننى سۈرتۈپ قويدى.

ئۇ ئاق كۆڭۈل ئەمما دەردمەن ئادەم ئىدى.

ئۇ يارامنى سۈرتۈۋاتقان پەيتتە ئۆزۈمنىڭ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىمنى چۈشەندىم.

## خىزىر

مەن خىزىر ئىدىم. ئاللا ماڭا تولىمۇ نەپىس ۋە رەڭدار ئىشلەنگەن بىر قاپچۇقنى ئۇتقۇزۇپ، ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتتى.

مەن قاپچۇقنىڭ ئېغىزىنى ئاچتىم. جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلىدى، ئىنسانلارنى مەڭگۈلۈك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدۇرۇپ ئۆز كۆلبەمگە راۋان بولدۇم.

ھۇسەنجان ئەسقەر

# ئۈچ نەسىر

## روھ

مەن دېڭىزنى چۈشىگەندە، روھىم دېڭىزغا ئوخشاش مۇقەددەس ئۇلۇغلۇق ئىچىدە چايقىلىدۇ، دولقۇنلارغا مىنگىشىپ مۇھەببەت تەشنالىقى ئىچىدە ئۆزىنى ساھىللارغا دەرمانسىز تاشلايدۇ. ئۇنىڭ جۇشقۇنلىنىپ ئېيتقان ناخشىلىرى ئاۋۋال بېلىقچى قۇشلارغا ئايلىنىپ ئۇپۇقلار ئەۋجىدە قىيغىتىپ ئوينىسا، بارا - بارا رىتىمى سۇسلىشىپ يىراقتىكى ئۇپۇق قوينىغا سىڭىپ كېتىدۇ. روھىم دېڭىز ساھىلىدىكى قىيا تاش ئۈستىدە يىراقلارغا ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى تىكىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈرەكلىنىپ بوران - چاپقۇنغا قارىماستىن قولۋىقىنى دېڭىزغا تاشلايدۇ ۋە ئاق يەلكىنىنى ئېگىز چىقىرىپ، پالىقىنى شىددەت بىلەن ئۇرغىنىچە يىراق مەنزىللەرنى نىشان قىلىپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

مەن بۈركۈتنى چۈشىگەندە، روھىم ئۆزىگە قانىتىنى كەڭ يېيىپ كۆكتە پەرۋاز قىلغان بۈركۈتنىڭ تىك قىيا ۋە چوڭقۇر جىلغىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئېگىز تۆپىلىككە قونغان ھەيۋەتلىك تۇرقىدىن ئەندىز ئىزدەيدۇ. بۈركۈتنىڭ قارا تۇمانلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، دەھشەتتىن كېيىنكى جاھانغا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن بويۇنداپ سالغىن قاراش-

لىرىغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ، ئۇ بۈركۈتنىڭ ھەشەمەتلىك قەبرىسىنى ئىزدەيدۇ، دالىلارنى كېزىدۇ، ئەمما تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمۈرلۈك پەرۋازىنىڭ ئۆلۈمى قەبرىسىز قالىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ھەقىقىي ھاياتتىن ئۆكۈنۈچ ھېس قىلمايدۇ - دە، بۈركۈت پەرۋازىغا تىۋنىپ، ھەرقانداق بوران - چاپقۇننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ساماغا قاراپ بېجىرىم قاناتلىرىنى كەڭ يايىدۇ.

مەن يېشىللىقنى چۈشىگەندە، روھىم ئاياز قۇشلىرى بولۇپ دەرەخلەرگە ئۇۋا سالىدۇ، پىژغىرىم ئىسسىقتا ئۇنىڭ باراقسان شاخلىرى تاشلىغان سايىلاردا سايىندايدۇ، يىراقلاردىن سېغىنىپ كەلگەن خۇش تەبىئەت ئىزغىرىدىن شامالنىڭ يوپۇرماقلارنى يېنىك ئۇسسۇلغا سالغانلىقىنى زور ھۇزۇر بىلەن تاماشا قىلىدۇ. دەھشەتلىك بورانلاردا دەرەخلەرنىڭ زېمىنغا يىلتىزلىرى بىلەن چىڭ يېپىشقانلىقىنى قىلچە تەۋرەنمەي تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، يەرنى مەھكەم قۇچاقلاپ سۆيىدۇ. ئۇ ئاق بۇلۇتلارغا تاقاشقان سۇباتلىقىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ھېس قىلىپ، يامغۇردىن كېيىنلا بىر تال گىياھ بولۇپ ئۈنۈپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يازدىكى قاتتىق ئىسسىقلارغا، قىشتىكى قەھرىتان سوغۇقلارغا كۈلۈپ تۇرۇپ بەرداشلىق بېرىدىغان، بارلىقى يېشىللىققا بېغىشلانغان يېڭى بىر ھاياتقا ئايلىنىدۇ.

مەن گۈلزارلىقنى چۈشىگەندە، روھىم كىشىنى مەست قىلغۇچى خۇش پۇراقلارغا تولغان گۈللەرنىڭ ئارىسىدا مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئوينايدۇ. كېپىنەكلىرى گۈل بەرگلىرىنىڭ قاتلىرىدا تۈنەيدۇ. گۈل بەرگىدىكى شېرىن چۈش قوينىدىن ئۇنى سەھەردە ئىشچان بال ھەرىلىرى ئويغىتىدۇ. ئۇ سابانىڭ يىراقلارغا ئېلىپ كەتكەن خۇش پۇراقلىرى بىلەن ئازابلىق خوشلىشىدۇ. روھىم باھارنى سەزگۈر قەلبى بىلەن سېزىپ ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەرنىڭ بىردەمدىلا يەنە خازان بولغانلىقىنى كۆرگەندە، ھەقىقىي ھاياتنىڭ ئۆمرى شۇنداق قىسقا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ ئەمما مەيۈسلۈك ھېس قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاياتقا چەكلىك گۈزەللىكنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن بىر تال ئەپيۈنگۈل بولۇپ ئۈنۈپ چىقىپ، بۇ دۇنياغا كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ. مېنىڭ روھىم ئەنە شۇنداق ئېزگۈ چۈشلەرگە كۆنۈككەن. مەن چۈشلىرىمدە يولۇققان پەرىشتىلەردىن سورىسام روھلارنىڭمۇ بىر ئېتىقادى بولىدىكەن. جىسمىم ئاشۇ ھەممىگە قادىر روھقا سايىدەك چىڭ يېپىشىپ ھەرىكەت قىلىدىكەن.

ئاھ، ئۇلۇق روھ، مەندىن مەڭگۈ ئايرىلما، سېنىڭ چۈشلەردىكى سۆيگۈ ۋە ئۈمىدكە تولغان جەڭگىۋار ھاياتىڭنى مېنىڭ بۇ جىسمىم رېئاللىقتا تەكرارلىسۇن!

## مۇھەببەت ۋە مەن

مۇھەببەت مەندىن سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ؟ سەۋدايى بولدۇڭمۇ؟ گويا گۆدەك بالىلار مېھرىبان ئانىسىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇمىدىمۇ، چۈشىدىمۇ ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەنگە ئوخشاش كېچە - كۈندۈز ئىسمىمنىلا يادلايسەن.

— تېخىچە بىلمىدىڭمۇ؟ — دېدىم مەن، — مەن سېنىڭ ئالدىڭدا يەنىلا بىر گۆدەك

بالىغۇ؟ چۈنكى مەن سەندىن ئىككىنچى قېتىم تۇغۇلغان تۇرسام، باللار ئانىسىنىڭ ئىسمىنى قانچە كۆپ ياد ئەتسە، ئانىلار شۇنچە خۇشال بولىدىغانلىقىنى مەن بىلمىسەم كاشكى.

## ئوت ئىچىدىكى بەخت

گۈلخان قوينىدا كۆيۈۋاتقان ئوتۇن ناتونۇش بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى:

ــ قارا، ئۇ ئاخىرى كۆيۈپ تۈگەيدىغان بولدى، ئۇ ئەمدى ئارمان ئىچىدە كۈلگە ئايلىنىدۇ.

ئوتۇن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۈندەيمۇ قويمىدى. ئۇ ئەتراپقا ئۇچقۇنلار چاچرىتىپ، تېخىمۇ چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ زور بەختى ۋە خۇشاللىقى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان ئىچىدە ئۆلۈش ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

قاھار نىياز

# ئىككى نەسر

## چۈش ساتقۇچى

ــ كېلىڭلار خېرىدارلار، كېلىڭلار، چۈش سېتىۋېلىڭلار! كرىستالدەك سۈپسۈزۈك چۈشلەر، سېلەر بىلەن باھا تالاشمايمەن.

ئەتىگەندىن بۇيان ۋارقىراۋاتىمەن. قاينام - تاشقىنلىققا تولغان بۇ بازاردا يوغان قورساق ئەپەندىلەر، لاتاپەتلىك خانىملار، مويسىپىت قېرىلار، بەردەس يىگىتلەر ۋە نازىنىن قىزلار... ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرماقتا. لېكىن ھېچقايسىسى مېنىڭ مېلىمغا يېقىنلاشمىدى. ھەتتا نەزەر سېلىپمۇ قويمىدى، ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ، گەۋدىسىنى مەغرۇر كېرىپ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

تۇۋلاۋېرىپ گېلىم ئاغرىپ، لەۋلىرىم قۇرۇپ، زادىلا ھالىم قالمىدى. چۈشلىرىمنىمۇ بىر قەۋەت توپا بېسىپ، ئەسلىدىكى جۇلاسىنى يوقاتقانىدى. مەن ئۇلارنى سۈرتۈپ تۇراتتىم.

ئوتلۇق قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى زېمىننى بارا - بارا تونۇر تەپتىگە كىرگۈزدى. مەن ھېرىپ، تالچىقىپ، مۈگدەپ قالدىم. بىردىنلا تىرىق - تىرىق قىلغان ئاۋاز مېنى سەگىتتى. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام كىچىككىنە بىر قول چۈشلىرىمنى سىلاۋاتاتتى. مەن ھېلىقى قولنىڭ بېغىشىدىن كاپپىدە تۇتۇۋالدىم.

ــ ھە ئوغرى، چۈشلىرىمنى پۇل بەرمەي ئېلىپ قاچاي دەمسەن؟

ئاندىن تۇغما ھالەتتىكى بۇدرۇققىنە بالا قولۇمدا قاپقانغا چۈشكەن توشقاندەك تىپىرلىدى.

ـــ جېنىم ئاكا، چۈشلىرىڭىز كۆزۈمــگە بەك چىرايلىق كــۆرۈندى، ئىلىــپ كۆرۈپ
باقاي دېۋىدىم. يېنىمدا بىر تىيىن يوق، ئىسسىق جېنىمدىن باشقا ھېچنېــمەم يوق، ماڭا
رەھىم قىلىڭ ئاكا...
ئاھ... شۇ بالا مېنىڭ بىردىن بىر خېرىدارىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟
ئاھ، بىچارە چۈشلىرىم!...

## لالما ئىت

ئۇنىڭ ھېچقانداق مەجبۇرىيىتى ۋە ۋەزىپىسى يوق ئىدى، ھېچكىم ئۇنى بۇ يەردىن
قوغلىۋەتمەيتتى ياكــى بىرەر ئىشقا چىلىلمايتتى، باشــقا يەردىن كەلــگەن ساددا قىزلار
ئۇنى كۆرسە «ئانا!» دەپ نېرى قاچاتتى، خالاس. ئۇ بۇنىڭــدىن خېلىلا پەخىرلىنــەتتى،
ئەتراپىغا مەغرۇر قاراپ قوياتتى.

ئۇنىڭ يەيدىغىنى يېتەرلىك ئىدى. يۇندى ئازگاللىرىدا، ئەخلەت دۆۋىلىرىدە ئۇنىڭغا
نېمەتلەر ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى، دېمەك ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىمىسىمۇ، ھېچنېمىگە ئاچ-
چىقلىنىپ، جىددىيلىشىپ ياكى ئالاھىدە خۇشاللىنىپ يۈرمىسىمۇ بولاتــتى، ئۇ بۇ يەرنىڭ
ئەركىن خوجايىنى ئىدى.

ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇ بېشىنى ئالدىنقى ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ خورۇلداپ
ئۇخلايتتى. ئويغىنىپ كەتكەندىن كېيىن كۆز ئالدىدا نېمە بولسا، ئالدىدىن نېمە ئۆتسە شۇنى
خىيال قىلاتتى. ئۆزى ياتقان يەرنىڭ يېنىدىكى پاكارغىنە ئەنجان تېمى، ئەتىدىن كەچ-
كىچە يا توختاپ قالماي، يا ئۇلغايماي تار ئېرىقتا ئاقىدىغان يۇنــدا، تۈۋىنى توخۇ تاتىلاپ
يىلتىزى كۆرۈنۈپ قالغان ئىككى تۈپ جىگدە ۋە ھەر كۈنــى باللــىرى بىلەن بۇ يەردە
پەيتلىنىدىغان ۋالاقتەككۈر مىكىيان ئۇنىڭ كۆزىگە ئەڭ كۆپ چېلىقاتتى، قورسىقى ئاچ-
قاندا ئۇ بۇگۈن چۈشلىكىمگە نېمىلەر تەييارلاپ قويۇلغاندۇ دېگەننىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ
قوياتتى. ئادەملەر ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۆزى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىز ئىدى. ئۇ ئىل-
گىرى بۇ تام تۈۋىدىن زېرىكىپ باشقا تەرەپلەرگىمۇ سوكۇلداپ باققانىدى. بىراق ئۇ تە-
رەپلەردە ئادەملەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئاجايىپ كۆپ ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئاز
قورقۇنچلۇق بىلىنىدى. ئۇنىڭ، دوستلىرىغا ئوخشاش قانداقتۇر ھەر خىل تاماشىلار بىلەن
كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئىستىكىدە بولغان چاغلىرىمۇ بولدى. بىراق ئۇنىڭ دوستلىرى بىر -
بىرىگە خىرىس قىلىشىپ، تالىشىپ، ئاغزى - بۇرنىنى قانغا بويۇشاتتى، كىملەرنىڭدۇ توخۇ-
لىرىغا، كىملەرنىڭدۇ ھويلىسىدىكى قاراقسىز قالغان يېمەكلىكلىرىگە تېگىــپ قويۇپ، تۇتۇ-
لۇپ قېلىپ، ئۆلگۈچە دۇمبا يەيتتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا ياقمىدى، ئۇنىڭدىن كۆرە ئازراق
گۆشنىڭ مەرىدىن كېچىپ، تىنچ، ئازارسىز ياشىغان ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ شۇڭا يەنىلا ئەس-
لىدىكى ئەڭ خاتىرجەم، ئەڭ باياشات ماكانىغا قايتىپ كېلىۋالدى.

ئۇ مۇشۇنداق ياشاۋېرىپ يېشىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ
ھەقىقەتەنمۇ ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ياشاۋاتقانلىقىغا تولۇق ئىشەنــگەنىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخــتنىمۇ ئارزۇ قىلمايتتى...

## «ئالتۇن چاغ مۇكاپاتى»غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

مەجىت تاش

# شائىر قەلبى

### ئاي تۇتۇلغان ھېلىقى ئاخشام

ئاي تۇتۇلغان ھېلىقى ئاخشام
ساھىللاردىن ئاختۇردۇم سېنى.
ۋىسالىڭ ئىزدەپ توۋلىغان ئاخشام
دەردكە ئەسىر ئەيلىدى مېنى.

غەمكىن ئاققان دەريانىڭ سۈيى
بولغانمىكىن قەلبىمگە ھەمدەم.
ئاڭلانمايدۇ ئۇنىڭ شاد كۈيى،
ئاھ، باسقاندۇ ئۇنى قانداق غەم؟

چېكەتكىنىڭ چىرىلداشلىرى
قاچانلاردا قالغاندۇر توختاپ؟
مەجنۇنتالنىڭ نازۇك شاخلىرى
چۈش ئىلكىدە ياتقانمۇ ئۇخلاپ؟

تىنىقىڭدەك يېقىملىق شامال
قاياقلارغا كەتكەندۇر كۆچۈپ؟
كۆككىنى ئەيلەپ بۇلۇتلار قامال،
يۇلتۇزلارمۇ، كۆر، قالدى ئۆچۈپ...

ساھىللاردا ئايلاندىم ئۇزاق
كۆلەڭگەڭنى ئىزدەپ بىگانە.
مىسكىن دىلنى ئۆرتىدى پىراق
تاپالماستىن ھېچ بىر نىشانە.

مەن يوقاتتىم ئىختىيارىمنى
ۋىسالىڭنىڭ يولىغا، جېنىم.
زىكرى قىلار ئېزىز نامىڭنى
تومۇرلاردا ئوخچىغان قېنىم.

نىگاھىڭغا تەلمۈرۈپ دائىم،
غەم ـ قايغۇدا ئۆتەرمۇ كۈنۈم؟
قۇلىقىڭغا يەتمەستىن ئاھىم،
شۇ يۇلتۇزدەك ئۆچەرمۇ ئۈنۈم؟!

### شائىر قەلبى

شائىر قەلبى نېچۈن غېرىپ ـ يېگانە،
كۆپ بولسىمۇ يېقىن دوستى، ئادىمى.
تەڭسىز خىيال ـ ئويغا ئەسىر قىلغانمۇ
ئۇنى مەڭگۈ ئىنسانىيەت ئالىمى؟

ئۇنىڭ قەلبى ياسالغاندۇر نېمىدىن؟
ئېرىپ كېتەر زەررە ئوتتا سىمابتەك.
لىبىغىرلايدۇ چانقىدا ياشلىرى
گويا ئالتۇن قەدەھتىكى شارابتەك.

بۆشۈك قىلىپ مۇشتۇمچىلىك قەلبىنى،
بۆلەپ قويار كائىناتنى سىغدۇرۇپ.
كۈيى بىلەن يەر ـ جاھاننى تىترىتەر،
كەڭ ئۇپۇقتىن زەر قۇياشنى تۇغدۇرۇپ.

غەم ـ قايغۇسى ھالقىسىمۇ پەلەكتىن،
دېمەن قىلار ئۇنى پەقەت قەلبىگە.
شادلىقىنى باسالماستىن ۋە لېكىن،
ھاياجاندا جاكا ئەيلەر خەلقىگە.

### ساداقىتىم كۆتەردى ئىسيان

كۈلكە جىلۋە قىلغان چېھرىڭنى
كۆرمىگەنگە بوپ قالدى ئۇزاق.
ساھىللاردا يادلاپ ئىسمىڭنى،
غېرىپسىنىپ ئېيتىمەن قوشاق.

ئاھ، يۈرىكىم تۆكەرئۈنسىز ياش
يوللىرىڭنى چۈشەپ ھەر كۈنى.
چاچسا سۆيگۈم نۇر، بولۇپ قۇياش
خار ئەيلىدى ھىجرانىنىڭ تۈنى.

ھىجرانىڭغا بېرەلمەي تاقەت
رەنجىشلىرىم سېلىشسا چۇقان.
ساداقىتىم قىلماي ئىنتائەت
ئاڭا قارشى كۆتەردى ئىسيان.

تۇرسۇنجان ھاشىمى

## نازۇك ھېسلار

### ئېھ مۇھەببەت

نازۇك تۇيۇش ھېسلىرىمنى ئويغاتقان،
تۈنجى كېچە - بالىلىقىم ئۈزۈلگەن.
شۇندىن بېرى نەپەسلىرىم بەك ئېغىر،
قايسى كۈچ ئۇ شوخلۇقىمنى تورىغان.

تۈنۈگۈنكى چۈشلىرىمگە ئوخشىماس
بۈگۈن كۆرگەن چۈشۈمدىكى سۈرەتلەر.
جۆيلۈشلەرگە كەتكەن تۈگەل ئارىلىشىپ
سەبىي كۈلكە ھەممە بەگباش شېرەتلەر.

شادلىقىمنى يۇتۇپ كەتتى بۇلاقلار،
كۆزلىرىگە يىغىپ قويۇپ تامچە ياش.
قارىچۇقۇمدا سىلكىنىدۇ بىرسىيما،
ئېھ، سەنمىدىڭ مەن ئىزدىگەن زەر قۇياش.

كىرپىكىمدە قاتتى ئاخشام مۇز بولۇپ،
قوشنىمىزنىڭ قىزى سۇنغان سوغ قاراش،
شۇ قاراشتىن مەن بىدارمەن، ئېيتقىنا؟
قانداق سىرى بار ئۇنىڭكى ئەي ئاداش.

كېچىلەردە شۇرا تامغا يۆلىنىپ،
ئولتۇرىمەن ئۈزۈك - ئۈزۈك ئىسقىرتىپ،
كۈندۈزلىرى غورا بېرىپ گۆدەككە،
ئاۋارىمەن ھەدىسىنى قىچقىرتىپ.

بالا ئىدۇق تۈنۈگۈنلا بىز تېخى،
ئوينايدىغان داللاردا گۈل تېرىپ،
چۆچەك سۆزلەپ، چىمەنلەردە قىيغىتىپ،
يۈرمەپمىدۇق گۈزەللىكتىن رەڭ ئېلىپ.

قېنى ئەمدى تاڭلا يۇمران كۈلۈشلەر،
قېنى، قېنى كۆلچەكتىكى تولۇنئاي.
سوغۇق كۈيلەر كەتتى قاچان ئالمىشىپ،
ئارامىمنى بۇزدۇڭ قاچان تۇرسۇنئاي.

ئېھ، مۇھەببەت ئەللەيلىشىڭ بەك ئۇماق،
سېھرىڭ نېمە؟ شۇڭا ھەيران قالىمەن.
بالىلىقىم ئۈزۈسىمۇ سەن بىلەن،
يەنە سۆيگۈ پۇراپ يۈرگەن بالىمەن.

### تاڭدىكى كۆل لىرىكىسى

ئەجەب گۈزەل سۈبھى پەيتىدە،
شەپەق بىلەن قۇچاقلاشقان كۆل.
يارقىن جىلۋە كۆلنىڭ ئەكسىدە
ئېنز گۈھېسقا مەھلىيا كۆڭۈل.

مەيىن شامال ئۇرىدۇ بىرە
ساھىللارنىڭ باغرىدىن ئۇچۇپ،
بىر جۈپ ئاق قۇ كۆرۈنەر خىرە،
دولقۇنلارنىڭ ئەۋجىنى قۇچۇپ.

كۈمۈش مونچاق ئاسقان يېشىل چىم
گۈزەللىككە بولىدۇ ھەمدەم.
قومۇشلۇقتا قىمىرلىغان كىم؟
شۇۋىرلىدى جۈپ نازۇك قەدەم.

بىر جۈپ ئاق قۇ، بىر جۈپ كۆلەڭگە،
سۈزۈك ئاسمان - سۈزۈك ھەممە يەر.
ئېھ نەقەدەر يارقىن مەنزىرە —
يۇيۇنماقتا ئۇپۇقتا قەمەر.

### كەچۈر مېنى سادىدا دوستلىرىم

كەچۈر مېنى سادىدا دوستلىرىم،
بىزئايرىلدۇق ئىككى قۇتۇپقا.
سۇبھىيلەردە سالىمەن نىگاھ،
شوخلۇقىمىز سىڭگەن ئۇپۇققا.

كەچۈر مېنى سادىدا دوستلىرىم،
ئۇنتۇش قىيىن تونۇش كۆزلەرنى.
ئانا سەھرا خىلۋەتلىرىدە
بىز قالدۇرغان ئاتەش سۆزلەرنى.

خاتىرىلەر ئۈچمەيدۇ زىنھار،
ئېيە نەقەدەر گۈزەل باللىق.
مۇرىلەرنى شوتا قىلىشىپ
غورا قاققان ئۆرۈك، ئالمىلىق.

ئوت - چۆپلەردە مۆكۈنۈپ يېتىپ،
بىزلەر ئۈزۈپ يېگەن سويمىلار.
«جەڭگاھ» ياساپ «ھۇررا» توۋلىشىپ،
نەچچە «ئۆلگەن» خىلۋەت ھويلىلار.

ئەستىن چىقماس سېغىز تالىشىپ،
سوقۇشۇشتىن قالغان تاتۇقلار.
چۆچەك سۆزلەپ بۇلاق بويىدا،
يۇلتۇزلارغا سىڭگەن قارىچۇقلار.

بىراق - بىراق ئايرىلدۇق بۈگۈن،
گۈگۈم ئىچرە قىيا بېقىشىپ،
ئىقبال تامان سېلىشتۇق قەدەم
ئۈچۈم قۇشتەك قانات قېقىشىپ.

خەير مېنىڭ سادىدا دوستلىرىم،
ئەسلىسەملا ئېچىشار يۈرەك.
ئىزدىسەڭلار مېنى مۇبادا
مىسرالىرىم بېرىدۇ دېرەك.

### ئايدىڭ كۈيى

چۆكۈپ كەتتى ئۇپۇق كۆيىدە
ئەڭ ئاداققى شەپەق شولىسى،
مارجان ئاستى زېمىن كۆكسىگە
يۇلتۇزلارنىڭ تەگدىن تولىسى.
مەدەت بېرەر ئايدىڭ كېچىگە
تال - باراڭلىق دېھقان ھويلىسى.

ئايدالانىڭ گىرۋەكلىرىدە،
قىزىل - يېشىل گۈللەر نازلىقى،
ئاق نۇرلارنىڭ لەيلەشلىرىدە
گۈزەللىشەر دەريا سازلىقى،
سەبىي دىلنىڭ قەدەھلىرىدە
سۆيگۈ ئىچەر سەھرا يازلىقى.

تونۇش دەريا قىرغاقلىرىنى
كۆلەڭگىلەر قاپلىغان پەۋەس.
يۇمشاق، يۇمران قىياقلىرىنى
يەلپۈپ تۇرار زىل، تاتلىق نەپەس.
قىز - يىگىتنىڭ زىناقلىرىنى
نەمدەپ كەتكەن ئاتەشلىك ھەۋەس.

نۇر سۈمۈرۈپ ياتار ئانا يەر،
كۈمۈش رومكا چايقىلار بۈدەم،
تۈن كۆكسىدە يېگانە قەمەر،
بۇلاقلاردىن سورايدۇ زەمزەم.
تولغىنىدۇ بىر گۈزەل جانان
مەي سورايدۇ دەريادىن ئۇ ھەم.

شەرقىي ئۇپۇق روجەكلىرىدىن
ئۈنلەپ كېلەر سۇبھى ساباسى
ئېزگۈ ھېسلار دولقۇنلىرىدا
قانات يايار سۆيگۈ ناۋاسى.
جۇشقۇن شائىر يۈرەكلىرىدىن
تۆكۈلمەكتە شادلىق ساداسى.

### دەريا بويى

دەريا بويى گۈزەللىككە باي،
كۈمۈش مونچاق ئاسقان ھەرگىياھ،
بەك چىرايلىق گۈگۈمدىكى ساي،
نۇر ئېمىتەر تاڭدىكى زىيا.

نەمەۇش شامال دىلنى سەگىتەر،
نەمەۇش ساھىل ئەتىرە پۇرايدۇ.
كۆكتە تۇرنا قانات تەۋرىتەر،
ئۇ زېمىندىن باھار سورايدۇ.

يېشىل تەڭگە ئاسقان كۆچەتلەر
دولقۇنلارغا تۇرار چىلىشىپ.
يېشىل پەردە يايغان ئېدىرلار،
يېنىك ئەسنەر سۇغا چىلىشىپ.

كۈن نۇرىدىن تاۋلانغان قۇملار،
مەرۋايىتتەك يالتىرار چىم - چىم.
زەر چاچقۇدا يۇيۇنغان چىملار،
يەلپۈنىدۇ ئۈنسىز بىتتىنىم.

سەھرا تامان چېلەك كۆتۈرۈپ
سۇ ئالغىلى كېلىدۇ بىر قىز.
تەگسىز ئويغا قويىدى چۆكۈرۈپ،
ئاخشام قالغان قۇملاردىكى ئىز.
يىگىت بارار تاماكا چېكىپ...

مەجنۇن تالغا يۆلىنىپ غەمكىن،
كۆل لېۋىدە ئولتۇرار بىر قىز.
گۇگۇم ئىچرە پىچىرلاپ تەمكىن،
يىگىت ئۇزار يىراققا «غەمسىز»

قىز ئاشۇ تاپ قىلىدۇ خىيال:
«بىز ئايرىلدۇق - ئۇ خۇشال بەلكى،
«ئۆز - ئۆزۈمگە قىلدىممۇ ئۇۋال
ھىجران بىلەن ئۆتەرمەن ئەمدى»

قىز تەسلىكتە بويىنىنى تولغاپ
يىگىت ياققا قايرىلدى قىيا.
يىگىت بارار تاماكا چېكىپ،
توچكا - توچكا تارقىلار زىيا.

كېرىمجان سۇلايمان

## ئاخشامقى ئىلىرىكى

ئايرىلغانغا ئاي بولدى دەيسەن،
ئاھ، مېنىڭچە ئۆتتى تالاي يىل.
سۆيۈشۈمدىن نېچۈن غەم يەيسەن،
يېنىپ تۇرسا سېغىنىپ بۇ دىل؟

ئولتۇرىۋەر ماڭا يانمۇيان،
پاكار ئۆسكەن زىندە تۇۋۋىدە.
تۆكتۈۋەرسۇن يېشىنى ئاسمان،
ھەسرەت قىلىپ بوران كۆيىدە.

بېشىمىزغا ياپايلى جىنىم،
چاپىنىمنى يامغۇرلۇق بىلىپ.
تەنلىرىڭدىن ئوت ئالسا تېنىم
ئەتىر ھىدىڭ قويسۇن مەست قىلىپ.

بويىنىمىزدا تۇرسۇن چىرمىشىپ،
ئىشق ئوتىدا ئاتەش بىلەكلەر،
قۇلاقلارغا دەم پىچىرلىشىپ
بىلدۈرەيلى سۆيگۈ - تىلەكلەر.

بەرسۇن تەشنا لەۋلەرگە شوراش،
تۇنجى سۆيۈش، تۇنجى سۆيدۈرۈش.
بۇ گوياكى مەڭگۈلۈك ئوخشاش،
تەكرارلانسۇن بولۇپ شېرىن چۈش...

يانتىقىڭدا ئۇخلارسەن بەلكىم،
ئوت ئىچىدە تولغىنارسەن ياكى؟
دىدارىڭغا قانمىغان قەلبىم،
ئۇھ ئارىلاش ئۆرلىتەر لاۋا.
ئەتىرگۈلدەك ئەتىر بويۇڭدىن،
چاپىنىمغا كۆچۈپتۇ ئەتىرە.
تاپتىم سېنى يەنە ئۇنىڭدىن،
ھىدلاپ يۈرۈپ ئەي شىۋە قەدىر.
ئابىيامەقى ئەشۇ شېرىن دەم
خىيالىمدا ئاچتى گەلەك قۇچاق.

كىرپىكىمگە قوندۇرۇپ شەبنەم،
پاك روھىڭنى سۆيدۇم مەن ئۇزاق.
ئاھ، بالكوندا تۇرغان شوخ قىزلار

ئىلاھ ئوتتەك سۆيۈش پەيلىمنى
يۈرىكىمدە ياندۇرغان ئاخشام.
ياندىش بىنا تارتتى مەيلىمنى،
دېرىزەمدىن ئۇچۇپ مۇڭ - ناخشام.

ئاھ، بالكوندا تۇرغان شوخ قىزلار،
كۆيلىرىمگە قىلماڭلار ھەۋەس.
ئىسپار بويلۇق گۈزەل قىرمىزلار،
مەن تەرەپكە بېقىڭلار بىر پەس.

ئىزدىمەيمەن سىلەردىن زىنھار،
بەخت، شادلىق ياكى مۇھەببەت.
كۆزۈڭلاردىن ئاتەش مىسرالار
ئۇچقۇنىنى تىلەيمەن پەقەت.

شائىر كۆڭلى ئاھ، شۇنداق ئىكەن،
بەزى چاغدا غەيرىي قەلەندەر.
ھەپىلىشىپ كەلدىم ئوت بىلەن،
ياشىغاندەك گويا سەمەندەر.

ئاھ، بالكوندا تۇرغان شوخ قىزلار
مەن تەرەپكە بېقىڭلار بىر پەس.
شېئىر سىلەر - گۈزەل قىرمىزلار،
ئوقۇسام گەر مەڭگۈ تۈگىمەس.

تۇردى ئەخمەت

# شېئىرلار

## گۈل كۈزىتىپ كەلدىم يىراقتىن

تۇزۇپ، تۇزۇپ چۈشىدۇ ئاق قار
بوران بارمۇ سۈرلۈك ئەرشتە؟
شۇ ئاق قارنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ،
زېمىن بوپتۇ ئاپئاق پەرىشتە،

مەنمۇ كەلدىم ئەشۇ زېمىندا
شۇ تۈگىمەس ناخشامنى توۋلاپ،
ئىزلىرىمدا ئۈنلىگەن تۇرغاي
دەردلىرىمنى ئېپ كەتتى ئوۋلاپ.

قار ئۈشتىدە ئۆگدىگەن لەيلى
ھېسلىرىمنى ئەيلىدى قامال،
قامچا سېلىپ كەتتى يۈرەككە
قار تۇزۇتۇپ ئۆتكەن سوغ شامال،

گۈل كۈزىتىپ كەلدىم يىراقتىن
ئاڭلاتىمدى باھاردىن سادا.
قاردىچۇقۇمدا مۇڭدەيدۇ پەقەت
ئاق كېپەنگە ئورالغان دالا!

## چۈمبىلىڭنى قايرىۋەت جېنىم

ئاققۇمۇسەن كۆكتە پەر قاققان،
ئاق كۆڭلىڭدەك گويا ئاق بۇلۇت.
ئاپئاق تېنىڭ زۇمرەت قاشتېشى،
لەۋلىرىڭدىن ئۈيۈلار ياقۇت.

چۈمبەل ئىچرە تۇرساڭ چوغۇنۇپ،
ھۆر - پەرىمۇ خىجىل سېنىڭدىن.
ئىپار ھىدى ئۇرۇلار گۈپ - گۈپ
ئەشۇ مەسۇم سۈزۈك تېنىڭدىن.

قىزىل گۈلدەك بويۇڭغا بېقىپ،
مەن بولىمەن ئىشقىڭدا خاراب.
نىگاھلىرىم يۇلقۇنار چېپىپ،
ئوت مېھرىڭنى قىلغانچە تاۋاپ.

ئاھ يۈزۈڭنى بىر كۆرسەم نىگار
تومۇرلارغا سىغماستى قېنىم.
ئۆرتەنمىسۇن يۈرىكىم زىنھار،
چۈمبىلىڭنى قايرىۋەت جېنىم!..

## سەھرا مېنىڭ ئالتۇن بۆشۈكۈم

قەلبىمدە يۇلقۇنار ئاجايىپ ھېسلار
سەھرايىم جىلۋىلىك ھۆسنۈڭگە باقسام.
تومۇردا جۇش ئۇرۇپ ئاقار مۇھەببەت
ئاتەشلىك لېۋىڭگە لېۋىمنى ياقسام.

سېنىڭدە تۇغۇلدۇم، سېنىڭدە ئۆستۈم،
شۇ ئىللىق قوينۇڭدا ئۆتتى بالىلىق.
توپىغا مىلىنىپ ئوينىغان چاغلار
كەڭ دۇنيا ئاھ ماڭا قىلغانتى زىلىق.

ئۆتەتتى قوينۇڭدا ھايات بەك قايناق،
مۆكۈشمەك ئوينىشىپ، كېپىنەك قوغلاپ.
گوياكى تايچاقتەك چېپىشىپ، كۈلۈپ،
باغلاردىن باغلارغا سەكرىشىپ ئويناپ.

قوغلىشىپ ئۆتكەندە يىللار كارۋىنى،
ئۇچۇپلا كېتىپتۇ گۈدەك تۇيغۇلار.
پىلتىڭلاپ يۈرگەندە چاقنىغان كۆزلەر
ئۇچراشسا ئاجايىپ سىرلىق تۇيۇنلار.

ئاتەشلىك مېھرىڭدە باھاردەك كۆكلەپ
يېتىلدىم ئورمانىڭ شاھى ـ شىر سۈپەت.
ئاھ ساڭا مېھرىم بار، ھاياتقا مېھرىم،
دىلىمدا ئوخچۇيدۇ قايناق مۇھەببەت.

ئەمدىلا كۆز ئېچىپ، ــ ئەقلىمنى تېپىپ،
ئارزۇلاپ سۆيگەندە سەھرايىم سېنى،
بۈيۈك ۋە ئۇلۇغۋار خىسلەتلىرىڭدە
قاناتلار چىقىرىپ ئۇچۇرتتۇڭ مېنى.

ئېمىدىن كەتمەيدۇ سەندىكى شادلىق،
يۈرەكنى قوينىڭدا كۆلدۈرگەن باغلار،
ھەر ئاخشام تارلارغا قوندۇرۇپ بۇلبۇل
تۈنلەرنى ئويغاتقان كۆڭۈللۈك چاغلار.

دىلىمدا بىر گۆھەر گۈللەر ئۈندۈرۈپ،
شادلىقتا قۇملارغا ساقىغان يېشىلىك.
بەرگىمدە كۈلدۈرۈپ كۈمۈش قەترىنى،
دىللارنى يايراتقان ھەر گىياھ، تېشىك.

ئاھ بۈگۈن ئەرشتە تۇرساممۇ يىراق،
كۆيلىرىم كۆيۈڭگە بولىدۇ ھەمراھ.
چۈنكى سەن ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى
پاھ، سېخى قوينۇڭدا قىلغان ئىختىرا.

سېنىڭدە كۈچ تاپتىم، سېنىڭدە ئەقىل،
ئاتەشلىك ھېسلىرىم جىسمىڭگە تۇتاش،
ئېھ سەھرا سەن مېنىڭ ئالتۇن بۆشۈكۈ
سەن گويا قەلبىمدە پارلىغان قۇياش:

## سەھرا قىزى

تەڭدىشىڭ يوقتۇر جاھاندا گۈلچىراي، سەھرا قىزى،
قاپقارا قاشىڭ ھىلال، ھۆسنۈڭمۇ ئاي، سەھرا قىزى.
سانچىلار ئوتلۇق يۈرەككە كىرپىكىڭ نەيزە بولۇپ،
گۈل سۈپەت زىلۋا بويۇڭدىن ئايلىناي، سەھرا قىزى.
باغ بىنا قىپسەن چىرايلىق ئاققۇزۇپ ساپ ئۈنچە تەر،
پاك دىلىڭ ـ قەلبىڭ ئەجەب ھېكمەتكە باي، سەھرا قىزى.
باغقا كىرسەم مەن خۇشال نېمەتلىرىڭنى كۆرگىلى
كەل يىگىت، دەپ ئالما تۇتتۇڭ خۇشچىراي، سەھرا قىزى.
بىر قىيا باقتىڭ ئەجەب خۇشخۇي، يۈرەككە ئوت سېلىپ،
چىن ئەقىدەم بىرلە ساڭا يار بولاي، سەھرا قىزى،
يەڭ تۈرۈپ جەڭلەر ئارا دۇلدۇل سۈپەت چاپقىن يەنە،
مۆھتىرەم نامىڭ ئۈچۈن داستان يازاي، سەھرا قىزى!

ئۆمەر رەجەپ

## كۆل سۈيىدەك تىنىق ئىدى بۇ كۆڭلۇم

باغ ئىچىدە كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ،
خىيالىمدا يارنى باغاش ئىستىمەن.
ئەگەر يارىم رازى بولسا مەن ئۇنى،
ئۇپۇققىچە بىللە ئىلىپ كىتىمەن.

كۆلنىڭ سۈيى تىنىپ يارنىڭ كۆزىدەك،
چۆرىسىدە كىرپىكىدەك مەجنۇنتال.
ئولتۇرىمەن كۆل بويىدا يىگانە
بولۇپ يارنىڭ مەڭزىدىكى قاراخال.

چولتۇككىدە كۆلگە چۈشتى بىر ئالما،
چۆچۈپ كەتتىم، تۇرۇپ كەتتىم ئەندىكىپ،
ۋىلدىق ـ ۋىلىق كۆلەر جانان ئۇ قىنى؟
قالدى نىچۈن ۋىسالغا ئۇ كىچىكىپ؟

ئاستا ـ ئاستا چەمبەر بولۇپ يىيىلىپ،
يوقاپ كەتتى كۆلدە دولقۇن تىۋىشىز.
ئارامىغا چۈشمەس تىخى يۈرىكىم،
دىدىم: «تىخى، مانا هازىر كىلىپسىز»

كۆل سۈيىدەك تىنىق ئىدى بۇ كۆڭلۇم،
قىلدىڭىزغۇ يۈرىكىمنى مالىمان»
«ئاغرىنماڭا بىللە ئۆتەي سىز بىلەن،
پەقەت مۇشۇ بولۇپ قالسۇن ئىمتىهان...

غاپپار جاپپار

## يۈرتۇم

تاغلىرىڭ ئاسمانغا كۆۋرۈك،
ئاستى كۆپ مەدەنگە باي.
يايلىقىڭ چەكسىز چىمەنزار،
قوي، كالا ئوتلايدۇ تاي.

ئاقىدۇ باغرىڭدا تارىم
سۈپسۈزۈك ئويناق سۈيى،
ۋادىلار ئاشلىققا تولغان
ياڭرىدى شاتلىق كۈيى.

شان ـ شەرەپ بابىدا يەكتا
شۇڭا سەن ئالەم ئارا.
ياندۇراي ئەجرىڭنى يۈرتۇم
قەرزدار مەنمۇ ساڭا.

ئابلىمىت تۇردى

## ياشا شۇنداق، يەتمىگەي خەۋپ

مەن تۇرىمەن دەريا لىۋىدە،
تۇغدى ئۇپۇق قۇياشنى سەھەر.
بىر جۈپ ئاق قۇ شەپەققە چۆمۈپ،
ئۇچۇپ كىلەر ئەمكىن قىيقىسپ پەر.

ئاھ، دەرياغا قارىدىم بىقىسپ،
دولقۇنلاردا سىرىدىشىم بار دەپ.
بىر جۈپ ئاق قۇ كۆزۈمدە ئەنە،
لىكىن تەنها تۇرىمەن ئەجەب.

بىر جۇپ ئاق قۇ كۆزۈمدە ئەنە،
لېكىن تەنها تۇرىمەن ئۆزەم،

ئاق قۇلارغا سۆيۈنۈپ دېدىم:
ياشا بەخت قوينىدا ھەردەم.

ئابابەكرى توختى

## ئاقار يۇلتۇزلار

### ئاشىقلىق كۈيى

مەن تەنها ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق،
پايانسىز ھېسلارغا بولىمەن غەرق.
يالقۇنلۇق بىر كۈيگە سالغانچە قۇلاق،
دېرىزەم تۈۋىگە قالىمەن بېرىپ
ئاھ، شۇندا ئارزۇلار ئۇرىدۇ بەرق.

قارايمەن كۆك ئاسمان، بۆككىدە ئورمان،
قوينىدا بەھۇزۇر ئۇخلار تولۇن ئاي.
ئىزدەيمەن، ئىزدەيمەن ئۇ شۇنچە پىنھان،
يالقۇنلۇق كۈيىنى ئاڭلايمەن تىنماي
ئۇ شۇنداق ھەسرەتلىك لىرىكىغا باي.

غۇرۇرۇم كۆكىدە بالقىغان قۇياش،
بىر يۈكسەك سۆيگۈنى قىلار مۇجەسسەم.
بىلمەيمەن، بىلمەيمەن نېچۈن تۆكتۈم ياش
ئاق يامغۇر زېمىننى قىلغىنىدەك نەم،
قەلبىمنى تىلغايدۇ ئاچچىققىنە غەم.

شۇ كۈيگە بوپتىمەن ئەبەدىي ئاشىق،
يوق پەقەت ئاڭلىماي ئۆتكەن بىر تۈنۈم.
گىتارچى، گىتارچى كەل بۇ ياققا چىق،
كۈيۈڭگە كۈي قوشسۇن جاراڭلاپ ئۈنۈم،
ئۆزەڭنى، مېنىمۇ قىينىما جېنىم.

ھەر ئىككىمىز قويدۇق چاندۇرۇپ

بىر كوچىدا قالدۇق ئۇچرىشىپ،
نىگاھلاردىن سىقىلىردى جان.
تۇرۇپ قالدۇق تەڭلا ماڭالماي،
چىراكاۋدىكى جانسىز بۇتسىمان.

يۈرەر ئىدۇق يۈرەكتە پىنھان،
پاك سۆيگۈدىن گۈلخان ياندۇرۇپ.
شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا بۈگۈن
ھەر ئىككىمىز قويدۇق چاندۇرۇپ.

### بۇلار ئىدىم مەنمۇ چوڭ

دەردى تولا بالىمەن، دېسەم،
تېخى كىچىك بالىسەن، دېدىڭ.
دەردى تولا ئوغۇل بالىغا
سەن ئۆزەڭنى مەبۇت سايلىدىڭ.

تۇغۇلغانغا قويدۇڭ تويدۇرۇپ،
ساھىلىڭدىن سۆيگۈ ئىزدىسەم.
نىمانچىلا كەتتىڭ ئالدىراپ،
چوڭ بولاتتىم مەنمۇ ئۆلمىسەم.

### مەن سېنى ئۇزاتتىم، كۆزلىرىمدە ياش

مەن سېنى ئۇزاتتىم، كۆزلىرىمدە ياش،
تورانلار كەينىدىن يۈگۈردۈم ئۇزاق.
سەن كەتتىڭ چېھرىڭدە پارلىتىپ قۇياش،
خوش قال، دەپ قول سىلكىپ كۈلۈپ
بىر ئۇماق.

ئاھ، كۆلكەڭ نېمانچە سىرلىق ۋە جەزىبىدار،
كۆكسۈمدە تەۋرەتتى دولقۇنلۇق قىيان.
شۇ كۆلكەڭ ئۆچمىسۇن، ئۆچمىسۇن دىلدار،
ياشىغىن ھاياتتا كۆلۈپ سەن ھامان!

## قارلىق

ئەقىدەمدە ئاي تەگىرىنىڭ بالقىشى
تۇيغۇلىرىم بىخ يارىدۇ شىپىرلاپ.
قارلىقىڭدىن ئېرىپ كەتتى ۋۇجۇدۇم،
ئون سەككىزگە تولغان يۈرەك تىپىرلاپ.

ئاھ، تەبىئەت نىمانچىلا چىرايلىق،
قاش تېشىدەك جۇلالايدۇ ئاقلىقى.
يۈرىكىمگە قارلىقىڭدىن ئېسىل كۆي،
سىڭىپ كەتتى خۇددى قاردەك پاكلىقى.

## شېئىر ئىزدەپ

شېئىر ئىزدەپ چىقتىم تالاغا،
ھۇشقىتاتتى ئاچچىق شىۋىرغان.
ئاق مامۇققا يۆگىنىپ ھالسىز،
مۈگدەيتتى قەدىمكى ئورمان.

شېئىر ئىزدەپ باقتىم ساماغا،
يۇلتۇزلاردىن تۆكۈلەتتى سوغ.
ئاي يۈزىنى ئوراپ بولۇتقا،
داغلىرىنى يوشۇرغان تولۇق.

شېئىر ئىزدەپ كىردىم دېڭىزغا،
ئۇچراتقىنىم ساپلا خادا تاش.
ۋۇجۇدۇمنى باستى قورقۇنچ،
كۆرۈنمىگەچ ئىلاھى قۇياش.

شېئىر ئىزدەپ يۈردۈم ئاشۇنداق،
ئى - نى يالغان كۈيلەرنى قاتتىم.
راست شېئىرنى پەقەت ۋە پاقەت
سېنىڭ ئاھۇ كۆزۈڭدىن تاپتىم.

## ئېسىت دەيمەن ساڭا تېۋىنىپ...

مەن تاشلىغان ئوتتا ئۆرتەندىڭ،
مەن باشلىغان كۈيلەرنى تووۋلاپ.
روھلىرىمدا نۇرغا پۈركەندىڭ
تۇرسىمۇ ياۋ بۆرىسى ھۇۋلاپ.

ئەكىس سادا بەردىڭ، كۈلدۈردۈڭ،
پاكلىقىڭنى ئالەمگە چىللاپ.
ئادەملىكنى شۇنداق بىلدۈردۈڭ،
مىڭ ئادەمدىن مېنىلا خىللاپ.

رەزىللىكنى ھاڭغا كۆمتۈردۈڭ،
بەختىم ئۈچۈن ئاققۇزدۇڭ كۆز - ياش.
سەن ئۆزۈڭنى داغدا ئۆلتۈردۈڭ،
ئاھ مېنى دەپ يېگانە سىرداش.

## مەن بىر ئاددىي سەھرا بالىسى

مەن بىر ئاددىي سەھرا بالىسى،
توپىلارغا مىلىنىپ ئۆسكەن.
مەن شەھەرلىك دېمەيمەن ھەرگىز،
تاشلا مېنى ۋە ياكى سەسكەن.

مەن بىر ئاددىي سەھرا بالىسى،
سەھرا ئانام، سەھرادا بەختىم.
قەلبىمدىكى ھارارىتىمنى
شۇ سەھراغا قىلمەن تەقدىم.

ئەكبەر غۇلام

# ئىككى ھېكايە

## يامغۇردا قالغان سۆيگۈ

بىپايان كەڭ دالىدا بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق كېتىپ باراتتى. يىگىت شېئىرىيەت سەھنىسىدە تېخى يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۆتكۈر ۋە يالقۇنلۇق مىسرالىرى بىلەن جامائەتكە تونۇلۇۋاتقان ياش شائىر پەرمان، قىز كىنو ئىنستىتۇتىنى يېڭىلا پۈتتۈرۈپ، ئېكراندا بىرمۇنچە ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ داڭ چىقىرىشقا باشلىغان ئاسىيە ئىدى.

يېقىن ياندىشىپ كېتىۋاتقان بۇ ئىككى ياشنىڭ قارىسى، لەرزان شامالدا شىرىقلاپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان ئوت-چۆپلەرنىڭ ئاۋازى، چېكەتكە، قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ ھەر خىل چىرىلداشلىرى ئىچىدە غۇۋا زېمىنغا ھايات جانلىنىشى قوشۇپ تۇراتتى. يوغان بىر پارچە قارا بۇلۇت يېرىم تۇتۇق ئاسماندىكى غىل-پال چاقناپ تۇرغان كۈن نۇرىنىمۇ تېزلا پۈتۈنلەي توسۇۋالدى. بۇلۇت تۈپلىرى بارغانسېرى قېلىنلاپ، بارغانسېرى قارىداپ، گويا ھېلىلا يەرگە چۈشۈپ كېلىدىغاندەك بىلىنەتتى. قارلىغاچلار يەر بېغىرلاپ ۋىچىرلاپ، چاقماق تېزلىكىدە ئۇيان-بۇيان ئۇچۇپ يۈرەتتى، ھاۋانىڭ نەملىكى بارغانسېرى ئېشىپ، قارا بورانلىق يامغۇر كېلىۋاتقانلىقىدىن شەپە بېرىۋاتاتتى. ئاشىق-مەشۇقلار گويا ھېچنېمىنى تۇيمىغاندەك چېغىر يول بويلاپ جىمجىتلىقنى پەرۋاسىز كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ياندىش



شىيماسى غوۋا ئۇپۇق سىزىقىدا ئىنتايىن سىرلىق ھەم مەزمۇت كۆرۈنەتتى. بۇنداق يورۇشنى ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ رومانتىك ئۇچرىشى، شېرىن مۇھەببەتلىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ھېسابلىشىدىغانلىقىنى ياكى 80 - يىللاردىكى ياشلارنىڭ مۇھەببەت يولىدا ياراتقان بىر يېڭىلىقى دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

توساتتىن بوران چىقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، قاراسلاپ چاقماق چېقىپ چېلەكتىن قۇيغاندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئۇلار يامغۇرلۇق كىيىمى كىيمىگەنىدى، قوللىرىدا پەقەت بىر دانە قارا كۆنلۈك بار ئىدى. شىددەتلىك بوران - يامغۇر ئۇلارنى بىر - بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. يەنە بىر چاقماق چېقىلىپ، ئەتراپنى يورۇتتۇۋىدى، ئاسىيەنىڭ يۈزى سەل - پەل تاتارغاندەك كۆرۈندى، لېكىن ئۇنىڭ تەبىئەتكە تەشنا يوغان - يوغان بۇلاق كۆزلىرى كىشىنى ھاياجانلاندۇراتتى. يامغۇر ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى، كۆڭلىكى ئەتلىرىگە چاپلىشىپ، سۇمباتىدىكى ئەۋرىشىم نازۇكلۇقنى نامايان قىلدى، ھۆل چاچلىرى يۈزىگە، مۈرىلىرىگە چاپلىشىپ كەتتى. پەرماننىڭمۇ ئۇستىبېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولدى، لېكىن ئۇ سەنئەتكارلىق نەزەرى بىلەن ئاسىيەنىڭ ئۇستىبېشىغا قاراپ، گويا بىر خىل سېھىرنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى.

يەنە بىر گۈلدۈرماما خۇددى ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىگە كېلىپ يېرىلغاندەك قىلىۋىدى، ئاسىيە چۆچۈپ «ۋىيەي، قورقۇۋاتىمەن!» دەپ پەس ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى - دە، ئۆزىنى ئىختىيارسىز پەرماننىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى، پەرماننىڭ يۈرىكى جىغىلدىغاندەك بولدى - يۇ، قولىدىكى تاق شىب بىئەپ تۇرغان كۆنلۈكنى تاشلاپلا، يۈزىدىكى يامغۇر تامچىلىرىنىمۇ سۈرتۈشكە ئۈلگۈرمەي، ئاسىيەنى قاتتىق قۇچاقلىدى، ھازىر پەرمان چاقماقنىڭ تېخىمۇ شىددەتلىك چېقىلىشىنى، گۈلدۈرمامىنىڭ تېخىمۇ شىددەتلىك گۈلدۈرلىشىنى، بوراننىڭ تېخىمۇ شىددەتلىك چىقىشىنى، يامغۇرنىڭ تېخىمۇ شىددەتلىك يېغىشىنى ئۈمىد قىلاتتى...

يامغۇر جاھىللىق بىلەن ھەدەپ شارقىراپ چۈشەتتى، ئۇلار بىر - بىرىگە چىڭ چاپلاشقىنىچە يەنىلا بىرەر پاناھلىنىدىغان يەر ئىزدەشنىمۇ ئېسىگە كەلتۈرمەيتتى. بۇ قارا يامغۇر، بۇنداق بىئاراملىق گويا تەبىئەتنىڭ ئۇلارغا قىلغان سوۋغىسىدەك تۇيۇلماقتا ئىدى. بەلكىم ئۇلار بۇنداق ئوپال ھەم جىددىي قىزغىنلىقنى ياخشى كۆرگەندۇ، بەلكىم ئۇلار بۇنداق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تاشقى كۆرۈنۈشى ئۆزگەرگەن سۆيگۈ دەپ ھېسابلىغاندۇ...

يامغۇر ئاستا - ئاستا پەسلىدى، كەڭ دالا ياپيېشىللىققا ئايلاندى. ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان يامغۇر تامچىلىرى گويا بۇ چۆپلۈكنىڭ كۆكسىگە قادالغان مارجانلارغا ئوخشايتتى. يامغۇر تامچىلىرى پەرماننىڭ يۈزلىرىدە، ئاسىيەنىڭ چاچلىرىدا پارقىرايتتى. ئۇلار بۇ سۈپ - سۈزۈك يامغۇر تامچىلىرىدىن خۇددى ھاياتقا چۆمۈلۈپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان يېڭى بىر دۇنيانى كۆرۈۋاتقاندەك بولاتتى. يامغۇردىن كېيىنكى غۇر - غۇر سالقىن شامال ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە ئۇرۇلاتتى، ئۇلار

تىترەشكە باشلىدى.

— ئاسىيە، — پەرمان ئاخىرى جىمجىتلىقنى بۇزدى، — سىز مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەمسىز؟

— ھەئە، سىزچۇ؟

— مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم بەلكىم سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدىن ئون ھەسسە، ھەتتا يۈز ھەسسە چوڭقۇر بولۇشى مۇمكىن!

— شۇنداقمۇ؟ ئىشەنمەيمەن!

— ھا... ھا... راست ئىشەنمەمسىز؟

پەرماننىڭ كۈلكىسى شۇئان مىڭلىغان سۆيۈشلەرگە ئايلىنىپ ئاسىيەنىڭ جىنەستىدەك قىپقىزىل لەۋلىرىدە ئىز قالدۇردى، ھاياجاندىنمۇ ياكى سوغۇقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇلار تىترەشكە باشلىدى.

— پەرمان، كېيىمىڭىزنى سېلىپ سىقىۋېتىڭا، — دېدى ئاسىيە كۆيۈنگەن ھالدا.

— لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مۇھەببەت ئوتلىرىمىز ھازىرلا قۇرۇتۇۋېتەلەيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ! — دەپ جاۋاب بەردى پەرمان چاقچاق ئارىلاش.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ بىراق مەن چىدىمىدىم، توڭلاپ كەتتىم!

— ئۇنداق بولسا كۆڭلىكىڭىزنى سېلىپ سىقىپ قۇرۇتۇۋېلىڭ، — دېدى پەرمان قىلچىمۇ ئويلانماي.

— ئەسكى! ئەسكى! كۆپكۆندۈزدە كۆڭلىكىمنى سال دەمسىزا؟ — ئاسىيە ئەركىلەپ ئويالغان ھالدا پەرماننىڭ كۆكسىگە ئىككى مۇشتۇمى بىلەن يۇمشاق-يۇمشاق ئۇردى، پەرمانغا خۇددى بىر جۈپ يۇمشاق پاختا يۇمزىكى قىزغىن سوقۇۋاتقان يۈرىكىگە تېگىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟

— كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، كەينىڭىزگە ئۆرۈلۈپ تۇرۇڭ!

پەرمان ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلدى. ئۇ چىرايلىق تىكىلگەن رەڭلىك كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلىكىنى سالدى، ئۇنىڭ ئاشۇ قەلبلەر تارىنى تىترەتكۈدەك، قايماقتا ئوخشاش سىلىق، ئاپئاق، پارقىراق، تولغان ئېلاستىكلىق تەنلىرى كۆرۈندى. سۈس ئەترەڭ چىرايلىقىنە گۈللۈك نېپىز لىپتىكىنىڭ ئۈستىدىن غىل-پال كۆرۈنۈپ لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسى گويا چىمىرلاپ تۇرغان ئاي نۇرىدەك كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرىي كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئاسىيەنىڭ كۆڭلەكنى سىققان ھەرىكىتى بىلەن تەڭ تىترەپ تۇراتتى. لىپتىكى بىلەن ئوخشاش رەختتىن تىكىلگەن ئۈچ بۇرجەكلىك ئىچ كىيىمى ئۇنىڭ دوۋسۇنىغا چىڭ تارتىلىپ، سىزىقچىسى روشەن، ئاپئاق يۇمران تەنلىرىگە ھۆسن قوشقانىدى. پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل ھە، پەرىشتىنىڭ ئۆزىغۇ...

پەرمان شىددەتلىك ئۆركەشلەۋاتقان ھېسسىياتىنى باسالماي، شارت قىلىپ ئالدىغا بۇرۇلۇپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن ئاسىيەنىڭ ھەممە يەرلىرىگە قارىدى.

ئاسىيە «ۋىيەي» دەپ ۋارقىراپ، ئالدىراپ-تېنەپ ھۆل كۆڭلىكى بىلەن بەدىنىنى توسۇپ، ئىككى قولىدا ئالمىدەك قىزارغان يۈزىنى چىڭ ئېتىۋالدى.

— جېنىم ئاسىيە، خاپا بولماڭ، مېنى كەچۈرۈڭ. مەن سىزنى ئەزىز جېنىمدىنمۇ ياخشى كۆرىمەن! — دېدى پەرمان تىترەك ئاۋازدا.

قىزلار جىسمانىي جەھەتتە يىگىتلەردىن ئاجىز، ئەمما ھېسسىياتتا يىگىتلەردىن

باي بولسا كېرەك، ئاسىيە پەرمانىنىڭ تەلمۈرگەن كۆزلىرىدىن، تىترىگەن لەۋلىرىدىن چىققان يالقۇنلۇق سۆزلىرىدىن گويا چايغا سالغان قەنتتەك غۇژژىدە ئېرىپ، پەرمانىنىڭ سوزۇلغان قوللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى.

— ئاسىيە، توي قىلايلى، مەن سىزنى خۇددى ئوردىدىكى مەلىكىلەردەك كىيىندۈرىمەن.

— ياق، نېمانچە ئالدىرايسىز؟ ئاسان تۇتاشقان ئوت ئوڭايلا ئۆچۈپ قالىدىغان چاغلار بولىدۇ. مەن تېخى تولۇق ئويلىنىپ بولالمىدىم.

— توغرا ئېيتتىڭىز، دۇنيادا تولۇق كامالەتكە يەتكەن شەيئى يوق، ئەگەر ھەممە ئىش تولۇق كامالەتكە يەتسە، كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىش دېگەن نەرسە بولمايدۇ. تولۇق ئويلىنىپ بولالمىغانلىقىڭىز ئىنتىلىشىڭىزگە تۈرتكە بولسۇن.

— ئەجەب گەپكە ئۇستا ئىكەنسىز-ھە! شائىر دېگەن نامغا مۇناسىپ ئىكەنسىز!

پەرمان ئۇ ماڭا مايىل بولدى، كۆڭلىدىكى گەپلىرىمنى ئىزھار قىلىشنىڭ پەيتى كەلدى، دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— جېنىم ئاسىيە، بىر گېپىم بار ئىدى، قىلايمۇ-قىلمايمۇ؟

— ھەقىقىي مۇھەببەت ئىككى ئوخشاش قەلبنىڭ ئەڭ چوڭ دائىرىدىكى ماسلىشىشى ۋە ھېسسىياتتىكى ئورتاقلىشىشى دېگەنلىكتۇر. ماسلىشىش ۋە ئورتاقلىشىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۆزئارا ئاشكارا قىلغىلى بولمايدىغان نېمە گەپ قالدۇ دەيسىز!

— خوپ، ئۇنداق بولسا، مەن ئېيتاي، سىزچە كەسپچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىككى كىشى بىر ئۆيگە كىرىپ قالسا، ياخشى ئۆتەلەرمۇ؟

— نېمىشقا ياخشى ئۆتەلمەيدۇ؟ ئىنتىلىش ئىچىدە مۇھەببەتكە، مۇھەببەت ئىچىدە ئىنتىلىشكە ئېرىشىش دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟

— ياق، مېنىڭچە مۇمكىن ئەمەس، ھامان بىرسى قۇربان بېرىدۇ، مەن سىزنىڭ كېلىچەكتە ئۆز كەسپىڭىزنى قۇربان قىلىپ، مېنىڭ كەسپىمگە ياردەمچى بولالايدىغان ياخشى رەپىقەم بولۇشىڭىزنى سەمىمىي ئۈمىد قىلاتتىم.

— قىزىق، كەسپ ۋە مۇھەببەت ئوتتۇرىسىدا نېمە زىددىيەت بار؟ نېمىشقا ئىككىمىز كەسپىمىزنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانماي، مەن كەسپىمنى سىز ئۈچۈن قۇربان قىلىدىكەنمەن؟— دېدى ئاسىيە ھەيرانلىق بىلەن.

— ئاسىيە، كەسپچان ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئاقىۋىتى كۆپ ۋاقىتلاردا ئانچە ياخشى بولماي قالىدۇ، ئەتراپىمىزدا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. تۇرمۇش خىيالدىكىدىن، كىنو ئېلىشتىن مۇرەككەپ، بىرىمىزنىڭ كەسپىي جەھەتتە نەتىجە قازىنىشىمىز ئۈچۈن بىرىمىز قۇربان بېرىشىمىز، ئۆي ئىشلىرىنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن سىز ئۆز كەسپىڭىزنى ئازراق قۇربان قىلىپ، مېنىڭ كەسپىمگە ياردەمچى بولمايسىز؟ بىزدە ئەر كەسىپ ئەھلىلىرى ناھايىتى نۇرغۇن-غۇ! ئايال خەقنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى ئاسان ئىشمۇ؟— دېدى ئاسىيە قايتا سوئال قويۇپ.

پەرمان مۇرتىسىنى قىستى. ئۇنىڭ

سوئاللىنى توغرا قويغانلىقىغا قوشۇلغانلىقىدەك قىلسىمۇ يەنە سورىدى:

— بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، ئادەتتە ئاياللار ئەرلىرى ئۈچۈن قۇربان بېرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇش بىز ئەرلەر ئۈچۈن نومۇس.

— ئەجەبا، بىز يېڭى زامان ياشلىرى بۇنداق كونا ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنى ئۆزگەرتسەك بولمامدىكەن؟

— بۇ گەپنى قىلماق ئاسان، ئەمەلدە كۆرسەتمەك قىيىن. بىز ھازىر شىنجاڭدا ياشاۋاتىمىز، چەت ئەلدە ياشاۋاتقىنىمىز يوق. ھازىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قانچىلىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ؟

— دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز تېخىمۇ كۆچەپ تىرىشىپ، بۇ تارىخىي ھالەتنى ئۆزگەرتسەك بولمامدۇ؟

— بۇنداق ھالەتنى سىز بىلەن مەن ھازىرچە ئۆزگەرتەلمەيمىز! يەنىلا ئەمەلىيەرەك سۆزلىشەيلى!

— ياق، مېنىڭچە چوقۇم ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ!— ئاسىيە قەتئىي جاۋاب بەردى، ئۇ باياتىن شۇنچە ئوچۇق چىراي، ساددا، مۇلايىم، نازاكەتلىك، ھېسسىياتچان، ھەم ھازىرقى زامان ياشلىرىغا خاس قىلچىمۇ تارتىنمايدىغان بىمالال خاراكتېرگە ئىگە كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنە 80- يىللار ياشلىرىنىڭ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ ئالغا ئىنتىلىدىغان روھى بار ئىدى. شۇنداق، ئۇ كەسپىي جەھەتتە قۇدرەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ قىسقىغىنا نەچچە يىل ئىچىدە يۇرتىمىزنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ئىز قالدۇرغان، جاپا- مۇشەققەتلەردىن قورقماي، ھەتتا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، سۆڭىكىنىڭگە دەز كەتكەنلىكىگە قارىماي ئېكرانىدا ئوخشمايدىغان ئالتە ئوبرازنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان ئىدى. ئۇ ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچسىمۇ، ھەممە نەرسىنى قۇربان قىلسىمۇ، ئۆز كەسپىنى ھەرگىزمۇ قۇربان قىلمايتتى.

ئاسىيە پەرماننىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ھەيران بولدى، ئەپسۇسلاندى، ئۇ ئۇمىدسىزلىنىپ كەينىگە بۇرۇلغاندى، پەرمان ئۇنى تۇتۇۋالدى، پەرمان ئوتتۇرىدا پەيدا بولۇۋاتقان بۇ سوغۇقچىلىقتىن سەل خىجىل بولدى بولغاي، مۇلايىملاشتى:

— ئەمەلىيەتتە مەن سىزنى ياخشى چۈشىنىمەن، سىز ھەقىقەتەن كەسپىڭىزنى ياخشى كۆرىسىز، بەلكى ئاز - تولا نەتىجىمۇ قازاندىڭىز، مەنمۇ باشقا قىزلارغا ئوخشىمايدىغان مۇشۇنداق كەسپچانلىقىڭىز بولغاچقا، سىزنى ياخشى كۆرگەنتىم.

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن مۇنداق بىمەنە، كۆلكىلىك تەلەپلەرنى قويىسىز؟

— كېلىچەكتە ناۋادا ئىككىمىز كېلىشىپ قالساق، سىز ئايلاپ - ئايلاپ سىرتلاردا قاتراپ، ئاپپارات ئالدىدا چۆكىلەپ يۈرسىڭىز، مەن ئۆيدە يالغۇز قالسام ئۇ چاغدا ئۇنداق - بۇنداق زىددىيەتلەردىن خالى بولالامسىز مىكىن دەپ...

— تۇرمۇش دېگەندە ئەلۋەتتە زىددىيەت بولۇپ تۇرىدۇ، دەل شۇ زىددىيەتلەر تۇرمۇشىمىزنى خىلمۇخىل رەڭلەر بىلەن بېزەيدىمەدۇ؟!

— ئاسىيە، مۇھەببەت ئاپپارات ئالدىدا كۆرۈنۈش ئېلىنىشقا ئوخشاش، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىنمىسا، قايتا ئېلىنىشقا بولىدىغان نەرسە ئەمەس، مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم بۇلا ئەمەس، بەلكىم...

— بەلكىم نېمە؟

— باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، بىزگە ئوخشاش كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ تولىسى كەسىپچان ئايال تېپىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ، كەسىپچان ئاياللارنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا ۋاقتى يوق، ھەم ئۆي ئىشلىرىغا خام كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك، ئۇلار ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە، ئۇلارنى چۈشەنمەكمۇ، باشقۇرماقمۇ تەس. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ ئېكراندا تولا كۆرۈنۈۋېرىشىنى، سانسىز ئاچكۆز ھەم شەھۋەتپەرەس كۆزلەرنىڭ ئۇنىڭغا قادىلىپ قارىشىنى خالىمايمەن. ئېكراندىكى كىشىلەرنىڭ تولىسى تۇرمۇشتا ئانچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمەيدۇ، يالغان ئويۇننى بىلىپ بىلمەي راست ئويناپ قويىدىغانلىرىمۇ بار، كېلەچەكتە بىز بىر ئۆيدە بولغاندا كۆپ ئىشلاردا گېپىمىز بىر يەردىن چىقماي، ئاخىرى ئىككىمىزلا ئۆز سەنئىمىزگە دەسسەپ قالساق، نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق - ھە!...

پەرماننىڭ يۈرەك قاتلىرىدىن چىققان بۇ سۆزلەر ئاسىيەنىڭ تۇمانلىشىۋاتقان قەلبىگە خەنجەردەك سانجىلماقتا ئىدى.

— كېيىن ئاشكارىلانغاندىن ھازىر ئاشكارىلانغىنى ياخشى بولدى. خۇداغا شۈكرى، كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېيتقانلىقىڭىزغا رەھمەت. سىزگە ئايال بولغان كىشىنىڭ كەسپى سىزگە ھاجەتسىز ئىكەن، پەقەتلا تۇرمۇشتىكى بەزى قولايلىق ۋە ئېھتىياجلىق ئىشلارغىلا موھتاج ئىكەنسىز. مۇھەببەتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى بىر - بىرىنى چىن قەلبىدىن سۆيۈش، بىر - بىرىگە ساداقەتلىك بولۇش. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بۇنىڭدىن قورقىسىز؟ نېمە ئۈچۈن شەرت قويۇپ سودىلىشىسىز؟

— ياق، مېنىڭ دېگىنىم...

— بولدى، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، ئېچىپ ئېيتقاندا سىزدە ھەقىقىي مۇھەببەت يوقكەن، سىز گەرچە مېنى ياخشى كۆرسىڭىزمۇ، ھەقىقىي ئايالىڭىز قىلىشنى خالىمايدىكەنسىز، پەقەت تاماق ئۇستىلى، قازان بېشىدىكى مالاي ۋە تەكىتۆشەكتىكى ئويۇنچۇق قىلماقچى ئىكەنسىز...

— ياق ئاسىيە، مېنى چۈشىنىڭ، مەن سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىمەن. مەن سىزنىڭ كىنو چولپىنى بولۇشىڭىزنى، نام چىقىرىشىڭىزنى، ھەتتا ئوسكار كىنو مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ئاجايىپ شۆھرەتلەر قازىنىپ كېتىشىڭىزنىمۇ خالاپ كەتمەيمەن، ماڭا خوتۇن كېرەك. بىر مۆلايىم ھەقىقىي خوتۇن كېرەك. ئۇنداق كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئۇتسا قولغا چىقمايدىغان، تاماق قىلىپ يېگىلىمۇ، كىيىم قىلىپ كىيگىلىمۇ بولمايدىغان قۇرۇق نام - شۆھرەتنىڭ نېمە ھاجىتى!

— ئۇنداق بولسا خوپ، بۇ جەھەتلەردە، مەن سىزنى ھەقىقەتەن رازى قىلالمايدىكەنمەن. خوش، رەھمەت! — دېدى ئاسىيە چىرايلىرى تاتارغان ھالدا ئىنتايىن قەتئىيلىك بىلەن.

پەرماننىڭ چىرايىدا بىر خىل گاڭگىراش، پەرىشانلىق، ھەسرەت پەيدا بولدى. قورقۇنچ بىلەن ئاسىيەگە بىر قاراپ، يىغلىغاندەك پەس ئاۋازدا:

— ئۇنداق دېمىش كەتمەيدۇ، توختاپ تۇرۇڭە، ئوبدانراق سۆھبەتلىشەيلى، — دېدى.

گۈلدۈرماما پەس ھاۋا قاتلىمىدا يەر جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك

بىرنەچچە قېتىم گۈلدۈرلىگەندىن كېيىن
كۈچلۈك بىر چاقماق نۇرى كۆكنى ياردى.
كەينىدىنلا گويا ئاسىيەنىڭ بەختسىزلىكى
ئۇچۇپ يىغلاۋاتقاندەك يەر - جاھاننى قاپ-
لاپ قارا يامغۇر ياغدى. ئاسىيە ئاخىرقى
قېتىم پەرمانغا مەنسىتمەسلىك نەزەرىنى
تاشلاپ كەينىگىمۇ قارىماستىن قارا يام-
غۇرغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ خۇددى يامغۇر
ئىلاھىدەك قارا يامغۇرنىڭ ئۆزىنى قامچى-
لىشىغا پىسەنت قىلماي كېتىۋەردى. ئۇ
گويا ھەي گۈلدۈرماما، يەنىمۇ قاتتىقراق
گۈلدۈرلىگەيسەن! ھەي، قارا يامغۇر، تې-
خىمۇ قاتتىق راق ياققايسەن، بۇ رەزىللىكلەر-
نى ئېقىتىپ، يېڭى ھەم پاكىز بىر دۇنيا
ياراتقايسەن، دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

شۇ تاپتا ئاسىيە ئۆزىنىڭ غەزەپ-
لەنگەنلىكى، كۆڭلى يېرىم بولغانلىقى،
ھەسرەتلەنگەنلىكىنى ياكى تەلپۈنى ئوڭ-
دىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. پەقەت
ھېلىلا ئاپپارات ئالدىدا ئىنتايىن مۇۋەپپەقى-
يەتلىك ھەم ھەقىقىي بىر رول ئالغان-
دەك ھېس قىلدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆ-
رۈنۈش ئېكراندا مەڭگۈ ساقلىنىپ قالى-
دۇ. قايتىلاپ ئېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بول-
مايدۇ. ئۆتمۈش پەقەت گويا بايامقى
چاقماقتەك بىردەملىكىنىلا چۈشەندۇرۇپ
بېرىدۇ، كېلىچەك مەڭگۈلۈكتىن
ئىبارەتتۇر!

پەرمان خۇددى بىر يامغۇر چۈشى
كۆرگەندەك، بۇ چۈشنىڭ يېشىلىشى بىلەن
تەڭ ئۆزىنىڭ تەشنا بولغان سۆيگۈسىنى
يامغۇر سۇلىرى ئېقىتىپ كەتكەندەك ھېس
قىلدى. ئۇ قارا يامغۇر ئىچىدە كېتىۋاتقان
ئاسىيەنىڭ قارىسىغا ھاڭۋېقىپ ئۇزاققىچە
قاراپ، ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك
ئاچچىققىنە كۈلۈپ قويدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەقەت ھېلىلا
ئۆز سۆيگۈسىنى ئېقىتىپ كەتكەن بىپايان
يامغۇر تامچىلىرى بىلەن ئۇلار مېڭىپ كەل-
گەن ھېلىقى پاتقاق چىغىر يول سوزۇ-
لۇپ ياتاتتى.

ئېھ، يامغۇردا قالغان سۆيگۈ...

## گۇمان

مېھرىگۈل ئېرىنگە ھەددىدىن تاشقى-
رى ئامراق ئىدى، بىر مىنۇت بىر سېكۇنت-
مۇ ئېرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. لېكىن
ئۇنىڭ ئېرى مۇختەر مېھرىگۈلنى كۆپىنچە
چاغلاردا ئۇنتۇپ قېلىپ، پۈتۈن ئىشقىنى
يېزىقچىلىقىلا بېغىشلىۋەتەتتى. ئۇ يېقىنقى
بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ھەر خىل گېزىت-
ژۇرناللاردا كەينى - كەينىدىن نۇرغۇن
ھېكايە، پوۋېستلارنى ئېلان قىلىپ، كۈچ-
لۈك قەلىمى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ
دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئۇنىڭ
«شەپقەتسىز دۇنيا»، «ئازابلانغان يۈرەك»
ناملىق ھېكايىلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم
رايون بويىچە مۇكاپاتلاندى، بىرقانچە
ئەسىرى خەنزۇ تىلىغا ۋە چەت ئەل
تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. لېكىن ئۇ
بۇنىڭغا ئەگىشىپ پات - پات ئاپتونوم را-
يون بويىچە، ھەتتا مەملىكەت بويىچە ئې-
چىلغان ئىجادىيەت يىغىنى، قەلەمكەشلەر
يىغىنى، ئەسەر ئۆزگەرتىش يىغىنى، سۆھ-
بەت يىغىنى قاتارلىق يىغىن-
لارغا كېتىپ قېلىپ، مېھرىگۈلنىڭ

يۈرىكىنى ئاچچىق ئېچىشتۇرىدىغان بولۇۋالدى. مانا بۇ قېتىممۇ مۇختەر جەنۇبىتىكى بىر ھېكايىچىلىق ئىجادىيەت يىغىنىغا كەتكىلى يىگىرمە نەچچە كۈن بولۇپ قالدى.

بۈگۈن يەكشەنبە ئىدى. ئەگەر مۇختەر يېنىدا بولغان بولسا، مېھرىگۈل ئۇنىڭ ئىسسىققىنا باغرىدا ئەركىلەپ يېتىپ، سائەت توققۇز - ئونغىچە ئورنىدىن تۇرمىغان بولاتتى، لېكىن ئەمدىچۇ؟ سائەت تېخى ئالتە بولمايلا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى، ئاپپاقىنە يوتقان كىرلىكىگە بىلىنەر - بىلىنمەس سىڭىپ قالغان ئېرىنىڭ يېقىملىق ھىدىنى پۇراپ كۆزلىرىنى ھەرقانچە قىلىپ يۇمۇپ باقسىمۇ ئۇنىڭ قاپقارا قايرىلىپ تۇرغان ئۇزۇن - ئۇزۇن كىرپىكلىرى قونغان قاپاقلىرى گويا قىسقىراپ قالغاندەك زادىلا يۇمۇلمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان - يوغان ئېچىپ، قېرى خوتۇنىنىڭ چىگىش چاچلىرىغا ئوخشاش خىلمۇ خىل ئوي - خىياللار ئىچىدە، ئۆيىنىڭ ئاپپاق تورىسىغا قاراپ ياتاتتى.

ئۇ ئاران سائەت يەتتىگىچە ياتالىدى، كۈن نۇرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، قىزىل زەر دۇخاۋا پەردىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئۆي ئىچىنى سۇس قىزغۇچ رەڭ بىلەن بويىدى. ئۇ ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ، پەرداز ئەينىكىنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەرداز ئەينىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مۇختەرنىڭ چوڭايتىلغان رەڭلىك سۈرىتى سۈپسۈزۈك ئەينەك جازىغا ئېلىپ ئېسىلغان، سول تەرىپىدە ئۆزىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. ئۇ مۇختەرنىڭ سۈرىتىنى قولىغا ئېلىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاردى، ئېپىز ئاق رۇباشكىسىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ لىغىرلاپ تۇرغان يۇمشاق كۆكسىگە يېقىپ سەل تۇرغاندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر نېمىلەر ئېسىگە كەلدى بولغاي، دوققىدە قىلىپ دۈم قويۇپ قويدى.

مېھرىگۈل ساغرىسىغىچە ساڭگىلاپ قارا شاقىراتمىدەك سوزۇلغان چاچلىرىنى تاراپ بولۇپ، ئەينەكتىكى ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا قاراپ مەستلىكى كەلگەندەك، ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى. ئەينەكتە خۇمار كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا تۆكۈلۈپ تۇرغان قاش - كىرپىكلىرى، قىزىرىپ پىشقان توقاچتەك ئىككى مەڭزىگە ئويۇپ قويغاندەك ئوماق زىنىقى، تال چىۋىقتەك زىلۋا بويلىرى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر گۈزەل تۇراتتى.

بۇ مەنمۇ؟ نېمانچە گۈزەل - ھە! ئۇ ئەينەكتىكى گۈزەل رۇخسارىغا قاراپ، مەيۈسلەنگەندەك مەغرۇرانە كۈلۈپ قويدى. شۇنچە گۈزەل رەپىقىسى تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن تاشلاپ كېتىدۇ ئۇ؟ مېھرىگۈل ئېرىنى ئېسىگە ئالغان، ھامان ئوماق ئىككى زىنىقى دەرھال يوقاپ، سىزىپ قويغاندەك ئىنچىكە قاشلىرى خۇددى ئىككى دانە ئۆتكۈر شەمشەرگە ئوخشاپ قالدى. ئۇ پەقەت ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتنىشىشنىلا بىلىدۇ، ئىچكىرىدە ئېچىلغان بىر قەلەمكەشلەر يىغىنىدىن قايتىپ كېلىپ ھاردۇقى چىقاچىقمايلا مانا يەنە جەنۇبقا كېتىپ قالدى. ئون بەش كۈندە قايتىپ كېلىمەن دېگەن كىشى بۈگۈن تۇپتوغرا يىگىرمە بەش كۈن بولدى، يا خەۋىرى، يا بىرەر پارچە خېتى يوق، كىشىنى قانداقمۇ تاقەتسىزلەندۈرمىسۇن. ئەگەر تويى قىلماي مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن چاغلار بولغان بولسا ئىدى، بۇ

چاقنىسا ئۇ يېپىلىنىپ كۆيۈۋاتقان
قەلبىنى ئىزھار قىلىدىغان نەچچە پارچە
ھېكايىدەك قىلىپ سىغىنىش خەتلىرىنى
يېزىپ بولغان بولاتتى، ياش يازغۇچىمىش
تېخى! تويى قىلغىلى ئون يىل بولاي دې-
دى، يېزىقچىلىقىمغا تەسىر يېتىدۇ دەپ،
يا بىرەر بالا تاپمىدى، ھەركۈنى تۈن
يېرىمىدىن ئاشقىچە خۇددى چۆمۈلىدەك
قەغەز ئۈستىدىلا ئۆمىلەيدۇ. گاھىدا
ھېسسىياتى قوزغىلىپ قالغاندا يېرىم كېچە
بولۇپ قالغىنىغا قارىماي سوغۇق قوللىرى-
نى ئىسسىق يوتقانغا تىقىپ، ئۇخلاپ قالغان
كىشىنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلىدۇ. كۆپىنچە
چاغلاردا سەھەرگە يېقىن ھېرىپ - چار-
چاپ، پۇتىدىكى پايپاقنىمۇ سېلىشقا ئې-
رىنچەكلىك قىلىپ، ئۆزىنى تۆشەككە ئا-
تىدۇ - دە، ھەش - پەش دېگۈچە خورەكنى دۈك
تارتىپ بەخىرامان ئۇخلاشنىلا بىلىدۇ. ئادەتتە
كىشىنى يائەركىلىتىشنى بىلمەيدۇ، ياكى
تاتلىقتىنە بىر - ئىككى ئېغىز سۆزى يوق.
ئايدا - يىلدا بىرەر قېتىم كىنو ياكى ئو-
يۇن تاماشىلارغا ئاپارمايدۇ. تويى قىلىنماس-
تىن بۇرۇن ناۋاتتەك تاتلىق سۆزلىرى
ئېغىزىدىن چۈشمەيتتى، بىر كۈن كۆر-
مىسە ئۆيىگە كەلمەي، ئەتىسى سەھەردە
سوكۇلداپ يۈگۈرۈپ كېلەتتى. ھەممە-
يەرلىرىمنى سۆيۈپ - يالاپ، خۇد-
دى يېزىتەۋالغۇدەك قىلاتتى. ئەمدىچۇ؟
ئۇلار نەگە كەتتى؟ مېنىڭ ئۇنى دەپ،
ئۆز كەسپىمنى، ئاتا - ئانامنى تاشلاپ،
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ قىلغان ئەقىدىلى-
رىم قېنى؟ ... مەن بۇنداق تۇرمۇشتىن
قانچىلىك لەززەت ئالدىم؟ ئۇ ماڭا زادى
قانچىلىك مېھىر - مۇھەببەت بەردى؟ مەن-
مۇ بارلىقىمنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدىم، لې-

كىن ئۇچۇۋاتقا
شولىرىنى ئويلاپ، ھەسرەتلەنگەنلىك-
كىدىن، مېھرىگۈلنىڭ كېلىدىن غىزامۇ ئۆتە-
مىدى، دەملىگەن چېيىمۇ سوۋۇپ قالدى.

سىرتتىن كىچىك بالىنىڭ «مېھرى-
گۈل ھەدە، مېھرىگۈل ھەدە، سىزنىڭ
خېتىڭىز» دېگىنىچە ئىشىكنى تاقىلدىتىپ
قاققان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مېھرىگۈل كۆڭلىكىنى كىيىشكىمۇ
ئۈلگۈرمەي، روباشكىسى بىلەنلا بېرىپ
ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىك تۈۋىدە بىرىنچى
قەۋەتتىكى قوشنىسىنىڭ بەش - ئالتە ياش-
تىكى ئوغۇل بالىسى بىر پارچە خەتنى
كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مېھرىگۈل خۇشلۇقىدىن
بالىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ،
خەتنى ئالدى، ئىشىكنى چىڭ يېپىپ،
ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا خەتكە قا-
راشقا باشلىدى. خەت ئاق كونۋېرتقا سې-
لىنغان بولۇپ، كانۋېرت ئۈستىدە «مېھرى-
گۈلگە تېگىدۇ» دېگەن چىرايلىق يېزىلغان
خەتلەر تۇراتتى. يىراق بۇ مۇختەرنىڭ
تونۇش پۇچۇركىسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ
چىرايىدىكى خۇشاللىق بىردىنلا بوران
ئۇچۇرغاندەك يوقىلىپ كۆڭلى غەشلىككە
چۆمدى. مېھرىگۈل بىر ھازادىن كېيىن
كونۋېرتنى ئاستا يىرتتى، ئىچىدىن يەقەت
تۆتلىكچە بىر پارچە خەت چىقتى:

«ھۆرمەتلىك مېھرىگۈل قىز:

بىز قانداقمۇ خاتىرجەم بولۇپ
يولدىشىڭىزنى جەنۇبقا يالغۇز يولغا سال-
دىڭىز؟ ھەقىقەتەنمۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا
ئىكەنسىز ...

سىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر
كىشىدىن»

مېھرىگۈلنىڭ كاللىسى پىررىدە قايى-

غاندەك بولدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئۇچقۇنلار چاقناۋاتقاندەك تۇيۇلدى. باياتىنقى ئېزىنى مەيسىبلەشلىرى، ئېرىدىن رەنجىشلىرى، ئەنسىرەشلىرى بىردىنلا گۇرۇلدەپ تۇرغان غەزەپ ئوتىغا ئايلاندى. ئىلگىرى قۇلىقىغا كىرىپ قالغان بەزى مىش-مىش پاراڭلار، ئۆزىنىڭ بەزى گۇمانلىرى كاللىسىغا بىراقلا بېسىپ كىردى، قەلبىنى كۈچلۈك بىر شەكىلسىز قول كېلىپ مۇجۇشقا باشلىدى. نېمە ئۈچۈن بۇ قېتىم مېنى جەنۇبقا ئاپارمىدىكى، نېمىشقا «خوتۇنىنى بىللە ئاپارسا تەسىرى ياخشى بولمايدۇ» دەيدۇكى دېسەم، مەقسەت مۇشۇكەن-دە! ياز بولسىلا ئۇ يىغىن-بۇ يىغىن دەپ سىرتقىلا يۈگۈرەيدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئاللىقاچان تالاغا قاراپ قالغانىكەن-دە! كىم بىلىدۇ، بەلكى يىغىنغا قاتناشقان ھېسسىياتچان شائىرچاق قىزلارغا باغلىنىپ قالدىمۇ؟ ياكى ئۆزى چۈشكەن ئېسىل مېھمانخانىلاردىكى چىرايلىق ياش كۈتكۈچى قىزلار بىلەن ئىچ-پەش تارتىشىپ قالدىمۇ؟...

مېھرىگۇل بۇ خەتتىكى گەپلەرگە راستىنلا ئىشىنىپ قالغانىدى. خەتنى يازغان كىشى مۇشۇ جايدا بولغان بولسا، ھەي، بۇ چوقۇم ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەتلەر ئېيتقان بولاتتى. بۇ خەتنىڭ مېھرىگۇلنى شۇنچە ئىشەندۈرۈشى بەلكى خەتنىڭ قىسقىلىقى، ئۇنىڭدا كىشىگە تەسىر قىلىدىغان ئۇنداق-مۇنداق ۋەقەنىڭ يوقلۇقى، خەتنىڭ مۇلايىم، ھېسسىداشلىق تەلەپپۇزدا يېزىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

شۇ دەم مۇختەرنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «ئازابلانغان يۈرەك» ناملىق ھېكايىسىدىكى «دالا گۈلى ئۆي گۈلىدىن گۈزەل» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. دالا گۈلى ئۆي گۈلىدىن گۈزەلمىش تېخى، ۋاي ۋىجدانسىز ئىت يەپ كەتكەن ئىپلاس! بۇنىڭدا دەل ئۆزىنى يازغان ئىكەن-دە...

مېھرىگۇل خۇددى بىر پارچە چوغنى يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ بىر يەرلىرى پىژىلداپ كەتتى. ئۇ توڭلاتقۇدىن بىر ئىستاكان مۇزدەك ئىچىملىك ئېلىپ ئىچتى، لېكىن يۈرىكىدىكى ھارارەتنى باسالمىدى.

مۇختەر ئوتتۇز نەچچە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، يازغۇچىلار ئىچىدە ياش يازغۇچى ھېسابلىناتتى. گېزىت-ژۇرناللاردىمۇ ئۇ ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچى دەپ تالاي قېتىم تونۇشتۇرۇلغان، گەرچە ئۇنىڭ قەددى-قامىتى ئانچە كېلىشمىگەن، چاچلىرى شالاڭ بولسىمۇ، بىراق پالانى يازغۇچى، پوكۇنى شائىر دېگەن ئاتاقلىق يازغۇچى-شائىرلارنىڭكىدىن خېلى تۈزۈك ئىدى. مېھرىگۇل مانا يىگىرمە سەككىز ياشقا كىردى. ھەر قانچە گۈزەل بولغاندىمۇ ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن، ياشلىق ۋۇجۇدى ئۇرغۇپ تۇرغان گۈزەل قىزلارغا يېتەلەمتى؟ ئاھ ھېلىقى لەنەتى «ئۆي گۈلىدىن گۈزەل دالا گۈلى!» بۇ ۋىجدانسىز بەلكىم شۇ مىنۇتلاردا قايسى بىر ئىپلاس ھەۋەسكار سەتەڭ بىلەن گۈزەل باغلاردا، شاۋقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان دەريا بويلىرىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەندۇ؟! ياكى قايسى بىر ئېسىل مېھمانخانىنىڭ قېلىن-قېلىن پەردىلىرىنى چىمك تارتىپ قويۇپ...

مېھرىگۇل ئويلىغانسېرى ئاچچىقلىناتتى، ئاچچىقلانغانسېرى ئويلايتتى. يۈرىكىنى بىر توپ مۈشۈكلەر ئۆتكۈر تىر-

ناقلىرىدا تاتىلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.
ئۇنىڭ قەلبىنى چىلىڭ چىرمىۋالغان بۇ
ئاچچىق گۇمان، ھەسرەت، ئازاب ئۇنىڭغا
زادى ئارام بەرمىدى. كۈن چۈش بولاي
دېدى، لېكىن ئۇ يەنىلا كېرىۋىلىۋدا ئولتۇ-
رۇپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى
قورۇۋاتاتتى.

بىرى ئىشىكنى بوش چەكتى. مېھرى-
گۈل ئۇ قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ،
ئويلاپ قاپىقىنى تۈرۈپ شۈك ئولتۇردى.
ئىشىك يەنە بىر قېتىم يېنىك چېكىلدى.
مۇختەرنىڭ يېنىدا ئاچقۇچ بارلىقى، كۆ-
پىنچە ئۇ ئىشىكنى ئېچىپلا كىرىپ كېلى-
دىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، مېھرىگۈل ئور-
نىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى.

ئىشىك تۈۋىدە بىر يەردە كۆرگەندەك
غۇۋا تونۇش بىر كىشى ئەدەب بىلەن
تۇراتتى.

— بۇ مۇختەرنىڭ ئۆيىمۇ دەيمەن، —
دېدى ئۇ كىشى مۇلايىملىق بىلەن. ئاچ-
چىقى تېخى يانمىغان مېھرىگۈل:

— ھەئە، ئۇ يوق، جەنۇبقا يىغىنغا
كەتكەن! — دەپ توڭلا جاۋاب بەردى. بى-
راق يەنىلا ھۆرمەت يۈزىسىدىن، — ئۆيگە
كىرمەمسىز! — دەپ قويدى.

مېھمان تەكەللۇپ قىلىپ تۇرمايلا ئۆي-
گە كىردى.

-ئىسمىم ئابلەت بولىدۇ. بەلكىم ئې-
سىڭىزدىن چىقىپ قالغان بولسا كېرەك،
بۇلتۇر ھېلىقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇ-
كاپاتلاش يىغىنىدا مەن مۇختەرنىڭ سول
تەرىپىدە، سىز ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان
ئەمەسمۇ؟ مېنى مۇختەرنىڭ قەلەمدىشى،
يېقىن دوستى دېسىڭىز بولىدۇ. بۇ بۇرا-
دەر يىغىنغا بارىمەن دەپمۇ قويماي كې-
تىپ قاپتىمۇ؟ بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆز
دوستلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئوخ-
شىمامدۇ؟

— قارىغا، مېنىڭ بۇ ئېسىمنى!
ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، سىز ھېلىقى كې-
زىتخانىدا ئىشلەيدىغان «تۇمانلىق كېچە»
ناملىق ھېكايىنىڭ ئاپتورى ئابلەھەت بو-
لىسىزغۇ دەيمەن! رەنجىمەڭ، تونۇماي
قاپتىمەن! مۇختەرچۇ، ئاشۇنداقراق ئۇن-
تۇغاق ئادەم، ھېلىغۇ دوستىكەن، ئۆزىنىڭ
خوتۇنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ.

— ياق، مۇختەر خېلى ۋىجدانلىق
يىگىت جۇمۇ؟ — مېھمان ئۆزىنىڭ دوستى-
دىن پەخىرلىنىدىغان تەلەپپۇزدا سۆزلەيت-
تى، — مۇختە، ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە
يەتكەن، ئارىمىزدا يېڭىدىن تونۇلۇۋاتقان،
قانچىلىغان كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى تىت-
رەتكەن ياش يازغۇچى. مېھرىگۈل قىز،
سىز ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەنسىز! خېلى
كۆزىڭىز بار ئىكەن جۇمۇ...! مېھمان مۇختەر-
نى ماختاۋېتىپ مېھرىگۈلگە مەدھىيە ئوقۇش-
نىمۇ ئۇنتۇمىدى، — سىزنىڭ ئاشقى كۆرۈنۈ-
شىڭىزمۇ، قەلبىڭىزمۇ شۇنچە گۈزەل ئىكەن.

مېھرىگۈل مېھماننىڭ ئالدىغا چاي،
قەن - گېزەكلەرنى ئەپكەلدى.

— مېنىڭ بىلىشىمچە، سىزنىڭ
يۇرتىڭىزمۇ جەنۇبتىغۇ دەيمەن، ھازىر
تەتىل بولغاندىكىن نېمە ئۈچۈن سىزمۇ
مۇختەر بىلەن بىللە بارمايسىز؟ — مېھمان
چاي ئىچكەچ سورىدى.

— بۇنى سىزمۇ مۇختەرنىڭ ئۆزىدىن
سوراڭ! — دەپ جاۋاب بەردى مېھرىگۈل
سەل خىجىل بولغاندەك.

بىر پەسلىك سۆكۈتتىن كېيىن
مېھمان ئورنىدىن قوزغىلىپ:

— بۈگۈن مۇختەر يوق بولۇپ قاپتۇ، مۇختەر كەلگەندە يەنە كېلەرمەن ! — دەپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— ئولتۇرۇڭا، چۈش بولۇپ قالدى. تاماق يەپ كېتىڭ ! — دېدى مېھرىگۈل مېھماننىڭ ئوچۇق چىراي، مۇلايىم، سىپايە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىردەم پاراڭلاشقۇسى كېلىپ.

مېھمان ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ، ئەدەب بىلەن خوشلىشىۋېتىپ خۇددى بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك توختاپ دېدى:

— يالغۇز زېرىكىپمۇ قالغانسىز، مەندە بۈگۈن كەچنىڭ ئارتۇق بىر بېلەتى بار ئىدى، ئامېرىكىنىڭ ئىچكى جەھەتتە قويۇلىدىغان «مەشھۇر ئايال جاسۇس» دېگەن فىلىمى ئىكەن، ئەگەر خالىسىڭىز سىزگە بېرەي.

مېھرىگۈل كىنونىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ناھايىتى قىزىققان بولسىمۇ، ئەدەب يۈزىسىدىن دېدى:

— ئايالىڭىز بىلەن بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ.

— ئايالىمنىڭمۇ بېلەتى بار، — دەپ جاۋاب بەردى مېھمان يېنىك ئاۋازدا.

مېھرىگۈل قانداق قىلىشنى بىلمەي ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. مېھمان يانچۇقىدىن بىر بېلەتنى چىقىرىپ، مېھرىگۈلنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مېھرىگۈلنىڭ يۈرىكى سەل - پەل تىترىگەندەك بولۇپ بېلەتنى تۇتقان پېتى يەنە تۇرۇپلا قالدى.

— ئۇنداق بولسا كەچتە كىنوخانىدا كۆرۈشەرمىز، — مېھمان مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

مېھمان چىقىپ كەتتى، بىراق ئۇنىڭ كۆلەڭگۈسى ئۆيدە قالغانتى. مېھرىگۈل ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، ھېلىقى مېھماننىڭ مۇلايىم سۆزلىرى، ئەدەب - يوسۇنلۇق ھەرىكەتلىرى ھەم بوي بەستىنىڭ كۆڭلىدە قايتا ئايان بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئەجەبلەندى. ئۇنى ئۇنتۇشقا تىرىشتى، بىراق يەنە ئېسىگە كېلىۋالدى، ئۇ كىشى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئايالىغا مۇختەردەك مۇئامىلە قىلمىسا كېرەك، چوقۇم ئايالىنى ئىززەت - ھۆرمەتلەپ، پۈتۈن ئىشقىنى ئايالىغا بېغىشلىسا كېرەك. خۇددى مۇختەر «دالا گۈلى ئۆي گۈلىدىن گۈزەل» دېگىنىدەك. «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىدىن ياخشى» بولسا كېرەك دېگەن پىكىرلەر ئىختىيارسىز خىيالىدىن كەچتى.

مۇختەر نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن يۈز ئۆرىدى؟ مېھرىگۈل يەنە ھېلىقى نامىسىز خەتنى قولىغا ئېلىپ قاراپ، ئۇ قايتىپ كەلگەن ھامان چوقۇم «ماڭ، دالادىكى ئاشناڭ بىلەن ئۆي تۇت!» دەپ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ ئۆيدىن قوغلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ياق، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ناھايىتى كەڭچىلىك قىلغان بولامدىمەن. خەپ، توختاپ تۇر، مەنمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر ئېچىتىپ باقسامچۇ، ئۇمۇ بۇ ئازابلارنى تېتىپ كۆرۈپ باقسۇندە، ۋاقتىنىڭ مىنۇت - سېكۇنتلاپ ئاستا ئۆتۈشى بىلەن ئاچ قورساق كرېسلودا ئولتۇرغان مېھرىگۈلنىڭ كۆزلىرىگە ئۇگدەك ياماشقاندەك بولدى.

— مېھرىگۈل! مېھرىگۈل! — بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، مېھرىگۈل چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— مېھرىگۈل ئايروپىلانغا بېلەت ئالالماي بىرنەچچە كۈن كېچىكىپ قالدىم.

كۆتۈۋېرىپ رەنجىمىگەنسىز! ماۋۇ ئەتىگەن باغدىن ئۈزگەن ئەنجۈر، تېتىپ بېقىڭا، تازا مەي باغلاپ پىشىپتۇ، — دېدى مۇختەر قانداقلا بولمىسۇن ئايرىلغىلى يېگىرمە نەچچە كۈن بولغان ئايالىغا كۆيۈنگەن هالدا.

مېهرىگۈل ئاڭلىمىغاندەك ئۈن-تۈنسىز جايىدا ئولتۇرۇۋەردى. مۇختەر ئەنجۈردىن بىر تەخسە ئەكىرىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭلىسىمۇ، ئۇ يەنىلا قىمىرلىمىدى.

— بۈگۈن نېمە بولدىڭىز؟ مەن سىرتتىن قايتىپ كەلگەندە مۇنداق قىلمايتتىڭىزغۇ؟ يۈگۈرۈپ كېلىپ بوينۇمغا ئېسىلىپ، يۈز-كۆزلىرىمگە چوكۇلدىتىپ بىرەر يۈزنى سۆيۈپ، بىر ئايلىق ئوتنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا قايتۇرۇۋالاتتىڭىزغۇ؟ بۈگۈن زادى نېمە گەپ؟ — مۇختەر مۇلايىملىق بىلەن مېهرىگۈلنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى، — مىجەزىڭىز يوقمۇ-يە؟!

مېهرىگۈل نەلەردە تاماشىنى دۆك سوقۇپ كېلىپ، مېنى يەنە ئالدىماقچى بولۇۋاتىسەن؟!... دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىماقچى بولدى-يۇ، يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ شۈك ئولتۇرۇۋەردى. مۇختەر مېهرىگۈلنىڭ زادى نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ، ئۆيدە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭاتتى، تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق شورايتتى، بىر چاغدا كۆزى مېهرىگۈلنىڭ يېنىدا تاشلاقلىق تۇرغان ھېلىقى خەتكە چۈشتى. ئۇ بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك خەتنى ئىتتىك قولىغا ئېلىپ قارىدى.

مېهرىگۈل مۇختارغا كۆز تىكىپ، ئۇنىڭ چىرايىدا قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى كۈزەتتى، بىراق مۇختەرنىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ ئۆزگىرىش بولمىدى. گويا خەتتە ھېچنېمە يېزىلمىغاندەك ئىدى.

ئۇ قاچان ئويۇن قويۇشنى ئۆگىنىۋالغاندۇ؟ مېهرىگۈل ئاخىرى چىدىماي، مەسخىرىلىك ئاھاڭدا سورىدى:

— تەسىراتىڭىز قانداقراق؟

— بۇنىڭغا سىز راست ئىشەندىڭىزمۇ؟ — مۇختار ھېچقانداق ئىپادىسىز قايتا سوئال قويدى.

— مەن سىزدىن سوراۋاتىمەن، — مېهرىگۈلنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى.

— بۇ بىر ھېكايىنىڭ ياخشى خام ماتېرىيالى ئىكەن. ھەي ئەخمەق خوتۇن، شۇنىڭغىمۇ ئىشىنەمسىز! — مۇختەر پىسەن قىلمىغاندەك خەتنى ئۆز ئورنىغا تاشلاپ قويدى. مېهرىگۈل باشقا ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش ياكى تەسەللى بەرمىدى، مېهرىگۈلنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئېچىشىشقا باشلىدى. بۇنداقمۇ باغرى تاش ئەر بارمۇ؟ يازغۇچى دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ مېهرىگۈلنىڭ مۇختەرنى تازا تىللاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقۇسى كەلدى. لېكىن مۇختەرنىڭ جىم ئولتۇرۇۋالغانلىقىغا قاراپ ئۆزىنى سەل بېسىۋالدى.

مۇختەر بۇنداق چاغدا مېهرىگۈلگە بىر نەرسە دەپ چۈشەندۈرۈشنىڭ قىيىنلىقىنى بىلەتتى. بۇ ھەقتە گەپ قىلىسا ئىشنىڭ يوغىنىلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ئىچىگە يۇتۇۋاتقاندەك قاتتىق-قاتتىق شورايتتى. ئاقۇچ تاماكا ئىسى گاھ ئىلاندەك تولغىنىپ، گاھ تۇماندەك يېيىلىپ، ئۆينىڭ ھەممە جايلىرىدا ئەگىپ، لەيلەپ يۈرەتتى. ئىككىلىسىنىڭ قەلبىمۇ خۇددى بۇ ئىس-تۈتەكلەردەك غەش ھەم تۇتۇق

ئىدى. مۇختەر كەينى-كەينىدىن ئۇلاپ ئۈچ-تۆت تال تاماكا چەكتى، بېشى سەل پىقىرغاندەك بولۇپ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— مېھرىگۈل، قورساق ئېچىپ كەتتى، تاماق ئېتىپ بېرىڭلا ماڭا، — دېدى مۇختەر ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ھە، قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ مېنىڭ، دالا گۈلى بىلەن قورسىقىڭىزنى تويغۇزۇپ كېلىڭ! — دېدى مېھرىگۈل چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

مۇختەر ئاخىرى بولماي ئۆزى ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاشخانىدىن توك-توك قىلىپ گۆش توغرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئادەتتە تاماق ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئاز ئارىلىشىدىغان مۇختەر بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ئاران بىر تەخسە قازان كاۋىپى قورۇپ، مېھرىگۈلنىڭ ئالدىغا ئەكىردى.

مېھرىگۈلنىڭ ئاچچىقى تېخىچە يانمىغانىدى، ئۇ كاۋاپقا قاراپمۇ قويماي، كۆڭلىدە يەنە ھېلىقى نامسىز خەتنى ئويلاۋاتاتتى. ئامالسىز قالغان مۇختەر كاۋاپنى قېتىپ قالغان نانلار بىلەن ئۆزى يالغۇز يېيىشكە باشلىدى. مېھرىگۈل ئېرىنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كاۋاپنى كوم-كوم سوققانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىۋاتامدىمەن يا دەپ ئويلىدى-يۇ، دەرھال بۇ خىيالىنى رەت قىلدى. ياق، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا پۈتۈنلەي ئويۇن قويۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى دالا گۈلىدە، دەپ ئويلىدى.

مۇختەر قورسىقى تويغاندىن كېيىن، قاچا-قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مېھرىگۈل يەنىلا چىگىش خىياللىرىنى بىر يەرگە يىغالماي ئاۋارە ئىدى. «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش سۇنسا بۆك ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. بۇنداق ئىشنى كىمگە ئېيتقۇلۇق؟! خەتنى تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بېرىشىمۇ بىمەپ.

— مېھرىگۈل، سىز ئارام ئالغاچ تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، بۈگۈن كەچ مېكسىكىنىڭ «ھاقارەت» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ داۋامى بارغۇ دەيمەن، مەن تۇرپان ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ كېلەي. تۇرپانلىق بىر قەلەمدىشىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ سومكىسىغا سىغدۇرالماي، مېنىڭكىگە سېلىپ قويغان بىر خالتىسى بار ئىدى. ئۇ كىشى ئەتە سەھەردە ماڭماقچى، شۇنى ئاپىرىپ بېرىپ كېلەي. ئابايام ئايروپىلاندىن چۈشكەندە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ، — دېدى مۇختەر «ھاقارەت» دېگەن سۆزنى كۈچلۈك تەلەپپۇز قىلىپ.

— ھە، چىرايلىق يازغۇچى قىزچاقلاردىنمۇ؟ - دەپ سورىدى مېھرىگۈل زەردە بىلەن.

— ھە ئە، ھېكايىسىنى خېلى ئوبدان يازىدىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى مۇختەر قىلچىمۇ يوشۇرماي، ئەكسىچە ئۇنى قەستەنگە ئىچىتقاندەك.

— قانداق؟ خەتتە يېزىلغان گەپ راستمىكەن؟ سىزگە ئۇۋال قىلمىغاندىمەن؟ — دېدى مېھرىگۈل ھەممە ئىش ئايان بولغاندەك.

— مېھرىگۈل، قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى يوق، تاۋۇز يېيىشتىن قورقمايمەن، ئەگەر ئاشۇ خەتنى يازغان رەزىل كىشىنىڭ گېپىگە ئىشەنگەن بولسىڭىز بوپتۇ، مېنى ئەمەلىيەتتىن كۆرۈڭ، ئۆزۈمنى ئاقلاپ ئولتۇرمايمەن! — دېدى مۇختەر ئىشەنچ بىلەن.

— ماقۇل، ئەمەلىيىتىڭىزدىن كۆرەي، — بۈگۈن كەچنىڭ كىنو بېلىتىنى ئېلىپ قويغان، كىنوغا بېرىپ كېلەمەن، — دېدى مېھرىگۈل پەرداز ئەينىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاندىن زامانىۋى گىرىم بويۇملىرىنى چىقىرىپ پەردازغا تۇتۇندى. ئۇ ئالدى بىلەن قېشىغا سەل ئوپا سۈرۈۋېلىپ، بىر دانە قىسقۇچ بىلەن ياۋا قاشلىرىنى تېرىۋېتىپ، ئاندىن چىرايلىق بىر قۇتىدىكى ئاقارتىش مېيىدىن ئالقىنىغا ئاز تەككۈزۈپ، ئالقانىنى ئالقانغا سۈركەپ سەل ئۇۋۇلىۋالغاندىن كېيىن، ئىككىلا ئالقىنىنى يۈزىگە يېقىپ، سىلىق - سىلىق سۈركەشكە باشلىدى. ئۆي ئىچى جىمجىت بولغاچقا، ئالقىنىنىڭ يۈزگە شىپىلداپ سۈركىلىۋاتقان ئاۋازى ناھايىتى ئوچۇق ئاڭلىناتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ كىرپىكىگە سۈرمە سۈردى، ئىككى مەڭزىنى بىلىنەر - بىلىنمەس سۇس قىزغۇچ رەڭدە بويىغاندىن كېيىن، ماموق ئوپا سۈرگۈچ بىلەن يۈزىگە يېنىك - يېنىك قىلىپ ئوپا سۈردى. چېچىغا چاچ مېيى سۈرتتى، چوتكىغا ئوخشاش تىكەنلىك تاغاق بىلەن قىسقا قىلىپ بۇدرەلىگەن چاچلىرىنى ئاۋايلاپ پاسون چىقىرىپ تارىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەينەككە تازا بىر قارىدى - دە، كاتتا بىر قۇتىدىكى فرانسىيە ئەتىرىنى ئېلىپ كۆكسىگە چاچتى. چامادانىدىن بىر دانە يېڭى نېپىز نىلون پايپاق چىقىرىپ پۇتىغا تارتتىدە، پۇتىنى مۇختەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر ئورۇندۇققا ئارتىپ، يېڭى كىيگەن پايپاقنى پۇتىنىڭ ئۇچىدىن يوتىسىغىچە سىيرىپ، پۇتىنى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ خېلىغىچە قارىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇختەرنى كۆرسۇن دەپ قەستەنگە قىلىۋاتاتتى. ئاخىرى مېھرىگۈل تۆردىكى گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئېسىقلىق تۇرغان بۆرەك شەكلىدىكى كىچىككىنە سومكىسىنى ئالدىدە، يەنە بىر قېتىم ئەينەككە قاراۋېتىپ، سومكىدىن بۇرمىلاپ ئاچىدىغان لەۋ گىرىمىنى چىقىرىپ، لېۋىنى قىزىل بويىدى. ئاندىن ئىنچىكە ئېگىز پاشنىلىق ئايىغى بىلەن يەرنى توكۇلدىتىپ دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مۇختەرنىڭ بۇلار بىلەن ئانچە كارى بولمىدى. ئۇ سەپەر سومكىسىدىن ھېلىقى كىشىنىڭ خالتىسىنى ئالدى، ئۇلار ئىككىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۆيدىن چىقتى.

تونۇشمايدىغان كىشىلەردەك مېڭىشىپ، ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ بىرسى بېكەتنىڭ ئۇ تەرىپىدە، بىرسى بۇ تەرىپىدە قارىمۇ قارشى تۇرۇپ ئاپتوبۇس ساقلىدى. مۇختەر خىيالىدا بوپتۇ، كۆڭلۈڭنى ئېچىپ كەلسەڭ كەل دېگەندىن باشقىنى ئويلىمىدى، لېكىن مېھرىگۈل شۇ تاپتا مۇختەرنىڭ قولىدىكى يازغۇچى قىزنىڭ خالتىسىغا قاراپ، ھېلىقى ئىمزاسىز خەتنىڭ راستلىقىغا تېخىمۇ ئىشىنىپ، سەن قىلغانىنى مەن قىلالمامدىم، دەپ نىيىتىنى راستىنلا بۇزۇۋاتاتتى. ئاپتوبۇس كەلمىگەنسېرى ئىچى تىتىلداپ، ھەدەپ سائىتىگە قارايتتى. كىنوغا يەنە يىگىرمە مىنۇت قالغانىدى. قارشى تەرەپنىڭ ئاپتوبۇسى كېلىپ مۇختەر كېتىپ بىر ھازادىن كېيىن تۆت ئاپتوبۇس كەينى - كەينىدىن قاتار يېتىپ كەلدى، مېھرىگۈل ئاخىرى ئىككىنچى ئاپتوبۇسقا قىستىلىپ چىقتى.

مۇختەر خالتىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بىرىپلا قايتتى. ئۇ ئاپتوبۇستا بىر مەستنىڭ قىزلارغا سۆركىلىپ، قەستەن جېدەل-ماجىرا چىقىرىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، مېھرىگۈلنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئۇدۇل كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. كىنوخانىنىڭ ئالدىدىكى كەچكى بازار تازا قىزىپ كەتكەنتى. قاتار تىزىلىپ تۇرغان كاۋاپچىلارنىڭ كاۋاپلىرىدىن مەززىلىك پۇراق ئارىلاش ئىس - تۈتەكلەر تارقىلاتتى. مەيدىلىرىنى ئېچىپ قويۇپ، گالدى - گۇلدۇڭ دەسسەپ يۈرگەن مەست - لۈكچەكلەر يېنىدىن ئۆتكەن قىز - چوكانلارغا قەستەن سۈركىلىپ قوياتتى.

كىنو ئاخىرى تارقىدى. كىشىلەر توپى خېلى شالاڭلاشقاندىن كېيىن مېھرىگۈلنىڭ قارىسى كۆرۈندى، لېكىن، ئۇنىڭ يېنىدا بىر تونۇش كىشى تۇراتتى. مۇختەر كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك سىنچىلاپ قارىۋىدى، ئۇ ھەقىقەتەنلا ئۆزىنىڭ ئانچە يېقىن بولمىسىمۇ، خېلى يامان ئەمەس دەپ يۈرگەن ئاغىنىسى ئابلەھەت بولۇپ چىقتى. مۇختەر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ جايىدا تۇرۇپلا قالدى، مېھرىگۈل بىلەن ئابلەھەت خىيالىدا يوق سۆزلىشىپ كۈلۈشۈپ كېلىمەكتە ئىدى. سۇس نۇر چېچىپ تۇرغان كوچا چىرىغىنىڭ ئاستىغا كەلگەندە، ئابلەھەت يانچۇقىدىن بىر پارچە ئادرېس كارتوچكىسىنى



چىقىرىپ مېھرىگۇلگە ئۇزاتتى، ئارقىدىنلا
نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك «توختاڭا، بۇ-
نىڭدىكى ئادرېس كونا، مەن ھازىر داشۆ-
نىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ كەت-
تىم، تېلېفون نومۇرۇمنى ئۆزگىرىپ قال-
دى، ئۆزگەرتىپ بېرەي» دەپ مېھرىگۇلنىڭ
قولىدىن كارتوشكىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ،
ئۇنىڭ كەينىگە يېڭى ئادرېسنى ۋە تېلې-
فون نومۇرىنى يېزىپ بەردى. مېھرىگۇل
ئادرېسقا قاراپ نېمىدۇر بىر نېمىنى ئەس-
لىگەندەك قىلىپ، خېلى ئۇزاققىچە تۇرۇپ
قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېلىقى ئىمزاسىز
خەتتىكى چىرايلىق پۇچۇركا كۆرۈنگەندەك
بولماقتا ئىدى.

شۇ تاپتا مۇختەر غەزەپلىنىشنىمۇ،
ھەسرەتلىنىشنىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ ئې-
غىرلاشقان پۇتلىرىنى ئاستا يۆتكەپ ئىك-
كى كۆلەڭگىنىڭ كەينىدىن ماڭدى، كاللى-
سى خىياللار، سوئاللار بىلەن تولۇپ كەت-
كەنىدى. مېھرىگۇل زادى نېمە ئۈچۈن
مۇنداق قىلىدۇ؟ ئۇ مۇنداق كىشىلەردىن
ئەمەس ئىدىغۇ؟ مەن ئىشقىمنى ئۇنىڭغا
بەردىممۇ ياكى قۇرۇق قەغەزدىكى ھېكا-
يىغا بەردىممۇ؟ مېنىڭ ئۇنىڭغا زادى ئىش-
قىم كېرەكمۇ! ياكى قۇرۇق ھېكايەم كېرەك-
مۇ؟ ئابلەھەت نېمانداق مۇناپىق ئادەم؟
يۈگۈرۈپ بېرىپ ئابلەھەتنىڭ گېلىدىن سىقا-
يمۇ؟ يا مېھرىگۇلنىڭ تەستىكىگە ئىككى-
نى قويايمۇ؟...

مۇختەر ئاچچىق تاماكا ئىسىنى ئې-
چىگە ھەرقانچە كۆچەپ تارتسىمۇ كۆڭلى-
دىكى چىۋىن يۇتۇۋالغان كىشىنىڭكىدەك
غەشلىكنى، جېنىغا پىچاقتەك قادىلىۋاتقان
خورلۇقنى، ئاچچىقنى نېرىغا ھەيدىۋېتەلمىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

(بېشى 33 - بەتتە)

«كەسپتىكى تاپاۋىتىمنىڭ ھەرگىز ئاز
بولمايدىغانلىقىنىمۇ پۇرۇتۇپ ئۆتتى» ئۇ
سۆزىدىن كېيىن ماڭا يايدىلىنىش ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ قاغا پۇتى پوچۇركىسى بىلەن
يازغان بىر يارچە ئەرزىسىنى سۇندى،
نېمە ئامال، ئۇنىڭغىمۇ ياق دېيەلمىدىم.

شۇ كۈنى كەچتە مەن نەچچە كۈن
ئىچىدە ماڭا يولۇققان يۇقىرىقى ئۈچ ئادەم-
نى قايتا كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم، شۇن-
داقلا كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقىپ ئۇزۇن
ئۆتمەيلا تۇنجى ئەسىرىمنىڭ تەييار بولۇپ
قالغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

قادىر ئارسلان

# كۈتۈلمىگەن ھادىسە

ھېكايە

بىمەھەل كەلگەن بۇ ئۈچ مېھمان يىراق سەپەردىن كەلگىنىگە ئىككى سائەتىمۇ بولمىغان ئىرى بىلەن تۆزۈكرەك ھالمۇڭ قىلىشتىن مەھرۇم قىلىپ قويغاچقا، خەيرىنىسا كەيپى ئۇچقانلىقىدىن ئۇلارغا چىرايمۇ ئاچمىدى. لېكىن ئۈچ مېھمان ئۇنىڭ قار - مۆلدۈر يېغىپ تۇرغان قاش - قاپىقىغا، ئۆڭگەن رەڭگىگىمۇ قاراپ قويماي، قوللىرىدىكى بوغجىمىلىرىنى بىر چەتكە قويۇپ، ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز قىرغانلىقتىن يۈزى مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ كەتكەن، كاستيۇمى دوغىلاق بەدىنىنى قىسۋالغان ئاشۇجىنىڭ ئىششىپ قالغاندەك مىلىقلاپ تۇرغان قوللىرىنى تۇتۇشقا ئالدىراشتى.

— ئاشۇجى، تىنچلىقمۇ؟ تىنچ كەلدىلىمۇ؟

— تىنچ ئامان قايتىپ كەپتىلا.

— ھارمىغايلا، ھارمىغايلا، چىرايلىرىدىن سەپەر ياراشقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرۇپتۇ.

بۇ قېتىمقى سەپەردىن، يەنە كېلىپ تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش بەختىگە ئېرىشكەنلىكتىن قاتتىق ھاياجانلانغان ئاشۇجىغا بۇ ئۈچەيلەننىڭ كېلىشى يامان تەسىر قىلمىدى.

— ھە، كېلىڭلار، كېلىڭلار، قېنى، سافاغا... — دېدى ئاشۇجى سالاپەت ۋە خۇش خۇيلۇق بىلەن.

— سىلىدىن كەلسۇن، ئاشۇجى، يۇقىرى ئۆتسىلە، — دېدى قاتاڭغۇر، چۇپۇرقاش، ئورا كۆز مېھمان ئارقىغا داجىپ.

— ما گەپنى كۆرۈڭ، ھاي ساۋۇتاخۇن، مەن تۆردىگە ئۆتسەم، سىز ئۆي ئىگىسى بولۇپ، پەستە ئولتۇرماقچىمۇ؟ خەيرىنساخان بۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ، — ئاشۇجىنىڭ بۇ چاقچىقىغا قالغان ئىككىيلەن كۈلۈپ كېتىشتى. ساۋۇتاخۇن تېېگىرقىغىنىچە ئوڭايسىزلانغان ھالدا بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى.

— ياپىرىم، ئاشۇجى، سىلىنىڭ چاقچاقلىرىدىزە ... شۇنداق تاتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغىلى 15 - 20 كۈن بولۇپتۇ. ئەجەبمۇ سېغىنىدۇق دېسىلە! — دېدى چېقىر كۆز، جىۋەك كەلگەن مېھمان خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ھىجىيىپ.

— شۇنى دېمەمسىلە مامۇتاخۇن، ئاشۇجى چۇشۇمگە تولا كىرىپ ... — چىرقىراق ئاۋازلىق، مەزلۇم چىراي مېھمان سۆز قاتتى.

— داۋۇتاخۇن، تولا چۇش كۆرگىنى

ئىنزدىن قارىغاندا كەنتنىڭ ئىشىنى تاشلاپ خورەك بىلەن بولۇپ كەتكەن ئوخشىماسىز؟ — دەپ چاقچاق قىلدى ئاشۇجى كۆنۈپ قالغان خۇشامەتلەر ئىچىدە ئۆزىنى تېخىمۇ ئازادە سېزىپ.

— خوش ... يا - يا ... ياقەي ئاشۇجى، ئۇخلاپ يۈرسەك كەنتنىڭ ئىشى ئاقامدۇ. ئىش ئاقمىسا سىلىنىڭ چىرايلىرىغا قانداق قارايمىز، دېسىلە، — داۋۇتاخۇن هودۇقۇشتىن چىپىلدە تەر چىققان تار پېشانىسىنى مايلاشقان شەپكىسى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — كۆزنىڭ ئاچىقىنى چىقىرىمەن دەپ ئانچە - مۇنچە كۆزنى يۇمۇۋالىدىغان گەپ ئىكەن. كۆزنى يۇمغان هامان كۆڭۈلدىكى ئادەم چۈشتە پەيدا بولىدىكەن...

—قېنى،ئولتۇرۇڭلار،ئولتۇرۇڭلار،—ئاشۇجى مېهمانلارنى ئىتتىرىپ دېگەندەك سافالارغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ئاندىن ئۆزىمۇ ئولتۇرۇپ سۆزلىدى، — خوش، تىنچ تۇرۇپسىلەر، كەنت كاتتىلىرى، ئەهۋال ياخشىدۇ؟

— ئالدى بىلەن مەن دوكلات قىلىپ ئۆتەي. سىلى مۇبارەك سەپەرگە كەتكەندىن بۇيان بىزنىڭ كەنتتە... — مامۇتاخۇن ئەمدىلا سۆز باشلىۋىدى، ئاشۇجى قولىنى كۆتۈردى.

— توختاپ تۇرۇڭ، مامۇتاخۇن، ئەتە ئۆگۈنگىچە هەرقايسىڭلارنىڭ كەنتىگە بارىمەن، شۇ چاغدا دوكلات قىلارسىلەر، — دېدى ئۇ.

— قەدەملىرى يەتسىغۇ ياخشى بولاتتى ... — داۋۇتاخۇننىڭ بۇ سۆزىدىن ئاشۇجىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ساۋۇتاخۇن دەرهال گەپ ئارىلىدى:

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىلە، داۋۇتاخۇن، ئاشۇجىنىڭ قەدىمى قاچان سىلى بىلەن بىز تەرەپلەرگە يەتمىگەن؟!

— مەن ... مەن ... هەي، مەنزە گەپنىمۇ ئوڭشاپ قىلالمايدىغان گالۋاڭ جۇما!— داۋۇتاخۇن ئەيىبكارلارچە قورقۇنچ بىلەن ئاشۇجىغا قاراپ قويدى، — ئاشۇجى ئالدى بىلەن بىزنىڭ كەنتكە كەلسە دېمەكچى ئىدىم.

ئۇلىڭ تىترىشىدىن ئاشۇجىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى:

— بوالدى، بولدى، مەنمۇ باشقىچە بىر نېمە دېمىدىمىغۇ؟ هاي ئانىسى، چېيىڭ تەييار بولدىمۇ، باشقا نەرسىلىرىڭنىمۇ ئەپكەل!

— ئاشۇجى، ئاشۇجى، خانىم جۇۋىمىسۇن، چايلا بولسا بولدىغۇ، قالغىنى تەييار...

— سىلىنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ، هاردۇق سورىغاچ هال - مۇڭ قىلايلى دەپ كېلىۋىدۇق.

— قاتتىق - قۇرۇق بولسىمۇ، ئانچە-مۇنچە...

ئۈچ مېهمان بەس - بەس بىلەن سۆزلىگەچ بوغچىملىرىدىن پىشۇرۇلغان ئىككى توخۇ، 20 — 30 تۇخۇم، پىشۇرۇلغان بىر سان گۆش ۋە ئىككى شىشە هاراقنى چىقىرىشتى.

— هاي، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، — دېدى ئاشۇجى كايىغاندەك، ئەمما چىرايىدا مەمنۇنلۇق ئالامەتلىرى ئوينىاپ تۇراتتى،— مېنى ئالدىمىزغا هېچ نەرسە قويالمايدۇ دېدىڭلارمۇ نېمە؟ هاي خەيرىنىساخان، ما نەرسىلەرنى تەخسە - لەگەنگە سېلىپ، ئوبدان راسلاپ بەرگىنە!

چىرايىدىن تېخىچە بۇلۇت كەتمىگەن خەيرىنىساخان مېهمانلار ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى كۆرۈپ چىرايى سەل ئېچىلغاندەك بولدى. ئۇ يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، يېرىمىنى تەخسە - لەگەنلەرگە سېلىپ ئەكىرىپ داستىخاننى راسلاپ بەردى - دە، قايتىپ چىقىپ ئېلىپ

قالغانلىرىغا قول ئۇزاتتى.

بىردەم داۋام قىلغان «ئالايلى»، «بالايلى» دىن كېيىن شىشىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى ۋە پاراڭلار ئاۋۇشقا باشلىدى.

— ئاشۇجى، سەپەر كۆڭۈللۈك بولغاندۇ؟ — دېدى ساۋۇتاخۇن چۇپۇر قاشلىرىنى ئوينىتقىنىچە ئۇرا كۆزلىرىنى ھۈرمەت بىلەن ئاشۇجىغا تىكىپ.

— كۆڭۈللۈك بولمايدىغانمۇ ئىش بولامدۇ، — ئاشۇجى ئېغىز ئاچقۇچە مامۇتاخۇن سۆز قاتتى تامىقىنى چاكىلدىتىپ، — سىلى بىلەن بىز ئايروپىلان دېگەننى ئاسماندا غارقىراپ ئۆتكەندىلا كۆرۈپ قالىمىز. بىزنىڭ ئاشۇجى دېگەن نەق شۇ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ يىغىنغا بارغان تۇرسا. يېزىمىزدا كىم ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ باققان؟

— ئۆتكەندە بىزنىڭ كەنتتىكى ھېلىقى راخمان دېگەن ئوقەتچى ئايروپىلان بىلەن شاڭخەيگە بېرىپ كەپتۇدەك، — دېدى ئاغزىدىكى گۆشنى تەسلىكتە يۇتۇۋەتكەن داۋۇتاخۇن چىقىراق ئاۋازدا.

ئاشۇجىنىڭ قوشۇمىسى يەنە تۈرۈلدى، ئۇ ئالدىدىكى رومكىنى قىلىن ئاستىنقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ ئۆڭتۈردى - دە، ھاراقنىڭ ئاچچىقلىقىدىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ داۋۇتاخۇنغا ئالىيىپ قويدى.

— شۇنىمۇ گەپ دەپ قىلىدىكەنسىلەر، داۋۇتاخۇن، — ئاشۇجىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىۋالغان مامۇتاخۇن داۋۇتاخۇنغا چەكچىيىپ قارىدى، — راخمان دېگەن ئوقەتچى يېزىمىزغا ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟ يېزىمىزنىڭ ۋەكىلى دېگەن ئاشۇجى، ئۇنداق بولغاندىكىن، يېزىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئايروپىلانغا ئولتۇرغان كىشى ئاشۇجى بولىدۇ.

راست، راست، — دەپ غىڭشىدى داۋۇتاخۇن ئاشۇجىنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالماي، — مەنزە گېپىمنى ئۇگشاپ قىلالمايدىغان گالۋاڭ جۇما! دېمىسىمۇ راخمانىنىڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرغىنىنى ھېسابقا ئالغىلى بولامتى.

— ئايروپىلان دېگەن ئاجايىپ مۆجىزات جۇما، — دېدى مامۇتاخۇن ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى تۈگىتىشكە ھەرىكەت قىلىپ، — ئاشۇجى، ئايروپىلاندا ئولتۇرۇش راھەتمىكەن؟

ئاشۇجى يەنە ئېچىلىپ قالدى.

— راھەتلىكىدە گەپ يوق، — دېدى ئۇ توخۇنىڭ پاچىقىنى مەززە بىلەن چاينىۋېتىپ، — ئاپتوبۇستا باسىدىغان نەچچە كۈنلۈك يولنى بىر سائەتتىلا بېسىپ قويىدىغان تۇرسا، راھەت بولماي قالامدۇ؟ بۇ ياققا ماڭغىنىمدا ئۇرۇمچىدە سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، ۋىلايەتكە كەلسەم ھاۋا شۇنچە ئوچۇق تۇرامدۇ!

— ياپىرىم، ئايروپىلان - زە قالتىس ئۇچىدىغان نەرسىكەن - دە! — دېدى ساۋۇتاخۇن ھەيران بولغاندەك قىياپەتتە باشلىرىنى چايقاپ تۇرۇپ.

— ئايروپىلانىنىڭ كۆتكۈچى قىزلىرىنى دېمەمسىلە، — ئاشۇجى ئەنسىرىگەندەك ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى ۋە پەس ئاۋازدا سۆزلىدى، — ئۇلارنىڭ چىرايلىقلىقى، چىرايىنىڭ سۈزۈكلۈكى ... ئىستاكاندا قەھۋە دېگەننى ئەكىلىپ تۇرىدۇ.

— قەھۋە دېگەن نېمە ئۇ؟ — مامۇتاخۇن ھاڭۋاققىنىچە سورىدى.

— قەھۋە دېگەن چەت ئەللىكلەر چاي ئورنىدا ئىچىدىغان ئىچىملىك.

— مۇنداق دېسىلە، سىلىزە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ چەت ئەللىكتەكلا بولۇپ كېتىپلا - دە! — مامۇتاخۇن ئاشۇجىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قويدى، — ئايروپىلانىنىڭ دېرىزىسى باردۇ؟

ئاشۇجى زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ قويدى.

— دېرىزە دېگەننىڭ كۆپلۈكىنى ئايروپىلاندىن سوراڭ، مامۇتاخۇن. ھەر رەت ئورۇندۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىك-

كى دېرىدىزە. لېكىن ئېچىشقا بولمايدۇ.
دېرىزىدىن سىرتقا قارايدىغان بولسىڭىز،
ئۆي - ئىمارەتلەر، دەل - دەرەخلەر ئۇش-
شاق كۆرۈنىدۇ. ئايروپىلان بۇلۇتنىڭ ئۇس-
تىگە چىقىپ كەتكەندە بولسا، باشقا بىر
دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك بولىدىكەنسىز.

— هەي - هەي، تەلەي دېگەن سىلە-
دە بار جۇما، ئاشۇجى، — دېدى ساۋۇتا-
خۇن ئاشۇجىغا هۆرمەت بىلەن قاراپ قو-
يۇپ، — سىلى دېگەن بىر يېزىنىڭ كات-
تىسى، يەنە كېلىپ ئايروپىلانغا ئولتۇرغان
كاتتىسى دېسىلە.

«ئاغزىمنى ئاچسامىلا پەلپەتىش گەپ
قىلىپ قويۇپ ئاشۇجىغا سەت كۆرۈنۈپ
قېلىۋاتىمەن، ئەڭ ياخشىسى، غىت قىسىپ
ئولتۇرغىنىم تۈزۈك» دەپ باياتىن گەپ
ئارىلىماي قۇلاق سېلىپ شۈك ئولتۇرغان
داۋۇتاخۇن يەنە چىدىيالماي قالدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، ئۇنى تاهەرەت قىستاپ قالغانىدى.

— ئاشۇجى، ئايروپىلاننىڭ هېلىقى
بىر يېرىدە بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ
يۈرەكسىزلىك بىلەن پوكۇلۇپ تۇرۇپ.

— قايسى يېرىنى دەيسىز داۋۇتا-
خۇن؟ — ئاشۇجى ئاڭقىرالماي ئۇنىڭغا قارىدى.

— هېلىقى يېرىچۇ ... هاجەتخانىسىنى
دەۋاتىمەن.

ئۈچەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ
كېتىشتى.

— تازا قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز - دە،
داۋۇتاخۇن، — دېدى ئاشۇجى كۈلكىدىن
توكۇلگەن ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، —
تۆمۈرنى ئاسماندا ئۇچۇرغان ئىنسان
ئۇنىڭغا بىر هاجەتخانىنى ئورنىتالامتى!

— ئۇنداق بولسا، — دېدى داۋۇتاخۇن
سەل تېتىكلىشىپ، ئۇ ئاشۇجىنى كۈلدۈرە-
لىگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كەتكە-
نىدى، — هاجەتخانىسىنىڭ تېگى ئوچۇقمى-
كەن ياكى بوشۇكنىڭكىگە ئوخشاش كۈل-
تۈك ئورنىتىلغانمىكەن؟

ئاشۇجى ئويلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇ
بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانىدى. ئۇ بىر يىلى
پويىزغا ئولتۇرغانلىقىنى، پويىز هاجەتخا-
نىسىنىڭ تېگىنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى
ئېسىگە كەلتۈردى - دە:

— ئەلۋەتتە ئوچۇق بولىدۇ - دە، —
دېدى ئىشەنچ بىلەن.

— هە، مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ ئوي-
لىۋىدىم، — دېدى داۋۇتاخۇن بېشىنى لىڭ-
شىتىپ، — سىلى ئۆرۈمچىگە ماڭغىچە ئايرو-
پىلاندا هاجەتكە ئولتۇردىلىمۇ؟

— هە، ئولتۇردۇم، شۇنىمۇ سوراپ يۈ-
رەمسىز، داۋۇتاخۇن.

— هە، مەنمۇ چوقۇم شۇنداق دەپ
ئويلىۋىدىم، — دېدى داۋۇتاخۇن كىچىك
بالىدەك خۇش بولۇپ، — سىلى ماڭغان
كۈنى مەن يولدا كېتىۋاتاتتىم، بىر چاغدا
غارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئاسمانغا قارى-
سام، ئايروپىلان ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتۇ. شۇئە-
نادا يۈزۈمگە بىرنەچچە تامچە بىرنەرسە
چۈشتى. يامغۇرمىكىن دەپتىمەن، لېكىن
هاۋا ئوچۇق، ئەسلىدە بۇ سىلىنىڭ ...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاشۇجى ئاغزىدى-
كى گۆشنى يا يۇتۇۋېتەلمەي، ياتۈكۈرۈۋېتەل-
مەي ئولتۇرۇپ قالدى. داۋۇتاخۇن ئۇنىڭ
قارىشىنى «گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتىدۇ» دەپ
چۈشەندى - دە، شەپكىسىنى ئېلىپ كۆرسەتتى:

— راست گەپ قىلىۋاتىمەن، ئاشۇجى،
شەپكەمگە سېرىق نەرسىلەرمۇ چۈشكەن،
مانا بۇ يېرىدىگە!...

بۇچاغدا كۈتۈلمىگەن هادىسە يۈز بەر-
دى: ئاشۇجى بىرلا «ھۆ» دېۋىدى باياتىن
ئۇنىڭ ئاشقازىنىغا كىرىپ كەتكەن نەرسى-
لەر شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ،
داستىخاندىكى قالغان - ئاشقان نەرسىلەرنى
بۇلغىۋەتتى. ساۋۇتاخۇن بىلەن مامۇتاخۇن
هاي - هايلىغىنىچە، بىرى داستىخاننى تازى-
لاشقا، بىرى ئاشۇجىنىڭ ئاغزىنى ئېرتىشكە
يۈگۈردى. داۋۇتاخۇن نېمە ئىش بولغانى-
لىقىنى ئاڭقىرالماي چەكچەيگىنىچە
ئولتۇرۇپ قالدى.

سەمەت دۇگايلى

# شېئىرلار

## ئالتۇن ئاقسۇ

ئالتۇندەك قۇچىقىڭ تارتتى كۆپ مېنى،
بۇ ئالتۇن پەسلىدە يەتتىم بويۇڭغا.
ياسىنىپ توز كەبى كۈتتۈڭ ئىچىلىپ،
ئالتۇندىن پاياندار سېلىپ يولۇمغا.

ئەينەكتەك يوللىرىڭ يۈزىدە چاقنار
قۇياشنىڭ ئالتۇنرەڭ نۇرى كۈندۈزى.
شۇ نۇرلار چۈشكەندە چىرايلىق ھۆسنىڭ
كۈلىدۇ بولۇپلا ئالتۇننىڭ ئۆزى.

قېيىداپ كېتىپتۇ كېچە ئۈستۈڭدىن،
چۈشكەچكە ئاسماندىن يۇلتۇزلار كۆچۈپ،
تۈن دېگەن ئاتالغۇ بوپتۇ ساڭا يات،
كېتىپتۇ ئەمدى ئۇ بەستىڭدىن ئۆچۈپ.

كۆك قۇچۇپ بوي تارتقان دەل - دەرەخلىرىڭ
بەسلىشىپ باش سوزۇپ بولۇت ئېشىپتۇ.
ئالتۇنرەڭ چاچتەڭگە بولۇپ، شەھەرگە،
شاخ - شېخى ئالتۇندىن ياپراق ئېسىپتۇ.

رەستىلەر ئېتىكى شەربەت ئېقىنى،
ئۆزىسەن ھەسەللەر دولقۇنى يېرىپ.
ئالەمدە نامى بار مېۋە زاتىنىڭ
تېپىلار ھەممىسى، تۇرار يېيىلىپ.

بۇندا بار شېكەرنىڭ بۇلىقى قوغۇن،
بىر تىلىم تەمگە يېتەر بىر ئۆمۈر.
تاۋۇزنىڭ سۈيىگە تەڭ كەلمەس ناۋات،
رەڭگىدىن چېچىلار شەپەقسىمان نۇر.

بۇندا بار بېھىدىن نان جىگدىگىچە،
ياقۇت يا ئالتۇندىن ئالغان كەبى رەڭ.
ئاقسۇلۇق ئالتۇندىن قىممەت تەربىلەن،
يۇرتىنى جەننەتكە شۇنداق قىلغان تەڭ.

ئالەمدە داڭقى بار ئېسىل گۆھىرى—
گۈرۈچى تۇرۇپتۇ تاغارلاپ ئەنە،
ئالامسەن، كۆرەمسەن، سىنامسەن مەيلى،
ئاقسۇلۇق پۇرسەتنى بېرىدۇ يەنە.

ئەمدى يوق بىر چاغلار ئېگىرىدىغان ئاقسۇ،
كۆكسىنى دەرد - ئەلەم تىلىغان ئاقسۇ.
كۆرۈمسىز ئۆيلەرنىڭ تېمى ئارقىدا،
نامراتلىق دەردىدە يىغلىغان ئاقسۇ.

بۇ ئالتۇن شەھەردۇر، قولىمۇ ئالتۇن،
ئاسمىنى ئالتۇندۇر، يولىمۇ ئالتۇن.
كۈندۈزى ئالتۇندۇر، كېچىسى ئالتۇن،
چۈشىمۇ ئالتۇندۇر، ئوڭىمۇ ئالتۇن.

## موللا مۇسا چاقىردى مېنى

مەن سايرامدا توختىدىم بىر پەس،
موللا مۇسا چاقىردى مېنى.
مەن ئەتراپقا قارىدىم ئۇزاق،
كۆرەلمىدىم ئۇنىڭ ئۆزىنى.
قۇلىقىمغا ئەمەس قەلبىمگە
ئاڭلىناتتى جاراڭلىق ئۈنى.

ئۇ دېدى: سەن ئوغلۇم مېنى دەپ
بۇ سايرامدا توختىغان بولساڭ،

ئايرىلمىغىن مېنى دەپ توپتىن،
قالماي دېسەڭ يېگانە ـ سالتاڭ.
سەپىرىڭنى داۋام قىل يەنە،
نىشانلىغان مەنزىلىڭگە ماڭ.

ئىلىم ئەھلى ئۆلىدۇ ھامان،
ئۆلمەس تارىخ، ئۆلمەيدۇ ھايات،
يازغانلىرىم كۈن كۆردى بۈگۈن،
دەۋرىڭ بەردى ئاڭا جۈپ قانات،
جىسمىم مەنسۇپ ئەمەس بۈگۈنگە،
لېكىن روھىم بۈگۈن شۇنچە شاد.

تۈنۈگۈننى بىزنىڭ تىلىمىز
لۇغىتىڭگە يازغان «ئۆتمۈش» دەپ.
بۈگۈن جەزمەن يېڭىلار ئۇنى،
ئولتۇرمايدۇ سىلاپ ـ پەپىلەپ.
بىلسەڭ روناق تاپماس قەۋم شۇ،
تۈنۈگۈننى يۈرسە يېتىلەپ.

ياد ئەتكىنىڭ مۇكاپات ماڭا،
يازغىن تارىخ بۈگۈنگە ئاتاپ.
تۈنۈگۈننى ئۇنۇتما، بىراق
بولمىسۇن ئۇ ئەڭگۈشتەر كىتاب.
بۈگۈن سېنى چاقىردى سەپكە،
ئاڭلا، نەۋاخ ياڭرىغان خىتاب.

مەمتىمىن ئابدۇقادىر

## ئىككى شېئىر

### غەم

جەم بولۇپ ئەل ـ ئاغىنىلەر،
تىكلىدۇق بىر نەچچە بوتۇلكا،
«مۇڭدىشايلى» دەپ.
بىر دەم ـ يېرىم دەم.
تەيىنلەپ ساقىنى
خۇش! دېدۇق
تىترىتىپ كۆك قەرىنى،
قانمىدۇق بىر نەچچىگە
تۈگىمىگەچ كۆڭۈل سۆزى،
ماداردىن كەتمىگەن يانچۇقۇممۇ ھەم.
قىزىدۇق،
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟
ھەممە كاللىدا
يېقىنىمغا
چۈشەندۈرەي قەلبىمنى
دېگەن بىرلا خىيال مىجەسسەم،

ئوت كەتتى ...
كۆرسىتىش ئۈچۈن
تېزراق يۈرەكنى،
يىرتىلدى كۆپ كۆڭلەك ـ مايكىلار.
خەجلەندى پۇل خۇددى غازاڭدەك
بۈگۈن
بەجايىكى ھەممەيلەن ھاتەم،
كۆيۈپ كەتتى ...
كەلدى ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى،
ياق!
مەست كۆچۈرۈش ماشىنىسى،
كەلدۇق ئەمدى
ھېلىقى
قارا ئىشىكلىك «مېھمانخانا»غا.
ئەپسۇس،
ھەممىنى قىلغان
پۇل دېگەن مۇتەھەم.

بىزغۇ مەيلى
يامىنىنى
ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بېشىغا
چۈشتى كۆرمىنىڭ غەم.

قىراۋدا چاقنىغان ئۈمىد

تۇتقۇزۇپ كىتاب
نوقىدى،
بوۋىلىرىم مۇرەمدىن؛
قۇتقازدى
ساپان بىلەن سۆرەمدىن،
كىتابىنى دەسسەپ
ئۆرلىدىم
يۇقىرىغا شادلىنىپ؛
يىقىلدىم
سۆڭەكلىرىم قاتلىنىپ.
قارىدىم،
ئۈمىدلىنىپ نەۋرەمگە..
ئۇ ئىلمىدىن گۈل چېچەك تېرىپ
قويدى مېنىڭ قەبرەمگە.

ئابدۇللاھەد سەلەي

## ئىككى شېئىر

قاردەك تىلەكلەر

تۆكۆلەر زېمىنغا كۈمۈشتەك ئاق قار،
ئۇ ئاسمان گۈلزاي چاچقان چېچەكلەر.
كۆك يەرگە خەيرلىك ئېيتىدۇ ئىزھار،
ئاپئاق قار قەلبىمدە تارتار پىلەكلەر.

تۆكۆلەر ئاپئاق قار، تۆكۆلەر ھەر يان،
يوللارغا چاچقۇ بوپ، باشلارغا زەرتاج.
تۇتەكلەر، تۇمانلار بولۇشار سەرسان،
ئاپئاق قار ئالدىدا بولۇپ نائىلاج.

ئاپئاق قار، ئاق دىلىنىڭ سىمۋولى ھەر ئان،
ئاسماندەك سېخى بول، يېرىل كۆكرەكلەر.
دوستلىرىم غۇرۇردىن يول ئاپقان كارۋان
يولىغا چاچاي مەن، قار بول يۈرەكلەر.

دوستلىرىم، ئاق قاردەك ئاپئاق كۆڭۈل بول،
دىللاردا ئاق نىيەت تارتسۇن پىلەكلەر.
ئاق يوللۇق بول دوستلار، تىلەرمەن ئاق يول،
قەلبىمگە مۇجەسسەم قاردەك تىلەكلەر...

تېرەكلىك تۇغدۇ ئەجەپ بىر خىيال

تېرەكلىك قويىنىنى ماگسام ئارىلاپ،
شېرىن ھېس قەلبىمدە بولىدۇ مېھمان،
گوياكى جەننەتتىن ھۆرلەر مارىلاپ،
چېھرىگە تېرەكتىن رەڭ ئىزدەر ھەر ئان،
تەبىئەت،

ئۇ ئۇلۇغ بىر ھەيكەلتاراش،
ھەر بىر تۈپ ئاق تېرەك بىر كۈمۈش
ھەيكەل.
ئەجدادىم قېنىدەك نۇر تۆكسە قۇياش،
ياسىنار ئاق تېرەك ۋېناستەك گۈزەل.
تېرەكلىك قويىنىنى ماگسام ئارىلاپ،
تېرەكنى قۇچاقلاپ ئالغۇم كېلىدۇ.
كۆكرەكتە يۈرىكىم كېتەر شاپاشلاپ،
تېرەكتەك مەرد، سېخى بولغۇم كېلىدۇ.

رىزۋانگۈل ھۈسەيىن

# شېئىرلار

### ئەركە شامال

ئەي باھار شامىلى — ئەركە شوخ شامال،
تولدۇردۇڭ قەلبىمنى ھېسلارغا پەۋەس.
سەن سۆيۈپ ئۆتكەندە مەڭزىمدىن شۇتاپ،
تېنىمدە جۇش ئۇردى ئوتلۇق بىر ھەۋەس.

چۈنكى سەن گويا بىر ئوتلۇق ناخشىدەك،
بېرىسەن دىللارغا يېقىملىق تۇيغۇ.
سەن كېلىپ ئاچقاندا رۇجەكنى قايرىپ،
قانچىلاپ كۆزلەردىن قاچىدۇ ئۇيقۇ،

سەن سىلاپ ئۆتكەندە باغلار مەڭزىنى،
تەبەسسۇم ئىلكىدە ئاچار ئۇ جامال.
ئۇچۇرۇپ كەلگەچكە بۇلبۇل، كاككۇكنى،
گۈللەرنىڭ مۇرادى تاپىدۇ كامال.

سەن يەلپۈپ ئۆتكەندە تاغلارنىمۇ ھەم،
كېتىدۇ بېشىدىن ئۇچۇپ ئاق لىچەك،
سەن چىللاپ ئېپ كەلگەن كۆكلەم پەردىسى
چاچىدۇ زېمىنگە رەڭدار گۈل - چېچەك.

ئەي باھار شامىلى - ئەركە شوخ شامال،
تۇيغۇغا تولدۇردۇڭ شائىر دىلىنى.
سەن بىلەن تۇغۇلار شېرىن خىياللار،
سەن تارتۇق قىلغاچقا ئىلھام قىزىنى.

### كەچۈر

توختاپ قالدى تىنىقلىرىم كۆكسۈمدە،
كۆرگىنىمدە كۆزلىرىڭدىن ئەكسىمنى.
بىراق قانچە ئىزدەپ ئاشۇ كۆزۈڭدىن،
تاپالمىدىم ئارزۇ قىلغان بەختىمنى.

شۇڭا جانان رەنجىمىگىن مېنىڭدىن،
قاچۇردۇڭ، دەپ كۆزلىرىڭدىن كۆزۈمنى.
پۇشايمانغا قالغۇدەكمەن ئاقىۋەت،
قاچۇرمىسام كۆزلىرىڭدىن ئۆزۈمنى.

### گۈللەر مەڭزىگە سۆيىدۇ سابا

يەر ئانا ئۇيقۇدىن ئويغانغىنىدا،
تەرلىرى مونچاقتەك تاراملاپ ئاقتى.
تەشنالىق ئىلكىدە تەلمۈرگەن جانلار
شۇ كۈمۈش قەترىگە باغرىنى ياقتى.

كۆز ئېچىپ بۇلاقلار، ئېرىق - ئۆستەڭلەر
شادلىقنى يېقىملىق كۈيىگە قاتتى.
كۆكلەمنىڭ ئاشىقى قوشاقچى قۇشلار
خۇش پۇراق باغلاردا قانىتىنى قاقتى.

تىڭشاڭ . باغلارنى، ئېتىز - قىرلارنى،
ئاڭلانماس ئۇندىن ھېچ مۇڭلۇق كۈي - سادا،
قوزغىلىپ شوخلۇقى، قاچىدۇ سۆيۈپ
رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ مەڭزىگە سابا.

ئاھ، ئەجەب شادلىققا تولغان تەبىئەت،
جۇشقۇنلار دىللاردا قايناق ھاياجان،
گۈلباھار تۇتقاچقا ئىلھام شارابى
ئېتىزغا يول ئالدى خۇشلۇقتا دېھقان.

بەگمەت يۈسۈپ

## قەلبىمدە بار ناخشا ئۇلۇغ ۋە راۋان

قەلبىمدە بار ناخشا ئۇلۇغ ۋە راۋان،
ناخشامدىن ئويغىنار كۈلۈپ بۇ سەھەر.
ۋەتىنىم ياڭرايدۇ ئاسمىنىڭ ئارا
ئۇ مېنىڭ تىنىقىم ئۆچكەنگە قەدەر.

روھىڭنى جىسمىمغا قۇدرەت ئەيلىدىم،
قۇياشلىق تاڭلىرىڭ ئاچتى كۆزۈمنى.
سەن مېنى ياراتقان ئىلاھەسەن دېدىم،
ئىلاھى باغرىڭغا ياقتىم يۈزۈمنى.

دەرياھەم سۇلىرىڭ توۋلىغان ناخشا
چىقاردى ھە مانا چۈچۈك تىلىمنى.
سەن بەردىڭ جىسمىمغا مېھرىڭدىن دەرمان،
جان دېدىم تومۇردا ئاققان قېنىمنى.

يېتىلدىم مانا مەن جەسۇر ئەر بولۇپ،
ۋەتىنىم، قوينۇڭدا ناخشىچى بولۇپ،
قەلبىمدە بار ناخشا ئۇلۇغ ۋە راۋان،
ئېيتىمەن ئۇنى مەن سۆيگۈگە تولۇپ.

پەرھات مۇھەممەت

## بالىلىقتا خاتىرە

ئەمەس ئىدىم ئانچىلا مۇڭلۇق،
كەپسىز ئىدىم، بەگباش - شوخ ئىدىم.
بولۇپ قالدىم ئەمدى خىيالچان،
نېمە ئۈچۈن شۇنچە غەم يېدىم؟

كۆلنى كۆرسەم قىلىمەن سۈكۈت،
مەجنۇن تاللار يۈرەككە قامچا.
كىرپىكلىرىم جۈپلەنمەس كېچە،
بولدى خىيال ماڭا بىر سالجا.

قاچان باردىم سەن بىلەن بىللە
مەجنۇن تالنىڭ ئاستىغا پىنھان.
شۇندىن بېرى يوقالدى شوخلۇق
شۇندىن بېرى بولدۇم خىيالچان.

مۇختار سوپۇرگى

## «كۆزى يامان» قىز

كۆزلىرىڭدىن تۆكۈپ سېھرى ئوت،
باققان ئىدىڭ ماڭا زوقلىنىپ.
قانداق كېسەل تەگدى ۋە نەگە،
بىلەلمەيمەن، كەتتىم تولغىنىپ.

شۇندىن بېرى قاچتى ئارامىم،
كۆزۈڭ تەگكەن ئوخشايدۇ ماڭا.
ئىشىتكەن بولسام «كۆزى يامان» دەپ،
كۆرسەتمەيتتىم قارامنى ساڭا.

ئابدۇرىشىت بارات

## ئىككى شېئىر

### كەل نىگار، ئۈيەۈنى قوغلايلى يىراق

گۈگۈمىلەر ئەزۋەيلەپ كەلمەكتە مانا،
تېخى ئۇ يېتىلەپ كېلەر كېچىنى.
كېچىنىڭ قويندا تۈگمەس ئەللەي،
ئۈگدەكلەر ئىزدەيدۇ سېنى ھەم مېنى.

كەل نىگار، ئۈيەۈنى قوغلايلى يىراق
ناخشىمىز جان بەرسۇن جىمىلىق قوينغا.
بۇ خىلۋەت كەپىدىن چىقىپ دالىغا،
بارايلى شاۋقۇنلۇق دەريا بويىغا.

دولقۇندەك دولقۇنلۇق ياڭرىسۇن ناخشا،
ناخشىمىز چۆشلەرنى تاشلىسۇن بۇزۇپ،
ساھىللار ئويغانسۇن پىچىرلاشلاردىن،
كەل نىگار، ئېيت ناخشا ماڭا قوشۇلۇپ.

### كېتەلمەيمىز يىراققا، ئەمما

تاشلاپ قويدۇم، تاشلاپ قويدۇڭ يىراققا،
كېتىپ قالدىڭ، كېتىپ قالدىم يىراققا.
ھەر ئىككىمىز ئىككى ياققا يول ئالدۇق،
يېقىنلاشماس قولۋاق لېكىن قىرغاققا.

يېقىنلاشماس قولۋاقلار ھېچ قىرغاققا،
يائىككىسى كېلەلمەيدۇ بىر ياققا.
پەقەت قولۋاق يىراقلىشار، پەقەتلا
كۆڭۈللەر ھېچ كېتەلمەيدۇ يىراققا.

كۆڭۈللەر ھېچ كېتەلمەيدۇ يىراققا،
دولقۇنلار مىڭ ئۇرۇلسىمۇ قولۋاققا.
پەقەت قولۋاق تەۋرىنىدۇ تىنىمسىز،
ئىستەكلەرنى تەۋرىتەلمەس ھېچ ۋاقتا.

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

## شېئىرلار

### ئېمىشقا

تۇرار خىلۋەت ماكاندا بىر ئۆي،
بېلى سۇنغان كەبى قىيسىيىپ.
شۇ كۆرۈمسىز ئۆيدە بىر موماي
ياشار يالغۇز، ئۈنسىز قىينىلىپ.

قەھرى بىلەن چىقىرىپ شەپە،
سىرتتا سىرلىق جۇدۇن گۈركىرەر،
ھالسىزلانغان ئاجىز گەۋدىنى،
قورقۇنچلۇق خىياللار ئېزەر.

***

ئۇ ئەلەمدە مۇڭلىنار دەردلىك
ئوتى ئۆچكەن ئوچاققا قاراپ.
كۆزلىرىدىن دومىلار يېشى
يىپى ئۈزۈلگەن مونچاققا ئوخشاپ.

نۇرسىز كۆزى باقار ئىشىككە،
نېمىنىدۇر كۈتكەندەك گويا.
ئاجىز تېنى تىترەر لاغىلداپ،
ئەسلەپ قالسا ئوغلىنى شۇندا.

ئۈنىڭ يالغۇز ئوغلى شەھەردە
توقۇزى تەل ياشار شاد-خۇرام.
ئوينار شېرىن تۇرمۇش باغىدا،
ھېچنەرسىدىن بولماي بىئارام.

ئاندا-ساندا ئەسلەر ئانىنى،
ۋاقتى چىقماس زادى بىرىشقا.
لەنەت ئۇنداق نادان ئوغۇلغا،
توغار ئۇنى ئانا نېمىشقا؟!...

## كەتتى باغرىم ئېزىلىپ

باغقا كىردىم سەھەر سەيلىگە،
چىمەنلەرگە باقتىم تەلمۈرۈپ.
لېكىن مېنىڭ ئىزدىگەن گۈلۈم
تاشلىنىپتۇ يەرگە ئۈزۈلۈپ.

كەتتى يۈرەك باغرىم ئېزىلىپ،
گۈلنىڭ ئىمجان ھالىغا قاراپ.
گۈل ئاشۇنداق نابۇت بولغىچە،
رازى ئىدىم مەن بولسام خاراپ.

مەھەممەت سالىم

## خاتىمە بەر ھىجرانغا

ھۆر سۆيەتلىك ئەي نىگار، بىر قاراشتا
مەپتۇن قىلىپ ئالدىڭ ئەقىل-ھوشۇمنى.
نە ھوشۇمنى، قانىتىنى بوغۇشلاپ
ئۇتتۇۋالدىڭ ئەركە كۆڭۈل قۇشۇمنى.
نېمە بولار ھالى ھوشسىز ئادەمنىڭ؟
بۇنى ساڭا ئېيتمىساممۇ بىلىسەن.

شۇنداق تۇرۇپ ئىشقىڭدا مەن يىغلىسام،
سەن نېمىشقا قىقاس سېلىپ كۈلىسەن؟
بەلكىم سۆيۈپ قالغاندىمەن بايقىماي،
مېنى ئەسلا سۆيمەيغان دىلبەرنى،
شۇنداقتىمۇ ماڭا راۋا كۆرۈشۈڭ
لازىممىدى بۇ ئازابلىق كۈنلەرنى؟!

ئاتىكە مۇرەخمەت

## ئۈمىد

يىغلىما، دادىڭغا يەتمىسە ئىنسان،
ئىلتىجا ۋەجىدىن ياغمىسۇن كۆلپەت.

مىسكىن دىلىڭدا چەكمىگىن پىغان،
قاتقان كۆڭۈلدە بولمايدۇ شەپقەت.

ئۈمىدسىز تەشۋىشلەر يىغلاتسا سېنى،
قەلبىڭدە شىجائەت بولسۇن يالقۇن - ئوت؟

قالمىغىن سۆكۈتتە، يامانلىقتىن قاچ،
ئاجىزغا بول يۆلەك بەرگىن بەخت - قۇت.

ئەركىن ياسىن

## شېئىرلار

### هايات

مەن سامادا قىلمەن پەرۋاز،
تۇيغۇلىرىم بولىدۇ قانات.
ئانا يەر دەپ سوقىدۇ يۈرەك
قىيام قىلىپ بەختىمنى ھەيھات.

### هايات ۋە ئانا

تۆرەلدۇق ئانىدىن مۇشۇ ئامەتكە،
كەۋسەردەك ئۇغۇزنى بەردى جان ئانا.
ئاتەشتەك باغرىغا باستى ئاۋايلاپ،
ئالەمگە مۇھەببەت تەردى جان ئانا.

ئانىسىز جاھاندا ھاياتلىق بولماس،
ئانىلار بولغاچقا ئۇلۇغ ۋە دانا.
بىز شۇڭا قەدىرلىك تۇپراق يۈزىدە،
ئانىسىز ھاياتتا يوق قىممەت، مەنا.

### كۆز

ئىككى كۆز تەڭ چوڭ بولۇر،
زېمىننى كۆرەر ھەر ئىككىلىسى.
لېكىن،
كۆرەلمەس ئەسلا
بىرسى يەنە بىرسىنى،
شۇڭلاشقا
بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
ياراتقانمىش ئاجايىپ ئېسىل بىر قاڭشار!
ئاجايىپ كۆركەم بىر توساق!

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن

قەييۇم تۇردى

# ئۇنتۇلماس دوستلۇق سەپىرى

(زىيارەت خاتىرىسى)

## ئويلىغانلىرىم

بۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى جۇڭگو يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى ئولتۇرغان پويىز «يىراق شەرق» تۆمۈريولىدا موسكۋاغا قاراپ كېتىۋېتىپ، زۇمرەتتەك، يالتىراپ تۇرغان بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا قۇچاقلىرىدا كېتىۋاتقاندا، مەن بىر خىل تاتلىق ھېسسىيات بىلەن پويىز ئەينىكىدىن مەشھۇر ئالاتاۋنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلانغان ئېگىز چوققىلىرىغا، دولقۇنلىنىپ تۇرغان ئېدىرلىقلار، ئورمانلار ۋە رەڭمۇ رەڭ گۈل-گىياھلارغا پۈركەلگەن يايلاقلىرىغا قىزىقىپ نەزەر تاشلىغان. خىيالىمدا بۇ يەرلەردىكى خەلق بىلەن بولغان تارىخىي دوستلۇق- قېرىنداشلىقنىڭ ئىزلىرى نامايان بولغانىدى.

ئەلۋەتتە، 50-يىللاردا مەن تېخى كىتابخۇمار ئاددىي بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ئىدىم. تولستوي، لېرمونتوۋ، پۇشكىن، گوگول، گوركىي، فادىيېۋ، شولوخوۋ قاتارلىق مەشھۇر رۇس كلاسسىكلىرىنىڭ رومانلىرى، مۇختار ئەۋىزوۋ، سابىت مۇقانوۋ، ئايبېك، غاپۇر غۇلام، سەدىردىن ئەينى، بىردى كىربابايېۋ، ئۆمەر مۇھەممەدى، ھېزىم ئىسكەندەرۇۋ قاتارلىق تىل سەنئەتكارلىرىنىڭ ئاجايىپ ماھارەت، يۈكسەك بەدىئىي دىت بىلەن يېزىلغان تۈلمەس ئەسەرلىرى مۇشۇ خەلق ئارقىلىق بىزنىڭ قولىمىزغا تەگكەن ۋە مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى.

دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ھەر قايسى زامان، ماكان شارائىتىدا بەدىئىي غايىسى، گۈزەللىك چۈشەنچىسى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىجادىيەت كوللېكتىپلىرى خىلمۇ خىل، رەڭمۇ رەڭ ئەدەبىي ئېقىم ۋە دەۋرىي قىممىتى، ھاياتىي كۈچى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل ئىجادىيەت مېتودلىرىنى ياراتتى. ئەمما مەن يۇقىرىدا ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن يازغۇچىلار تۈركۈمى بولسا، باشقا بىر ماكان، باشقا بىر شارائىتتا، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، تېخىمۇ جەلپ قىلىش كۈچىگە تولغان ئىجادىيەت مېتودلىرى — تەنقىدىي رېئالىزم ۋە سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى نۇرلان-

دۇرغان يازغۇچىلار ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە پائالىيىتى مەندە ئۆمۈرلۈك تەسىرات قالدۇرغان...

مەن يېشىللىققا پۈركەنگەن پىنھان دۇنيا — يىراق شەرق تۆمۈريولىدا كېتىۋېتىپ ئەنە شۇلارنى ئويلىغان ۋە بۇ زېمىننىڭ ئۆزىنىڭ ئالتۇن قەلىمى بىلەن ئۆزگە نۇر-لۇق ئابىدە ياراتقان كارامەت يازغۇچىلىرىغا يىراقتىن ئېھتىرام بىلدۈرگەن ئىدىم. كېيىن بىز موسكۋا، لېنىنگراد، تبىلىسلاردا بولدۇق. ئەلۋەتتە، ئۇ باشقا بىر دۇنيا — سوۋېت ياۋروپاسى ئىدى. ھايات رىتىمى، تۇرمۇش مىزانلىرى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۆزگىچە ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرى، قېلىپلاشقان ئادەت-مۇئامىلىلىرىدىن ئىنسانغا، يازغۇچىغا، جۇڭگولۇق دوستلىرىغا بولغان قىزغىن مۇھەببەتنى كۆردۇق. بىراق بۇنى ئۆز تىلىدىن ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولالمايتتۇق. بىزنىڭ ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بىلەن بولغان ئالاقە ۋاستىمىز ئاساسەن باش لىڭشىتىش، كۈلۈمسىرەش، قول سىقىشلار بىلەن كوپايىلىنەتتى. ھەتتەڭگىنەي!... پۈرسەت بولسا ئوتتۇرا ئاسىياغا، قازاقىستان، قىرغىزىس-تانلارغا، ئاشۇ تونۇش بولغان ناتونۇش دوستلارنىڭ ئارىسىغا بارساق، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرساق، ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ئۈستىدە نېمە ئويلاپ، نېمە قويۇۋاتقانلىقىمىزنى دېيىشسەك قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!... مۇشۇ ئارمان مېنىڭ قەلبىمدە تارتىملىق بىر ھەۋەس، ئىنتىلىش بولۇپ قالغانىدى.

يىللار ئۆتتى. خەلقلەر، مىللەتلەر دوستلۇقىدىنمۇ قەدىرلىك مۇقەددەس ئىش نەدە بولسۇن! ئىنسان دوستلۇققا موھتاج، دوستلۇق ئۆز-ئارا چۈشىنىشتىن كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم كۈتۈلمىگەندە، رېئاللىققا ئايلىنىپ قالدى...

## ۋەتەن ھۆرمىتى

29-سېنتەبىر ئەتىگەندە جۇڭگونىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانى ھەرساھە كىشىلىرى ۋە دوستلارنىڭ قىزغىن ئۇزىتىشى نەزەرى ئاستىدا ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىن ئالمۇتىغا قاراپ يېنىككىنە قوزغالدى. كۈمۈش لاچىن كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقاندا، ئايروپىلان ئىچى شاد-خوراملىققا چۆمدى.

دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز بەش مىللەت، 7 ساھە ئەربابلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېقىندىلا چەت ئەللەردە زىيارەتتە بولۇپ قايتقان ئاپتونوم را-يونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى روشەنگۈل، ئاتاقلىق قازاق ئالىمى نىغمەت مىڭجانى، ئۆز ئوبلاستىدا كۆپ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىم-پەن ۋەكىل-لىرى ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋالغان سابىق خويزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇگۈەنخۇا (خويزۇ) قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. بىز ھەممىمىز سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا تۇنجى قېتىم زىيارەتكە كېتىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن قىزىقىش دائىرىمىز ناھايىتى كەڭ ئىدى. ھەممىنى كۆرۈشنى، ھەممىنى چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلاتتۇق. مۇھىمى، شىن-جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى سوۋېت ھەر مىللەت خەلقىگە يەتكۈزۈش،

ئۇلارنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان دوستلۇق مۇھەببىتىنى ئېلىپ قايتىش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىدى.

بىر سائەت 20 مىنۇت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئۆتۈپ كەتتى. ئايروپىلان قازاقىستاندىكى «يېشىل مەرۋايىت» دەپ ئاتالغان بوستانلىق شەھەر ئالمۇتا ئۈستىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئالمۇتىنىڭ قازاقىستاننىڭ پايتەختى سۈپىتىدە گۈللىنىش ۋە زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ۋاقتى مۇشۇ ئەسىرگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت مەركەزلىرى ئىچىدە چوڭ ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى، بۇ «ئالمىلىق» دىن ئالما شېخىدا غۇچچىدە يېتىلگەن سان - ساناقسىز ئېسىل ئالمىلاردەك، جاھانغا مەشھۇر نۇرغۇن يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكار، ئالىملارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىنى بىلەتتۇق. شۇ تاپتا ئايروپىلاندا تۇرۇپ، بۇ شەھەرنىڭ ھەقىقەتەن «يېشىل مەرۋايىت» دېگۈچىلىكى بار بوستانلىق، كۆركەم ئېگىز بىنالار، ئازادە - كەڭ يوللار گىرەلىشىپ كەتكەن ئاۋات، گۈزەل، رەتلىك بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا كۆردۇق.

ئالمۇتا ئايرودرومىدىكى كۈتۈۋېلىش قىسقا بولسىمۇ، ناھايىتى مەنىلىك ئۆتتى. سوۋېت - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، يول بويى بىر مىليون 200 مىڭ ئاھالە، 100 گە يېقىن مىللەت ياشايدىغان بۇ شەھەرنىڭ يېقىنقى تەرەققىياتى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ مېڭىپ، شەھەر مەركىزىدىكى قازاقىستان مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە بىزنى سوۋېت - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قازاقىستان شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئاقمارال ئارستانبېكوۋا كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن.

ئاقمارال قامەتلىك، گۈزەل، خۇش پېئىل ئالىم قىز بولۇپ، ئالدىنقى يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا دوستلۇق زىيارىتىدە بولغانىدى:

— قانداق ياخشى بولدى سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلار، — دېدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇپ، — راستىنى ئېيتسام، يولۇڭلارغا قاراپ ئىككى كۆزۈم تۆت بولدى...

«ئىككى كۆزۈم تۆت بولدى» دېگەن سۆزنى ئۇ ئۈرۈمچىدە بولغاندا، ئۇيغۇر دوستلىرىدىن ئۆگىنىۋالغانلىقىنى ئېيتتى. بىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. قىزغىن دوستلۇق كەيپىياتىغا تولغان قىسقا سۆھبەت ئارىمىزدىكى ياتسىراشلارنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ «جۇڭگو تېز يۈكسىلىۋاتقان چوڭ ئىستىقباللىق ئەل، سوۋېت - جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ئۈچۈن ئەجرى سىڭدۈرۈش، تۆھپە قوشۇش مېنىڭ ئارزۇيۇم» دېگەن سۆزى بىزدە ياخشى تەسىرات قالدۇردى. قازاقىستاندا بولغان كۈنلىرىمىزدە بۇ دوستلۇق پائالىيەتچىسى بىز بىلەن ھەمىشەم دېگۈدەك بىللە بولدى.

— مۇشۇ كۈنلەردە ئالمۇتادا، — دېدى ئۇ، — جۇڭگو دۆلەت بايرىمىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر خىل تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى، ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە ئالمۇتا شەھىرى بويىچە جۇڭگوۋا

خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. سىلەرنىڭ يېتىپ كەلگىنىڭلار، مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ كاتتا يىغىلىشقا ئالاھىدە مەزمۇن، ھۆسن قوشىدۇ....

دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز بۇ چوڭ يىغىن باشلىنىشتىن ئىلگىرى، تەكلىپ بويىچە، قازاقىستان ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى.

ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تارىخى، تىلى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي مەركەز بولۇپ، بۇ يەردە 70 كە يېقىن دوكتور، پەن كاندىداتى ۋە ئىلمىي خادىملار كەڭ دائىرىلىك ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. كۆركەم بىنا، ھەر خىل گۈللەر ۋە فونتانلار بىلەن بېزەلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە زالى گويا ئارامبەخش سەيلىگاھقا ئوخشايتتى. بۇ زال بىزنى يېڭى جۇڭگونىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئىلمىي دوكلاتلار بىلەن كۈتۈۋالدى.

— يېڭى جۇڭگونىڭ 40 يىللىقى بىزدە بايرام، ئەھمىيەتلىك چوڭ ئىش، — دېدى ئىنستىتۇتنىڭ مۇدىرى، دوكتور غوجا ئەخمەت سەيدۇۋاققاسوۋ مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ، — ئىنستىتۇتىمىز ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ ئىلمىي پائالىيەتكە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئالاھىدە كېلىپ قاتناشقانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشالمىز...

مۇھاكىمە يىغىنى ناتىقلارنىڭ مۇھەببەتلىك سۆزلىرى بىلەن جانلىنىپ كەتتى. تىل - ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ دوكتورى تۇغلۇق تالىپوۋ، پەن كاندىداتلىرى تالىبوۋ كوممۇنار، پاتىگۇل سابىتوۋالارنىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئىلمىي دوكلاتلىرى، ئىسسىق مۇھەببەتلىك بايانلىرى يىغىندا پات - پات ئالقىشقا سازاۋەر بولۇپ تۇردى. دوستلۇق، ھەمدەملىك ۋە يېڭى جۇڭگوغا بولغان ھۆرمەت بىلەن سۇغىرىلغان بۇ سۆزلەر بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

ئالمۇتا شەھىرى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى دەل سائەت تۆتتە باشلاندى. ئالمۇتا شەھىرىدىكى ھەر ساھە ۋەكىللىرى، سوۋېت - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئاكتىپلىرىدىن بولۇپ بىرنەچچە يۈز كىشى قاتناشقان بۇ تەنتەنىلىك يىغىن يېڭى جۇڭگوغا بولغان ھۆرمەت، قىزغىنلىق ۋە دوستلۇق روھى بىلەن تولغانىدى. قازاقىستان مىنىستىرلار سوۋېتى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى ئۆمەربايىۋا كوممۇشچان ساغىنىدىق قىزنىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئەھمىيەتلىك دوكلاتى، ئىگىلىك ياراتقۇچىلار، ئالىملار، سەنئەتكارلارنىڭ مۇنبەرگە چىقىپ قىلغان يالقۇنلۇق سۆزلىرى زالدا پات - پات قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولۇپ تۇردى.

تەبرىكلەش يىغىنىدىن كېيىن ئۆمەربايىۋا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ھەممىسى ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى ئۈچۈن، سىلەر كەلسەڭلار، بىز بارساق، بار - يوقنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، بىرلىكتە ئىلگىرىلىسەك، دوستلۇقنى

چىڭىتساق قانداق ياخشى.

شۇنداق، خەلقلەر دوستلۇقى مۇقەددەس ئىش. مەن ئۆمەربايېۋاغا، ئۇنىڭ بۈگۈنكى بىر سائەتكە سوزۇلغان دوكلاتىدا، يېڭى جۇڭگونىڭ 40 يىللىقى، بولۇپمۇ پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

## جامبۇل ئىزىدىن...

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى جۇڭگو يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋادا بولغان كۈنلەردە، مەشھۇر پرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي 30 - يىللاردا خىزمەت قىلغان ئىشخانىنىڭ تۆرىگە تولستوي، پۇشكىن، چېخوۋ، لېرمونتوۋ، شولوخوۋ، فادېيېۋ، مۇختار ئەۋېزوۋ، ئايبېك، سەدرىدىن ئەينى، چىڭغىز ئايتماتوۋ قاتارلىق رۇس ۋە سوۋېت ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرى قاتارىدا جامبۇلنىڭمۇ سۈرىتى ئېسىلغانلىقىنى كۆرۈپ، مەن بۇ ئاتاقلىق خەلق شائىرىنىڭ 50- يىللاردىلا شىنجاڭغا كەڭ تارقالغان سۆزۈك بۇلاق، ئويناق تاغ سۇلىرىدەك گۈزەل شېئىرلىرىنى يادىمغا ئالغانىدىم. بۈگۈن بىز بۇ سۆيۈملۈك شائىرنىڭ ئالەمگە كۆز ئاچقان ماكانى — جامبۇل رايونىنى، بۇ يەردىكى كۆركەم، ھەيۋەتلىك، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا قۇرۇلغان جامبۇل مۇزېيىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق.

جامبۇل رايونى ئالمۇتا شەھىرىدىن 60 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا جايلاشقان گۈزەل، تىپىك قازاق يېزىسى بولۇپ، جامبۇل ئۆزىنىڭ 99 يىللىق ئۆمرىنىڭ مۇتلەق تولىسىنى مۇشۇ يېزىنىڭ تاغ - دەريالىرى، ئورمان - ئوتلاقلىرى، مۇنبەت تۇپراقلىرىغا سىرداش بولۇپ ئۆتكۈزگەن، خەلق ئارىسىدا يېتىلىپ، خەلق ئىچىدە مەشھۇر بولغان، خەلقنىڭ ھال مۇڭى، ھەسرەت - قايغۇسى، خۇشاللىقى، بەختى، تەقدىرى ئۇنىڭ ئۆز تەقدىرى، سەرگۈزەشتلىرى بىلەن چىرمىشىپ - بىرلىشىپ كەتكەن.

جامبۇل مۇزېيىنىڭ دىرېكتورى مەۋلان خوجايېۋ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— جامبۇل ئىجادىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچى دەل ئۇنىڭ يىلتىزىدا. جامبۇل كىچىكىدىنلا خەلق بالىسى بولۇپ ئۆستى. خەلق قوشاقلىرى، ناخشىلىرىنى چىنىدىن ئەزىز كۆردى، ھەرقانداق بىر چوڭ - كىچىك سورۇندا كىچىككىنە جامبۇل يۈزلىگەن، مىڭلىغان خەلق قوشاقلىرىنى يادا ئوقۇپ بېرەلەيتتى، ناخشا قىلىپ ئېيتالايتتى. جامبۇلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇستازى، ئاتاقلىق خەلق ئاقىنى سۆيۈمباينىڭ بارلىق ناخشىلىرىنى خۇددى سۆيۈمباينىڭ ئۆزىدەك ئېيتىپ بېرەلەيتتى. 1913- يىلغا كەلگەندە، جامبۇل گۈزەل، جاراڭلىق ناخشا - ئۆلەڭلىرى بىلەن پۈتۈن قازاق دالىسىغا تونۇلدى. شۇ چاغدا، بىر قېتىملىق قازاق ئاقىنلىرىنىڭ كاتتا يىغىلىشىدا جامبۇل چار پادىشاھنى مەدھىيىلەپ ئۆلەڭ ئېيتىشقا ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن، قاتتىق كەمسىتىش، چەتكە قېقىلىشقا ئۇچرىغانىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى قازاق دالىسىغا يېتىپ كەلگەندە، جامبۇل

ئىجادىيىتى چاقىرغان يايلاق يادىغۇردىن ياشنىغاندەك، يېڭى مەزمۇن، يېڭى رەڭ بىلەن گۈللەپ قۇدرەت تاپتى. 1936 - يىلى 5 - ئايدا موسكۋادا پۈتۈن ئىتتىپاق بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىپ «ئەمگەك قىزىل تۇغ» ئوردېنىغا، كېيىنرەك ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن لېنىن ئوردېنىغا ئېرىشتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 40 نەچچە مىللەت ۋە دۆلەت تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ جامبۇل سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنيانىڭ كۆپچىلىك خەلقلىرى بىلىدىغان، ئارزۇلايدىغان سۆيۈملۈك خەلق شائىرى سۈپىتىدە تونۇلغانىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە جامبۇل ئۆزىنىڭ ياشنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىگە بېرىپ، جەڭگىۋار ناخشىلىرى بىلەن كوماندىر - جەڭچىلەرنى ئىلھاملاندۇرغان، جامبۇل نامى بىلەن ئاتالغان ئۆتۈش ئالدىنقى سەپ جەڭچىلىرىنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. جامبۇل ئالەمدىن ئۆتكەندە پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە تەزىيە بىلدۈرۈلگەنلىكى ھېچبىر تاسادىپىي ئەمەس ئىدى....

بىز كۆركەم جامبۇل مۇزېيىدا جامبۇلغا ئالاقىدار تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئەينەن قويۇلغان ماددىي پاكىتلىرىنى ھۆرمەت بىلەن ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئۇنىڭدا جامبۇل 1885 - يىلى قولىغا ئالغان دومبىرىدىن تارتىپ، جامبۇل ھەر خىل شارائىت، دەۋرلەردە ئىجاد قىلغان ئەسەرلەرنىڭ خىلمۇخىل نۇسخىلىرى، تەرجىمىلىرى، كىيىم - كېچەك، ماددىي بۇيۇملار، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان ئاپتوموبىل ۋە ھەرقايسى ئەل، مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلەپ تەقدىم قىلغان سوۋغاتلىرى، خاتىرە بۇيۇملىرى قويۇلغانىدى.

جامبۇل مۇزېيى — بىر مەكتەپ، تەربىيە مەركىزى ئىكەن. ئۇنى قازاقىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن زىيارەتچىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي ئېكسكۇرسىيە قىلىپ تۇرىدىكەن، خاتىرە يېزىپ قالدۇرۇپ قويىدىكەن.

مەۋلان خوجايېۋ بىز بىلەن خوشلىشىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم بىلەن جامبۇل مۇزېيىنىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋاقتى ئوخشاش. مەنمۇ تۇغۇلدۇم، جامبۇل مۇزېيىمۇ ئۆز دەرۋازىسىنى ئاچتى. 43 يىلىدىن بۇيان بۇ مۇزېينى شۇنچە كۆپ ئەل، شۇنچە كۆپ خەلقنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرى زىيارەت قىلدى. جامبۇلغا ئاپىرىن ئېيتمىغىنى يوق. لېكىن، مەن بىر ئىشتىن ئالاھىدە تەسىرلىنىمەن: ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قازاقىستاندا نۇرغۇن ئاتاقلىق يازغۇچىلار، تالانتلىق شائىرلار مەيدانغا كەلدى، بەزىلىرىنىڭ نام - شۆھرىتى جامبۇلدىن كەم ئەمەس، ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جامبۇلغا ئەقىدە قىلىدۇ، جامبۇلنى سۆيىدۇ ۋە جامبۇل ئىزىدىن كەلگەن. جامبۇل ئىزىدىن ۋە ئەنئەنىسىدىن ئايرىلمىسىلا، بۇ ئەلدە يەنە كۆرمىگەنلىكىن خەلق تالانتلىرى مەيدانغا كېلىدۇ، مېۋىلەيدۇ، دەپ ئىشىنىمىز...

قازاق ناخشا - ئۆلەڭلىرى دومبىرىدىن ئايرىلمايدۇ. كىچىككىنە دومبىرىنىڭ سېھرىي كۈچى ئىنسان قەلبىنى، بولۇپمۇ قازاق مىللىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەشتە ئۆزگىچە

ئالاھىدىلىككە ئىگە. قازاقىستاندىكى «دومبىرا ئىسلاھاتى» خۇددى جامبۇل مىڭ يىللار مابەينىدىكى قازاق ناخشا - ئۆلەڭلىرىنى مەزمۇن، شەكىل، رەڭ جەھەتتىن يېڭىلاپ، ئۇنىڭغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەندەكلا ئۇلۇغ ئىش.

بىز شۇ كۈنى قازاقىستان خەلق چالغۇ ئەسۋابلىرى مۇزېيىنى زور قىزىقىش بىلەن ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان ۋە ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبتا خۇددى بىر پارچە سەنئەت ئەسىرىدەك گۈزەل ياسالغان بۇ مۇزېينىڭ چېدىر - مۇنارلىق بىناسى بىر قارىغان كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىكەن. مۇزېينىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدە چالغۇ ئەسۋابلىرىغا دائىر ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى ماددىي بۇيۇملار، مۇزىكىغا رەڭداش كىيىم - كېچەكلەر قويۇلغان. مىلادىدىن تۆت ئەسىر ئىلگىرى سەنئەت ئەسىرى — جەنۇبىي قازاقىستاندىن تېپىلغان بىر تاش ئابىدە بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇنىڭغا قول بىلەن چېكىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئادەم، سېرىك ھەرىكەتلىرى ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ئۇسسۇلغا «ئىز» بولىدىغان قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلىرى چۈشۈرۈلگەنىدى.

مۇزېي دىرېكتورى جۇنۇسبېكوۋ بىزگە بىر خىل ئىپتىدائىي مۇزىكا — ئۇۋلىدەكنى چېلىپ بەردى. قارىغاندا ئۇ، ئەڭ قەدىمكى جەڭ چالغۇ ئەسۋابى بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە بىزنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغىنى «دومبىرا ئىسلاھاتى» بولدى.

دومبىرا — قازاق خەلقىنىڭ بىردىنبىر مىللىي چالغۇ ئەسۋابى، شۇڭداق-لا ئۇ، قازاقىستان دۆلەت ئوركېستىرى ياكى ئوپېرا - بالېت تىياتىرىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە بولسۇن، ھامان مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆتكەن بىرقانچە ئون يىل مابەينىدە قازاقىستان مۇزىكىشۇناسلىرى ئىزچىل ھالدا «دومبىرا ئىسلاھاتى» بىلەن شۇغۇللىنىپ، دومبىرىنى تەتقىق قىلىپ، كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ ياساپ، ئاددىي بىر خەلق چالغۇ ئەسۋابىنى ھازىرقى زامان مۇرەككەپ مۇزىكا كۈيلىرىنى ئورۇنداشقا قۇدرىتى يېتىدىغان، ئىنسان قەلبىدىكى ئەڭ نازۇك ھېسسىياتلارنى دولقۇنلىتالايدىغان ئون نەچچە خىل دومبىرا قىلىپ ياساپ چىققان. مۇزېيدا بىز كۆرگەن بۇ دومبىرىلارنىڭ بەزىلىرى چۆمۈچچىلىك، بەزىلىرى ئادەم بويىدىن ئېگىز باس ئىسكرىپكىغا تەڭ بولۇپ، ھەر بىر دومبىرا ئۆزئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

— دومبىرا ئىسلاھاتى — دېدى جۇنۇسبېكوۋ، — قازاق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ خىل، رەڭ تۈزۈلۈشىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، كۈي ئورۇنداش ئىقتىدارى، ھاياتىي كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. «دومبىرا ئىسلاھاتى» دا بىز ئۇنىڭ مىللىي خاسلىقىنى ساقلاشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ھازىرقى زامان دومبىرىلىرىمۇ ئوخشاشلا قازاق خەلقىنىڭ ئۆز مۇزىكا ئەسۋابى، سىردىشى، دوستى بولۇپ قېلىۋەردى. دومبىرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش، ياخشىلاش، مەن ئويلايمەن، يەنە ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي بۇرچ بولىدۇ.

بىز چالغۇ ئەسۋابلىرى مۇزېيىدىكى ئاخىرقى بىر ئۆي — قازاق مۇزىكىلىرى، بولۇپمۇ دومبىرىنى يېڭىلاش - ئىسلاھ قىلىشقا تۆھپە قوشقان كىشىلەرنىڭ نام - شەرىپى خاتىرىلەنگەن چوڭ زالدا بىر پەس تۇرۇپ قالدۇق. بۇ زالنىڭ زىننەتلەنگەن تاملىرىغا مۇزىكا

ئىسلاھاتىنى تەشەببۇس قىلغان، قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمگەك سىڭدۈرگەن ئاددىي خەلقتىن تارتىپ، دۆلەت ئەرباب‍لىرىغىچە بولغان كىشىلەرنىڭ، مەسىلەن، قازاقىستان ئالىي سوۋېتىـ نىڭ رەئىسى تۆمۈربېك (1898 — 1939) ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سۈرەتـ لىرى ئېسىلغان، تۆھپە - نەتىجىلىرى ئېنىق خاتىرىلەنگەنىدى.

بىز شۇ كۈنى كەچتە تەكلىپ بويىچە، قازاقىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن ئاتاقلىق ئارتىست نۇربۇۋى ۋە ئۇنىڭ خوش چاقچاق ھەمرىيى كومپوزىتور زەينۇللام ستەكوۋنىڭ ئۆيىدە بولدۇق. كومپوزىتور زەينۇللام ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئېسىل مۇزىكا ئىجادىيەتـ لىرى بىلەن بىزگە خېلىدىن بېرى تونۇش ئىدى. مەن ئۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قازاقىستان چالغۇ ئەسۋابلىرى مۇزېيىدىن، بولۇپمۇ «دومبىرا ئىسلاھاتى» دىن ئالغان تەسىراتلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ كۆپنى كۆرگەن مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرىگە خاس تەمكىنلىك ۋە رازىـ مەنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— شۇنداق ئېسىل مۇزىكا مۇكەممەللەشكەن ئېسىل چالغۇ ئەسۋابىدا كامال تاپىدۇ. ئېسىل مۇزىكا كۈيلىرىدىن ھوزۇرلىنىش، ئۇنىڭدىن بەھرى ئېلىش ھەممە كىشى ياقتۇرىـ دىغان ئىش. شۇنداق ئىكەن، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش ۋە مىللىي مۇزىكا ئەنئەنىسى ئاساسىدا خىلمۇخىل كامال تاپقان يېڭى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى يارىتىش — ئىجاد قىلىشقا كۆپچىلىكنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بەكمۇ مۇھىم. بولمىسا، ئۇنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىدىن كېيىن قالىدۇ، ھاياتىي كۈچى، ئىستىقـ بالى خوراپ تۈگەيدۇ. شۇڭا، مەيلى يىراق ئۆتمۈشتە ياكى يېقىنقى دەۋر، ھازىرقى زاماندا بولسۇن، مۇزىكا ئىسلاھاتىغا تۆھپە قوشقان، ھەتتا ئۇنى قىزغىن قوللىغان كىشىلەرنى ئەتىۋارلاش ۋە ئۇلارغا مۇزىكا تارىخىنىڭ تۆرىدىن تېگىشلىك ئورۇن بېرىش— مىللىي مەدەنىيەتنى روناق تاپقۇزۇش، گۈللىنىشنى ئۈمىد قىلىدىغان مىللەتنىڭ پەزىلىتى بولۇشى كېرەك. مۇزىكا ئىسلاھاتچىلىرىنى ئۇنتۇش، قەدىرلىمەسلىك، ئەقەللىسى، سۇ ئىچكەندە قۇدۇق كولىغۇچىنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا نومۇسلۇق ئىش.

## تالانت - پەرۋىش قىلىشقا موھتاج

ئالمۇتىدىن 17 كىلومېتر يىراقلىقتا — مەشھۇر ئالاتاۋنىڭ شەرقىدە دېڭىز يۈزىدىن بىرمىڭ 700 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان مىداۋ مۇز تېيىلىش مەيدانى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئۆزگىچە تەبىئىي مۇھىتقا ئىگە قىزىقارلىق تەنھەرىكەت سورۇنى. بىز بۇ يەرگە چىققاندا كەچ كىرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن قاردەك ئاپئاق تويلۇق كىيىملىرىنى كىيگەن سانسىز قىزلار ئۆز يىگىتلىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، كۆكتە پەرۋاز قىلغان ئاق قۇلاردەك، قىقاس - چۇقان، شاد - خۇراملىق ئىچىدە پىرقىراپ مۇز تېيىلىشىۋاتاتتى، كۈلۈشەتتى، قۇچاقلىشاتتى. مەيداننىڭ بىر چېتىدە قايسى بىر ئارتىست ياڭراق مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىپ، مۇز تېيىلغۇچىلارغا بەخت تىلەيتتى.

مۇز تېيىلىش مەيدانىنىڭ دىرېكتورى سايلاۋبېك بىزگە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— مىداۋ — بىر قازاق چارۋىچىنىڭ نامى. ئەتراپى ئوتلاق ۋە قارىغايلىق بولغان بۇ تەبىئىي مۇزلۇق كېيىنكى چاغلاردا كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، يىل بويى ئون ئاي ئاپتوماتىك مۇز قاتۇرۇلىدىغان جۇمھۇرىيەت مۇز تېيىلىش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇلغان. مىداۋ يەنە مۇھەببەت گۈلى ئېچىلىدىغان سورۇن. قازاقىستاندا، بولۇپمۇ ئالمۇتىدا توي قىلىش ئالدىدىكى قىز-يىگىتلەر تويلۇق كىيىملىرىنى كىيىپ، بۇ يەرگە ئالاھىدە كېلىپ بىر كۈننى خۇشال ئۆتكۈزىدۇ، رەسىمگە چۈشىدۇ، ماھارەت كۆرسىتىشىدۇ، ئالاتاۋ قارىغايلىرىدەك ھەمىشەم ياشناپ تۇرۇشنى، مۇھەببەت يىلتىزىنىڭ چوڭقۇر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قازاقىستان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە شۆھرەت قازانغان مۇز تېيىلىش ئەزىمەتلىرىنىڭ خېلى كۆپچىلىكى مۇشۇ مۇز تېيىلىش مەيدانىدا چېنىققان، ئۆسۈپ يېتىلگەن. بۇ يەردە پات-پات خەلقئارا مۇسابىقىلەرمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئالدىنقى يىلى شىنجاڭ مۇز تېيىلىش كوماندىسىنى كۈتۈۋالغىنىمىز ئۇنتۇلماس ئىش بولدى. ئۇلارنىڭ جاپاغا چىداپ، قىيىنچىلىقنى مەنسىتمەي چېنىقىشى، ئۆز ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش روھى بىزدە ئاجايىپ ياخشى تەسىرات قالدۇردى...

قازاقىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور قالىيېۋا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى كۈتۈۋالغاندا:

— بۈگۈن بىز تولا خۇشال. چۈنكى بىز سىلەرنى دەل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق كۈنى قارشى ئېلىۋاتىمىز. مەن ئىشىنىمەنكى، سىلەرنىڭ بۈگۈنكى زىيارىتىڭلار ئۇنىۋېرسىتېتىمىزنىڭ تارىخىدا شەرەپلىك خاتىرە بولۇپ قالىدۇ... — دېدى.

قازاقىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى 22 فاكۇلتېت، 13 مىڭ ئوقۇغۇچى، 600 دوتسېنت، 100 گە يېقىن پروفېسسور، ئاكادېمىك بار 60 يىللىق تارىخقا ئىگە ئالىي مەكتەپ بولۇپ، 1934-يىلدىن ھازىرغىچە بۇ مەكتەپ دۆلەتكە 50 مىڭدىن ئارتۇق ئىختىساس ئىگىسىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن.

بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان مەكتەپ مۇزېيى بىزدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. مول تارىخىي ھۆججەتلەر، ماددىي بۇيۇملار ۋە قىممەتلىك خاتىرە سۈرەتلەر بىلەن تولغان بۇ مۇزېيدا مەكتەپنىڭ تۇنجى مۇدىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان مۇدىرلارنىڭ، تۆھپىكار ئوقۇتقۇچى، ئالىم، پروفېسسور، تەشكىلاتچىلارنىڭ بۇ مەكتەپنى قۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا سىڭدۈرگەن ئەجرى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، ئىلمىي تەتقىقات، كۆپ خىل ماھارەت ئىگىلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەريانلىرى؛ بۇ مەكتەپتە بىلىم ئېلىپ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۆز ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى ئىنتايىن جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، خاتىرىلەنگەنىدى.

مەن مۇزېينىڭ ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىدە مۇنداق بىر تەپسىلاتقا ھەۋەس قىلىپ قالدىم: ئوقۇغۇچى شاگىلە ھۈسەيىنوۋا 1-يىللىقتا ئوقۇۋاتقاندا، سىنىپ مۇدىرى ۋە بەزى پروفېسسورلار بۇ زېرەك قىزنىڭ ۋۇجۇدىدا چوڭ تالانت بارلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا

دىققەت قىلىشقا باشلايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتىدۇ. بىراق، شۇ چاغدا نېمىس فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەمدىلا 2-يىللىققا چىققان شاگىرتلە ۋەتەننى قوغداش نىيىتىدە جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىدۇ. موسكۋا، ستالىنگراد، لېنىنگراد جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، تاكى بېرلىنگىچە بارىدۇ. ئارىدىن 4-5 يىل ئۆتكەن، ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى قىزنىڭ تەقدىرى نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن مەكتەپ تالانتنى بايقالغان بۇ قىزنى ئۇنتۇمايدۇ، كۈتىدۇ. دەھشەتلىك جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن شاگىرتلە ئالمۇتىغا ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلگەندە، مەكتەپ ئىككىلەنمەي بۇ قىزنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، قايتىدىن ئوقۇتىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتنى تاماملىغاندىن كېيىن بۇ قىز مەكتەپتە قېلىپ، ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىنىڭ ئەجرى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن پروفېسسور ھەم دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ...

— تالانت — بار نەرسە، — دېدى پروفېسسور قالېيېۋا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنى بايقاش — ماھارەت. لېكىن بايقاشنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنى يەنە كۆزىتىش، يېتەكلەش، پەرۋىش قىلىش زۆرۈر. ئۇبدان تالانت ئىگىسى ئېسىل سورتلۇق مېۋە كۆچىتىگە ئوخشاش پەرۋىش قىلىشقا موھتاج. بولمىسا، پەرۋىش تاپالمىغان ئېسىل مېۋە كۆچىتىمۇ يېگىلەپ مېۋە بېرەلمىگەندەك، بايقالغان تالانت ئىگىسىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ، ئاسانلا نابۇت بولۇپ كېتىشى مۇمكىن...

بىز شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەشھۇر خەلق كومپوزىتورى قۇرمانغازى نامىدىكى قازاقىستان مۇزىكا مەكتىپىنى زىيارەت قىلدۇق. بۈككىدە يېشىللىق بىلەن قاپلانغان، رەڭمۇرەڭ گۈللەر تەكشى ئېچىلىپ تۇرغان بۇ مەكتەپنىڭ بوستانلىقلىرى ئارىسىدا تەخمىنەن ئالتە ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەر ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلىرىدا تۈرلۈك كۈي-ئاھاڭلارنى مەشق قىلىشماقتا ئىدى.

مەكتەپ مۇدىرى بىزگە بۇ مەكتەپنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— تالانتلىقلارنى تاللاپ مەقسەتلىك تەربىيىلەش — بىزدە بىر خىل ئىلمىي تەتقىقات تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بالىلار 6-7 ياشلارغا كىرگەندە، ئادەتتە، ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنى، بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئىنچىكە كۆزەتكەندە بالىلاردىكى دەسلەپكى ھەۋەسنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مۇنداق ھەۋەس بىر خىل تەبىئىي ئىقتىدارنىڭ بىخ ھالىتىدىكى ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ بەزىدە شۇ بالىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى بىلەن بىر ئىش بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بىز بۇ مەكتەپكە پۈتۈن قازاقىستاننىڭ شەھەر-يېزىلىرىدىن مۇزىكىغا ھەۋەس قىلىدىغان بالىلارنى تاللاپ يىغىمىز. ئۇلار بىر تەرەپتىن، 1-سىنىپتىن 10-سىنىپقىچە بولغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پروگراممىسى بويىچە دەرس ئوقۇپ، ئومۇمىي مەلۇمات ئالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەخسۇس مۇزىكا دەرسى ئوقۇپ، ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، ئۆز ئىقتىدارىنى كامال تاپقۇزىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يارامىلىق مۇزىكانت، كومپوزىتور بولۇپ چىقىشى ناتايىن. لېكىن ئۆتكەن 25 يىل مابەينىدە مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇش پۈتتۈرگەن 4 مىڭ 500 ئوقۇغۇچىنىڭ تولىسى ئۆزىنى مۇزىكىغا بېغىشلاپ

يارامliq مۇزىكا كەسپى ئەھلى بولدى، بىر قىسمى قازاقىستاننىڭ مۇزىكا تاياnچىلىرىغا، مەشھۇر كومپوزىتورلىرىغا ئايلاندى...

مەكتەپنىڭ مۇزىكا زالى ئىنتايىن كۆركەم، ھەيۋەتلىك ئىدى. نۇرغۇن ئۆسمۈر دوستلار بۇ يەردە ئۆز ماھارەتلىرىنى، مۇزىكىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى بويىچە ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىنى نامايىش قىلىپ كۆرسەتتى. 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى شاكىردۇۋا زاپىيا ئۆز بەستىدىن نەچچە ئون ھەسسە چوڭ بولغان كاتتا روياlدا «ئاققۇ» مۇزىكىسىنى ئورۇندىغاندا، پۈتۈن زال سۇ سەپكەندەك جىمجىتلىق ئىچىگە چۆكتى. ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بارماقلىرىنىڭ چاققان ھەرىكىتى، مۇرەككەپ كۈيدىن ھاسىل قىلىنغان ھاياجانلىق دولقۇن، ئۆزى چېلىۋاتقان كۈيگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەڭكەشلىنىپ بېرىلىشى بۇ ئۆسمۈر قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سېھرىي كۈچ، قايناق مۇزىكا ھەۋىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

مەن بۇ كىچىككىنە تالانت ئىگىسىگە چىن كۆڭلۈمدىن ئالقىش ياڭرىتىپ تۇرۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا تۈنۈگۈن قازاقىستان دۆلەت ئوركېستىر ئۆمىكى زالىدا كۆرگەن كونسېرتنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم.

قازاقىستان دۆلەت ئوركېستىر ئۆمىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى داڭلىق ئوركېستىر ئۆمەكلىرىدىن بىرى بولۇپ، 50 - يىللارنىڭ بېشىدىلا ئۈرۈمچى، غۇلجا، قۇمۇل، تۇرپانلاردا بولغان، 57 - يىلى بېيجىڭ، شاڭخەي، خاربىن، شىنياڭلاردا ماھارەت كۆرسەتكەن ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ بىلەن دىدار كۆرۈشكەن ئىكەن. 75 كىشىدىن تۈزۈلگەن بۇ ئوركېستىر ئۆمىكى شۇ كۈنى بىزگە كلاسسىك قازاق مۇزىكىلىرىنى، چايكوۋسكى، قۇرمانغازى ئەسەرلىرىنى، مەشھۇر خەنزۇ، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ بېرىپ، بىزدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغانىدى. كېيىن بىلىشىمىزچە، بۇ داڭلىق مىللىي ئوركېستىر ئۆمىكىنى جانلاندۇرغان چىۋەرلەر ئىچىدە بىز شۇ تاپتا زىيارەتتە بولغان «قۇرمانغازى» نامىدىكى مۇزىكا مەكتىپىنىڭ سابىق ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئاز ئەمەسكەن.

## كەسپداشلار ئارىسىدا

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز قازاقىستاندا بولغان كۈنلەردە قازاقىستاندىكى ھەر مىللەت ئەدىبلىرى، يازغۇچىلىرى، شائىرلىرى بىلەن دوستانە ئۇچرىشىش، سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. «يازغۇچى» نەشرىياتى، ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتى ۋە يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتلەر ھېلىمۇ ئېسىمدە.

قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدىكى ئۇچرىشىشتا، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر — تىنچلىق، تەرەققىيات، مۇھىت ئاسراش، خەلقلەر دوستلۇقى، ئادەمنىڭ قىممىتى دېگەنگە ئوخشاش رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوچۇق - يورۇق پىكىر ئالماشتۇردۇق. ئۇلار شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا ئالاھىدە قىزىقتى. بىز پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى، مۇشۇ كەمدە شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا 20، قازاق تىلىدا يەتتە ئەدەبىي ژۇرنال، بەش نەشرىيات ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدا، قازاقىستان

يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارى، يازغۇچى قالاۋبېك تۇرسۇنقۇلوۋ رازى بولغان هالدا:

— ياخشىكەن، سىلەردە ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سانى ھەقىقەتەن كۆپكەن. بىزدە بۇ يەردە قازاق تىلىدا چوڭ ھەجىملىك ئىككى ئەدەبىي ژۇرنال — «يۇلتۇز» ۋە «قازاق ئەدەبىياتى» چىقىدۇ. تىراژى 100 — 200 مىڭدىن ئاشىدۇ، دېدى.

ئۇچرىشىشتا بىللە بولغان ئاتاقلىق قازاق يازغۇچىلىرى، يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارلىرى سايىن مۇراتبېكوۋ، قالدارىبەك نايمانبايېۋ، ئۇلۇغبېك دۆلەتوۋلار قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئۇيۇشتۇرۇش، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. سايىن مۇراتبېكوۋ مۇنداق دېدى:

— قازاق ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخقا، مول ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلەرگە ئىگە ئەدەبىيات بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەرەققىيات، گۈللىنىش يولى ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شارائىتى بىلەن كەڭ ئېچىلدى، مول مېۋە بەردى. ھازىر قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ 650 دىن ئارتۇق ئەزاسى ئىچىدە (قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ) 380 قازاق يازغۇچىسى بار، ئۇلاردىن تەخمىنەن 180 نەپىرى رۇس تىلىدا يازىدۇ، ئىجاد قىلىدۇ. 30 غا يېقىن يازغۇچى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ھەرخىل ئالىي مۇكاپاتقا — «لېنىن ئوردېنى»، «ئەمگەك قىزىل تۇغ ئوردېنى» قاتارلىق چوڭ ھۆرمەت مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى. ئەلۋەتتە، قازاقىستان ئەدەبىياتى يەنە كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات. ئۇنىڭدا قازاق ئەدەبىياتىدىن باشقا، رۇس، نېمىس، چاۋشيەن، ئۇيغۇر، رۇم-نى قاتارلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىمۇ مۇئەييەن ئورۇنغا، ھەر تەرەپلىمە ئىجادىيەت شارائىتىغا ئىگە. يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى يازغۇچىلارنىڭ خەلق بىلەن، تۇرمۇش بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش پۇرسىتىنى كېڭەيتىشكە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم. بىزنىڭچە يازغۇچى خەلقتىن ئايرىلماسلىقى، ئۇلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى ھەقىقىي روھىي دۇنيانى بىلىشى ۋە ئۇنى ئۆز ئەسىرىدە سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم...

قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارى، يازغۇچى ئەخمەتجان ھاشىروۋ سوۋېت ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى ئۈستىدە توختالدى:

— سىلەردىكى ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە ھەۋەس قىلىمىز. جۇڭگو ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىزنى بەكمۇ قىزىقتۇرماقتا. دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى قازاقىستان كىتابخانلىرىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولدى. ئەمۇشۇ جەھەتتە كۆپرەك بېرىش-كېلىش قىلىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز...

مەن بۇ سورۇندا پىكىر بايان قىلىۋاتقان تىل سەنئەتكارلىرىنىڭ دېدىل بايانلىرى، ھاياتقا، دۇنياغا بولغان ئۆزگىچە يېڭى قاراشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا تۈنۈگۈن ئېكسكۇرسىيە قىلغان قازاقىستان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات كۆرگەزمىسىنى،

بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت بۆلۈمىنى قىزىقىش بىلەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم.

قازاقىستان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات كۆرگەزمىسى مەركىزى مۇزېي ۋە ھەشەمەتلىك ئون چوڭ زالدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنى قازاقىستاننىڭ 2 مىليون 270 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىنىدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنىڭ يەنى يەر شارىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بۇ زېمىندا 5 مىليون يىل ئىلگىرىكى ھاياتلىقنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگىچە بولغان دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىشلەرنىڭ قىزىقارلىق جاھاننامىسى دېيىشكە بولاتتى. كۆرگەزمىنىڭ ھەرقايسى زاللىرىدا قازاقىستاننىڭ يېقىنقى 50 يىل مابەينىدە ئىلىم-پەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھەممىدە بىپايان يېشىل يايلاقلىرىدا شۇ كەمدە 9 مىليون تۇياق كالا، 40 مىليون تۇياق قوي-ئۆچكە يايلاپ يۈرگەن تاتلىق مەنزىرە سۈرەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ دىققىتىمنى يەنىلا كۆرگەزمىنىڭ ئەدەبىيات بۆلۈمى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلدى.

قازاق يازما ئەدەبىياتىنىڭ قايسى زامانلاردىن باشلانغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ كۆرمەپتىمەن. لېكىن، ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن كېيىن قازاقىستاندا يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇت، كۆركەم، تۈر ۋە رەڭدارلىقى جەھەتتىن جۇش ئۇرۇپ راۋاج تاپقانلىقى پاكىت. كۆرگەزمىنىڭ بۇ بۆلۈمىدە قازاقىستاندىكى يېڭى مەدەنىيەت ياراتقۇچىلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى سەركەردىلىرى — سەلكىن سەيپۇللىن، بىسەنبېك مايلىن، ئىلياسجان سۇگۇرۇۋ، سابىت مۇقانوۋ، مۇختار ئەۋىزوۋ، ئولجاس سۇلايمانوۋ، جولىيان مولداغالى، ئابدۇللا تاجىبايېۋ ئوخشاش مەشھۇر ئەدىب ۋە يازغۇچىلارغا پەخىرلىك ئورۇن بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قازاق ئەدەبىياتىنى يارىتىش، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدىكى ئەجرى، تۆھپىسى، خىلمۇ خىل كىتابلىرى ۋە دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ نۇسخىلىرى ئىسمىي سىستېما بويىنچە پاكىتلىق تونۇشتۇرۇلغان.

مەن مەشھۇر ئەدىب مۇختار ئەۋىزوۋنىڭ چوڭايتىپ سىزىلغان سۈرىتى ئالدىدا توختىدىم، چۈشەندۈرگۈچى قىز قازاق تىلىدا ئانچە راۋان سۆزلىيەلمىسىمۇ، كولۇمسىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مۇختار ئەۋىزوۋ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىنى سوۋېت قازاق ئەدەبىياتىغا، قازاق ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك يېڭى چوققىسىنى يارىتىشقا بېغىشلىدى ۋە نىيىتىگە يەتتى. بىز ئۇنىڭ ئاباي تەتقىقاتى ۋە ئابايىنى سىمۋول قىلغان قازاق ھاياتىنىڭ رەڭمۇرەڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشىنى سىزىپ چىقىش ئۈچۈن، نەچچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزگەنلىكىنى، قان-تەر ئاققۇزغانلىقىنى بىلىمىز. يازغۇچى ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن پۇبلىستىك ئەسەرلىرى بىلەنلا ئەمەس، جاھانغا مەشھۇر «ئاباي»، «ئاباي يولى» ناملىق تۆت توملۇق رومانى بىلەن يېڭى دەۋر قازاق ئەدەبىياتىنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن يېڭىلىۋەتتى. ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 12 توم كىتاب قىلىنىپ نەشر قىلىنغانىدى. يېقىنقى بىرنەچ-

چە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى ئىلمىي ئاساستا قايتىدىن رەتلىنىپ، 20
توم كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى. قازاقىستان ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا مەخسۇس
مۇختار ئەۋىزوۋ تەتقىقاتى بۆلۈمى ئېچىلدى. بۈيۈك يازغۇچى قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ ئېب-
سىل بەدىئىي مىراسلار قازاقىستان مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك گۆھەر بولۇپ-لا
قالماستىن، ئىنسانىيەت تەپەككۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈنمۇ ئۆچمەس تۆھپە بولۇپ قالىدۇ...

## گۈزەل فرونزى

قازاقىستاندىكى بىر ھەپتىلىك دوستلۇق زىيارىتىمىز ھەم مەنىلىك، ھەم كۆڭۈللۈك
ئاياغلاشتى. 4 - ئۆكتەبىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئالمۇتىدىن قىرغىزىستاننىڭ گۈزەل پاي-
تەختى فرونزىغا قاراپ ئۇچتۇق. ئايروپىلان كۆتۈرۈلۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بالقىپ تۇرغان
نۇرلۇق قۇياش دولقۇنلىنىپ تۇرغان يېشىل يايلاق ۋە چېكى يوق ئورمانلىقلار بىلەن قاپ-
لانغان قىرغىز دالىسىنىڭ سەلتەنەتلىك تاغ - دەريالىرىنى كۆز ئالدىمىزدا جىلۋىلەندۈردى.
مەشھۇر ئالاتاۋنىڭ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان ھەرە چىشلىق تىزمىلىرى، قارىغايلىق تىك
چوققىلىرى، يىراقتىن ئەينەكتەك يالتىراپ كۆرۈنگەن مەشھۇر ئىسسىقكۆل ۋە كۈمۈش
لېنتىدەك غىل - پال چاقناپ نامايان بولغان نارىن دەرياسىنىڭ كۆركەم مەنزىرىلىرى بىز-
نى بىردىنلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى.

— ئىسسىقكۆلگە قاراۋاتامسىز؟... — ئۆتكۈر كۆز، يارىشىملىق بۇرۇت قويغان ياشقىنا
ئايروپىلان خادىمى كۈلۈمسىرەپ ماڭا قارىدى. ئۇ قىزغىن كەيپىياتلىق قىرغىز يىگىت
ئىدى، — ئاھ... ئىسسىقكۆل! قارىڭا، ئاقىرىپ كۆرۈنگەن ئاق يەلكەن، ئۈزۈپ يۈرگەن پا-
راخوتلارنى!... ئىسسىقكۆلنى سەيلى قىلمىغان ساياھەتچى جەزمەن ئارماندا قالىدۇ. ئىسسىق-
كۆلنىڭ كۆلىمى بەك چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئەڭ چوڭقۇر يېرى 600 مېتىردىن ئاش-
دۇ. 8 - ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى 25 گرادۇستىن كەم ئەمەس. قىرغىزىستان ھەر يىلى
سىرتتىن كۈتۈۋالىدىغان 400 مىڭدىن ئارتۇق ساياھەتچىنىڭ تولىسى ئىسسىقكۆلدە بىر-
نەچچە كۈننى يايراپ ئۆتكۈزۈشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىدۇ. ئېيىشقا دېسىڭىز، ھەي، قويە-
ۋېرىڭ... سېھىي تەبىئەت ئىسسىقكۆلگە شۇنداق بىر مىسلىسىز گۈزەللىكنى بەخش ئېتىپتۇ‌ەت-
كەنكى، ئەتراپىنى قاپلىغان قارىغاي، ئارچا، شەمشات، ئاق قېيىنلار، دولقۇنلىنىپ تۇرغان
يېشىل يايلاق، خۇش پۇراق چېچەپ تۇرغان سان - ساناقسىز گۈل - گىياھلارنىڭ پەيزىدىن
ھۇزۇرلىنالايدىغان كىشىنى ئىختىيارسىز مەست قىلىۋېتىدۇ...

بۇرۇتلۇق قىرغىز يىگىتنىڭ ئىسسىقكۆلگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى تاسادىپىي ئە-
مەسكەن. ئۇ ئاشۇ گۈزەل ماكاندا تۇغۇلغان، گۈزەل تەبىئەت قوينىدا تاۋلىنىپ ئۆسكەن
ئىكەن. ئۇنىڭ قىزغىن ھېسسىياتلىق تەرىپلىرىدىن ئۆزىمىزنى گويا ئىسسىقكۆل بويلىرىدا، گۈل-
زارلار ئارىسىدا قىيغىتىپ يۈرگەندەك ھېس قىلدۇق.

ئايروپىلان فرونزا ئايرودورۇمغا قوندى. فرونزا ئايرودرومى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
كۆپ لېنىيىلىك، زامانىۋى ۋە ئايروپىلانلار كېچە - كۈندۈز تىنىمسىز ئۇچۇپ - قونۇپ تۇ-

رىدىغان ھاۋا قاتناش مەركەزلىرىدىن بىرى. ئايرودرومدا بىزنى بىرىنچى بولۇپ كۈتۈۋالغان ۋە ئۆزىنى قىرغىزىستان - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى دەپ تونۇشتۇرغان ئىرىسكەلدىيېۋ تۇرار بىزگە قاراپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنى كۆرسىتىپ:

— بىزنىڭ رەئىسىمىز، قىرغىزىستان - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى جامال ئاپپاي. ئۇ كىشى سىلەرنى بۇ يەردە ئىككى سائەتتىن بېرى كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى.

جامال ئاپپاي قىزغىن، سۇباتلىق، شېرىن سۆزلۈك ئايال ئىدى:

— نېمە دېسەم بولىدۇ، سىلەرنى كۆرۈپ يۈرىكىم ياش قىزلارنىڭكىدەك ئويناپ كېتىۋاتىدۇ، مەن ئۈرۈمچىدە، شىنجاڭدا بولغان، كۆپلىگەن دوست - ئاغىنىلار بىلەن تونۇشقان. قانداق ياخشى كىشىلەر! ئۇ يەردىكى دوستلۇق زىيارىتىمىز بىزدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغان. ئۇ بىزنىڭ تىلىمىزدا ھېلىمۇ بىر قىزىق شېرىن ھېكايە. بۈگۈن شىنجاڭنىڭ دوستلۇق ئەلچىلىرىنى بۇ يەردە كۈتۈۋالغانلىقىم ئۈچۈن تولا خۇشالمەن...

ئايرودرومدىن «ئىسسىقكۆل» مېھمانخانىسىغا بارغۇچە شەھەر ئىچىنى كېسىپ ئۆتتۇق. فرونزى — يېڭى قۇرۇلغان گۈزەل شەھەر. چوڭ - كىچىك كوچىلىرى رەتلىك، ھاۋاسى ساپ. ھەممە يېرى باغ - بوستانلىق، گۈلزارلىقلار بىلەن تولغان. كۆپ قەۋەتلىك ئېگىز بىنالار ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ھەربىر بىنا ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولۇپ، تۆت ئەتراپى ئورمان ۋە گۈللۈكلەر بىلەن خۇددى بىر پارچە رەڭلىك سۈرەتتەك بېزەلگەنلىكتىن، كىشىگە بىرقاراشتىلا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلاپ تۇراتتى. بىز بۇ يەردە بىرنەچچە يۈزمىڭ كىشىلىك شاۋقۇنلۇق شەھەردە ئەمەس، بەلكى تىپتىنچ، پاكىز ۋە رەڭمۇرەڭ گۈللەر تەكشى ئېچىلىپ تۇرغان ئىستىراھەت باغچىسىدا يۈرگەندەك، ئارامبەخش ھېس قىلدۇق.

جامال ئاپپاي يول بويى بىزگە فرونزى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى:

— فرونزى 80 نەچچە مىللەت، قىرغىزىستاندىكى 4 مىليون 800 مىڭ ئادەمنىڭ 640 مىڭى ياشايدىغان كۆپ مىللەتلىك شەھەر. مېتاللورگىيە، سىماب، مەرمەرتاش، ئاپتوموبىل، يۇڭ توقۇمىچىلىق، خىمىيە، ئېلېكتر سانائىتى قاتارلىقلار فرونزىغا مەركەزلەشكەن. نارىن دەرياسىغا قۇرۇلغان 8 چوڭ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بىرى — يىلىغا بىر مىليون 200 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بېرىدىغان «توقتوغۇل» نامىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسىمۇ فرونزى بىلەن زىچ باغلانغان. بۇ يەردە نۇرغۇن ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، تەتقىقات مەركەزلىرى، يەتتە ئالىي مەكتەپ، قىرغىز ئوپېرا - بالېت تىياتىرى، رۇس دراما تىياتىرى قاتارلىق داڭلىق تۆت تىياتىر، سەنئەت، تارىخ، مەدەنىيەت ئاساسلىرى نامايان قىلىنغان بەش مۇزېي، كۆرگەزمە، كۇتۇپخانىلار شەھەر خەلقى بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان بولۇپ، شەھەر خەلقىنىڭ كۈندىلىك مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ...

ئاپتوموبىل شەھەر مەركىزىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، گۈزەل مىللىي ئۇسلۇب ۋە ئېسىل نەقىش - ناۋالار بىلەن بېزەپ ياسالغان ھەشەمەتلىك بىر بىناغا، بىنا ئالدىدىكى گۈلزارلىق ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سالتەنەتلىك بىر خاتىرە ھەيكەلگە ئىختىيارسىز كۆ-

زۇم چۈشتى. تەخمىنەن 20 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۆت چاسا خاتىرە مۇنارىنىڭ ئۈستىدە قاناتلىرىنى كەرگەن غايەت زور بىر بۈركۈت يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان قۇدرەت بىلەن پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتاتتى. بۈركۈت ئۈستىدە ئۇلۇغۋار قىياپەتلىك بىر دانىشمەن يىراقلارغا نەزەر سالغان هالدا تەپەككۇر قايىنىمىغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەجمى ئۇنىڭدىن خېلى كىچىك ئىككى كىشى — بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ نەپىس ئىشلەنگەن ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئۇلارنى ئەتراپىدىكى فونتانلاردىن باھار چېچەكلىرىدەك تىنىمسىز ئېتىلىپ تۇرغان سۇ گۈللىرى ئوراۋالغانىدى.

جامال ئاپپاي ھەيكەللەرگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بۈركۈت ئۈستىدە ئولتۇرغان كىشى ماناس، ئىككى تەرىپىدىكىسى ئۇنىڭ جان-جىگەرلىرى باقاي بىلەن ئانىكەي، قىرغىزلار، سىزگە مەلۇم، ئۇزاق تارىخقا، رەڭمۇرەڭ مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا، گۈزەل مىللىي تۇرمۇش، ئېسىل خەلق ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىگە ئىگە خەلق. «ماناس» ئېپوسى مانا شۇ مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى بىباھا گۆھەر. بىز ئۇنى بەكمۇ قەدىرلەيمىز.

فرونزىغا چوڭقۇر مەنە بېغىشلايدىغان، كىشىگە گۈزەللىك تۇيغۇسى ۋە ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدىغان نەپىس ھەيكەللەر شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك كۆزگە چېلىقىدۇ. بىراق، سەلتەنەتلىك ماناس ھەيكىلى شۇلارنىڭ ئىچىدە مەيلى تارىخىي ئەھمىيىتى، مەيلى سەنئەت قىممىتى جەھەتتىن بولسۇن، كىشىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى.

## توقتوغول بايرىمى

بىزنىڭ دوستلۇق زىيارىتىمىز قىرغىز خەلقىنىڭ دېموكراتىك شائىرى، توقتوغول تۇغۇلغانلىقىنىڭ 125 يىللىق خاتىرە كۈنىگە توغرا كەلگەنلىكىنى قىرغىزىستان زېمىنىغا قەدەم بېسىش بىلەنلا ھېس قىلدۇق. چۈنكى بۇ كۈنلەردە پۈتۈن فرونزى بايرام تۈسىگە كىرگەن، چوڭ-كىچىك كوچا-رەستىلەرگە رەڭگارەڭ بايراقلار ئېسىلغان، مەيدان ۋە كوچا دوقمۇشلىرىغا توقتوغولنىڭ سۈرەتلىرى تۇرغۇزۇلغانىدى. ھەتتا «ئىسسىقكۆل» مېھمانخانىسىدا ئۆز بۆلمىلىرىمىزگە كىرىش بىلەن بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنىمىز ئۈستەل ئۈستىگە تىزىپ قويۇلغان توقتوغولنىڭ سۈرەتلىرى ۋە توقتوغول ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش، خاتىرە بۇيۇملىرى بولدى.

مەن بۇ دېموكراتىك شائىرغا قىزىقىپ قالدىم. مېنىڭ قىزىقىشلىرىمغا قىرغىزىستان سەنئەت كۆرگەزمىسى جاۋاب بەردى.

قىرغىزىستان سەنئەت كۆرگەزمىسى قىرغىز خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ھۈنەر-سەنئىتى، ئېتنوگرافىيىسى، ئۆرپ-ئادىتى، تىرىكچىلىك ئۇسۇلى ۋە تەرەققىيات مەنزىرىسى، بەدىئىي سەنئەت نۇقتىسىدىن يورۇتۇپ بېرىلگەن ئۇنىۋېرسال كۆرگەزمە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرقايسى زاللىرىغا قويۇلغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار، يادنامىلار،

ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە رەسىم-سۈرەتلەر كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى.

«توقتوغۇل خەلق ئارىسىدا» ناملىق ماي بوياق رەسىم بىردىنلا مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. مەشھۇر رەسسام چايكوۋ 1902-يىلى سىزىپ قالدۇرغان بۇ رەسىمدە توقتوغۇلنىڭ پارتلاپ تۇرغان يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن ئاددىي خەلق ئارىسىدا شېئىر ئوقۇپ بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇراتتى.

چۈشەندۈرگۈچى قىز توقتوغۇل سۈرىتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، قىزغىنلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— توقتوغۇل قىرغىز دالىسىدىكى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك شائىر. ئۇ، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا، خەلق بىلەن قەلبداش، تەقدىرداش بولۇپ ئۆتتى. ئوتلۇق ناخشا-شېئىرلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى كۈيلەپ، چىرىك فېئودالىزم ۋە چار پادىشاھنىڭ مىللىي زۇلمىغا قارشى چىقتى، ئادالەتسىزلىكلەرنى قامچا ئاستىغا ئالدى، پاش قىلدى. شۇ ۋەجىدىن، پۈت-قولىغا كويزا-كىشەن سېلىنىپ، يىراق سىبىرىيىگە پالانغان ۋە سىبىرىيىدە سۈرگۈن قىلىنغان رۇس دېموكراتلىرى ۋە ئىنقىلابچىلار بىلەن تونۇشۇپ، بىللە ياشاپ، ئىلغار ئىنقىلابىي ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىغاندا توقتوغۇل ئاتقا مىنىپ، بىپايان قىرغىز يايلاقلىرىنى ئارىلاپ، جەڭگىۋار شېئىرلىرى بىلەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن، خەلقنى قوزغاپ، ئىنقىلاب باھارىنى كۈتۈۋېلىشقا چاقىرغان...

شۇ كۈنى كەچتە قىرغىزىستان ئوپېرا-بالېت تىياتىرىدا كۆرگەن توقتوغۇل ھەققىدىكى بىر ئوپېرانىڭ ئاخىرقى بىر پەردىسى ھېلىمۇ ئېسىمدە: ئوتقاشتەك ياسانغان قىرغىز قىز-يىگىتلىرى ھەيۋەتلىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە باھار قارلىغىچىدەك قىيغىتىپ ئۇسسۇل ئويناپ تۇرۇپ، سەھنە ئارقىسىدىن تەقەززالىق بىلەن كىمنىدۇر كۈتۈشتى. بىردىنلا سەھنىدە ئويناقلاپ تۇرغان ئاتقا مىنگەن توقتوغۇل پەيدا بولدى. توقتوغۇلنىڭ مەردانە ناخشىسى كاتتا زالنى لەرزىگە كەلتۈردى. پۈتۈن زال ئۇزاققىچە ئالقىش ياڭرىتىپ، توقتوغۇلنىڭ ناخشىسىغا تەنتەنە قىلىشقانىدى...

سەنئەت كۆرگەزمىسىدە مەشھۇر قىرغىز يازغۇچىلىرى چىڭغىز ئايتماتوۋ، تۈگەلباي سىدىقبېكوۋ، تۈمۈرقۇل مەمەت ئىلى، ئەخمەتوۋ تولىمىش، سۇلايمانقۇل چوقمارۇۋلارغا پەخىرلىك ئورۇن بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان ئەسەرلىرى تىزىپ قويۇلغان.

چىڭغىز ئايتماتوۋ «ئاق پاراخوت»، «گۈلسارە» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانى ھەمدە ئەدەبىيات ئىجادىيىتى مەسىلىلىرى ھەققىدىكى كۆپلىگەن نەزەرىيىۋى، تەنقىدىي ماقالىلىرى بىلەن شىنجاڭغا تونۇش، مەن بۇ يەردە چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ تېخى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنمىغان بەزى ئەسەرلىرىنى ۋاراقلاپ تۇرغىنىمدا، ئىرىس كەلدىيېۋتۇرار، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى:

— كۆپىنچە موسكۋادا تۇرىدۇ، ئەشەدە ئىشلەيدۇ، مېنىڭچە، يازغۇچىلىقنى قىلسا ياخشى بولاتتى. مېۋە بېرەلەيتتى. قىرغىزنى دۇنياغا تونۇتقىنى شۇ ئەمەسمۇ. بىراق ئۇ ھازىر بىرمۇنچە مەسئۇرىي ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالغان. ئىجادىيەتكە قانداق ۋاقىت چىقىرالايدىكىن ـ تاڭ. ئۇ، توقتوغول توغۇلغانلىقىنىڭ 125 يىللىقىنى خاتىرىلەش ھەيئىتىنىڭ رەئىسى بولغاچقا، ئالدىنقى كۈنى موسكۋادىن بۇ يەرگە كەلدى. ھازىر مۇشۇ پائالىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بەنت، — دېدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن قىرغىزىستان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن قىرغىزىستان سوۋېت ـ جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئىككى مەسئۇلى «ئىسسىقكۆل» مېھمانخانىسىغا كېلىپ، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ مەن بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى.

ئايتماتوۋ بىلەن ئۇچرىشىش ناھايىتى مەنىلىك، قىزغىن ئۆتتى. ئايتماتوۋ بەستلىك، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. كۆزلىرىدە چوڭقۇر پىكىر ئەكس ئېتەتتى، ماڭا نېمىشقىدۇر بىرئاز ھارغىندەك كۆرۈندى. دۇنياۋى ئەدەبىياتتا يېڭى يۈكسەكلىك يارىتىش ئۇنىڭ 60 يىللىق ھاياتىدىكى كارامەتلەردىن بىرى، بۇ ھارغىنلىق بەلكى شۇنىڭ ئىزىدۇر.

سۆھبەت جەريانىدا چىڭغىز ئايتماتوۋ «قۇتاتغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا ئالاھىدە قىزىقتى. «قۇتاتغۇ بىلىك» نىڭ شىنجاڭدىكى نەشر قىلىنىش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىرئاز ھەيرانلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— شۇنداقمۇ؟ مۇنداق دەڭ. مەن «قۇتاتغۇ بىلىك» نىڭ ئەرەب يېزىقىدىكى ئەسلى نۇسخىسىنى كۆرەلمەيمەن. شۇڭا، رۇسچە نەشرىنى ئوقۇدۇم ۋە بۇ كىتابقا مەپتۇن بولۇپ قالدىم. بىلىشىمچە، مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئىنسان تەپەككۇرىدىكى بۆسۈشتە ھەر تەرەپلىمە مول بىلىم، يۈكسەك غايە ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى «قۇتاتغۇ بىلىك» دەك بەدىئىي ۋاسىتە ئارقىلىق نۇرلاندۇرۇپ بەرگەن ئېسىل ئەسەرلەر كۆپ بولمىسا كېرەك. مەن يۇسۇپ بالاساغۇنى ھەققىدە سىلەر بىلەن بىرلىشىپ توقماق شەھىرىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈشكە قىزىقىمەن...

مەن ئۇنىڭغا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياشىغان، ئىجاد قىلغان ۋە «قۇتاتغۇ بىلىك» نى ياراتقان قەدىمىي شەھەر قەشقەردە مۇشۇ كۈنلەردە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالىملار توپلىنىپ، «قۇتاتغۇ بىلىك» ھەققىدە 2 ـ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، يېڭى سېلىنغان يۇسۇپ خاس ھاجىپ خاتىرە سارىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ۋە باشقا رەھبەرلەرنىڭ قەشقەرگە بارغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم.

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز قەدىمىي قەشقەر، قىزىلسۇ ۋە قىزىلسۇ قىرغىزلىرىنىڭ يېڭى ھاياتى، مەدەنىيىتى ئۈستىدە داۋام قىلدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى كۆرۈش ۋە ئۇنى چۈشىنىش ئارزۇسى بارلىقى ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى. مەن:

— شىنجاڭغا بېرىڭ، بىز سىزنى ئەتىۋارلىق مېھمان سۈپىتىدە قىزغىن قارشى ئالىـ

مىز، — دېدىم.

چىڭغىز ئايتماتوۋ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— راست. ئىككى ئەلنىڭ خەلقلىرى كۆپرەك بېرىش - كېلىش قىلغىنى، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرغىنى تۈزۈك. تاغلىرىمىز بىر - بىرىگە مىنگىشىپ تۇرۇپتۇ، دەريالىرىمىز بىر - بىرىنى سۆيۈپ ئېقىپ تۇرۇپتۇ، ئوتلاقلىرىمىزمۇ تۇتىشىپ كەتكەن. ئۆزۈممۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاغىنىلەرنى، قىرغىز قېرىنداشلارنى يوقلاپ كېلىشنى ئويلايمەن، زادىلا پۇرسەت چىقىرالمايۋاتىمەن. كېيىنچە بىر پۇرسەت چىقىپ قالار. ئۆتكەن يىل سىلەردىكى ئاتاقلىق ماناسچى يۈسۈپ ماماي مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل كۆرۈپ قىرغىزىستاندا زىيارەتتە بولغاندا، مەن موسكۋادا بولۇپ قېلىپ، ئۇ كىشى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولالمىدىم. تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، مەندىن ئۇ كىشىگە سالام ئېيتارسىز...

كېيىن ئۇ ئويلانغان ھالدا:

— سىلەردە يۈسۈپ بالا ساغۇننىڭ مىللىي تەۋەلىكى مەسىلىسىدە ئوخشىمايدىغان قاراشلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدىم:

— ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مىللىي تەۋەلىكى مەسىلىسىدە باشقىچە قاراش بولۇشنىڭ ھاجىتىمۇ، ئاساسىمۇ يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق يېزىق مەدەنىيەتى تارىخىدا نۇرغۇن ئاتاقلىق كىشىلەر، جۈملىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىدىن تارتىپ تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر شائىر ئارمىيە نېمشەھىد داموللامغىچە تەخمىنەن 160 دىن كۆپرەك نامايەندە — مۇتەپەككۇر، ئالىم، مەشھۇر شائىرلار ئۆتتى، ئۇلار ھېسابسىز كۆپ ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى بۇ ئەدەبىي مىراسلارغا ئومۇمىيۈزلۈك يىغىش، رەتلەش، نەشىر قىلىش ۋە تەتقىقاتنى قانات يايدۇردۇق. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر ئۈزۈلمەس ئەزىم دەريا ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىنجاڭغا زىيارەتكە بېرىپ قالسىڭىز سىزگە بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى دەپ بېرەلەيمىز...

چىڭغىز ئايتماتوۋ مۇنداق دېدى:

— ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ مول مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە خەلق. بۇنى مەن بىلىمەن. بىراق، كېيىنكى دەۋر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن راستىنلا ئانچە تونۇشالمىدىم. بۇ ھەقتە كۆپرەك ئالماشتۇرۇش يولىنى ئېچىش زۆرۈر. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى. ئۇنى ھەر قايسى مىللەتلەر تەتقىق قىلسا، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولسا بولۇۋېرىدۇ. يازغۇچىنىڭ مىللىي تەۋەلىكى بولسىمۇ، ئەسەرلىرىنىڭ مىللىي چېگرىسى بولمايدۇ، خەق ياقتۇرسىلا ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق روھىي بايلىقى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بىز مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولىنى بىرلىكتە ئاچايلى، كېڭەيتەيلى...

سۆھبەتتن كېيىن تەكلىپ بويىچە، توقتوغول تۇغۇلغانلىقىنىڭ 125 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۇتۇۋېلىشقا قاتناشتۇق. بۇ زىياپەتكە ئون نەچچە دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ۋە قىرغىزىستاننىڭ مەدەنىيەت ئەربابلىرى قاتناشقاندى. مەن زىياپەتتە، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ تەكلىپى بويىچە ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك شائىر توقتوغول تۇغۇلغانلىقىنىڭ 125 يىللىقىنى مۇبارەكلەپ بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلغاندىن كېيىن، چىڭغىز ئايتماتوۋغا بىر دانە چىمەن دوپپا تەقدىم قىلدىم. دوپپا ئۇنىڭغا ياراشقاندى. زىياپەت سورۇنىدىكى دوستلار تەرەپ - تەرەپتىن خۇشاللىق بىلەن:

— ئايتماتوۋ، دوپپا ساڭا ياراشتى، ئۇنى بېشىڭدىن ئالما، — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

پۈتكۈل زىياپەت جەريانىدا چىڭغىز ئايتماتوۋ بۇ يارشىملىق ئۇيغۇر دوپپىسىنى ئىپتىخار بىلەن كىيىپ يۈردى ۋە بۇ دوپپا يادىغا چۈشۈپ قالسىلا، قولىدىكى قەدەھنى كۆتۈرۈپ:

— قېنى، دوستلۇق ئۈچۈن! — دەپ مەن بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇمايتتى.

توقتوغول بايرىمى بىزدە ياخشى تەسىرات قالدۇردى. بۇ بايرام بىزنى چىڭغىز ئايتماتوۋ بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن قىلىپ قويدى.

## «بىز سىلەردە بولغانىمىز...»

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز تەكلىپ بويىچە قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى زىيارەت قىلدى. ئاكادېمىك نورۇز ئۇرازبايېۋ، ئاكادېمىك ئامان مامۇتوۋىچ ئاكادېمىيىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرى ئۈستىدە توختالدى:

— قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى، — دېدى ئۇ ئاكادېمىيىنى تونۇشتۇرۇپ، — فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا، يەر تەۋرەش، چوڭ تېپتىكى كانلارنى ئېچىش، ئاپتوماتلاشتۇرۇش، بىئولوگىيە، لازېر نۇرى، قار - مۇزلۇقلار، ھايۋانات، يېزا ئىگىلىكى ھەمدە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىنىدىغان ئىلمىي مەركەز. بۇ ئاكادېمىيىنىڭ ھەرقايسى ئىنستىتۇتلىرىدا 30 نەپەر ئاكادېمىك، 70 نەپەر پەن كاندىداتى، 2 مىڭغىچە ئىلمىي خادىم، 3 مىڭدىن ئارتۇق خىزمەتچى مەخسۇس پەنلەر بويىچە ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاكادېمىيىمىزنىڭ بىر مۇنچە ئىلمىي تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە...

— مەن شىنجاڭدا، سىلەردە بولغانمەن، — دېدى ئاكادېمىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پروفېسسور قويچىبايېۋ خۇشاللىق بىلەن شىنجاڭدىكى دوستلۇق زىيارىتىنى ئەسلەپ، — بىزنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىمىزنىڭ تەشكىل قىلىنغىنىغا 30 يىل بولدى. لېكىن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى ھەققەتەن جانلىق، كۆپ تەرەپلىمە ئىكەن. بىزنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىرلىكتە تەتقىق قىلىدىغان تېمىلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەسكەن...

«ماناس» ئېپوسى ھەققىدىكى پاراڭ سۆھبىتىمىزدە ھەممىلەن كۆڭۈل بۆلىدىغان

باش تېما بولدى. چۈنكى بۇ يەردىكى بىرمۇنچە ئالىملار ئۆز تەتقىقاتىنى ئاساسەن «ماناس» ئېپوسىغا بېغىشلىغان. ئاكادېمىك نورۇز ئورازبايېۋا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان «ماناس» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭ چىقارغان. بىراق، ئېيتىلىشىچە، ئۇلارنىڭ «ماناس» ئېپوسى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى، بولۇپمۇ ماناسنىڭ كېيىنكى بەش ئەۋلادى ھەققىدىكى بىر دىنچى قولماتېرىيال كەمچىل ئىكەن. شۇڭا، «تىرىك ماناس» دەپ نام ئالغان بىزنىڭ يۈسۈپ مامايىمىز قىرغىزىستاندىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ئۈچۈن غايەت زور تارتىش كۈچىگە ئىگە ئادەم بولۇپ قالغان. مەن ئۇلارغا، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يۈسۈپ مامايىنىڭ يالغۇز 250 نەچچە مىڭ مىسرالىق «ماناس» داستانىنى قومۇز بىلەن ئېيتىدىغان مەشھۇر ماناسچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى قەلەم بىلەن يۇقىرى سەۋىيىدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان تەتقىقاتچى ئىكەنلىكىنى، ھازىر «ماناس» ئېپوسىدىن باشقا، يېڭى قىرغىز داستانلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىنىمدە، ئۇلار رازىمەنلىك بىلەن:

— شۇنداق، بۇ بىر قىممەتلىك بايلىق. بىزدە «ماناس» نى تولۇق ئېيتىدىغان ماناسچىلار ھازىر يوق دېيەرلىك، — دېدى.

9 - ئۆكتەبىر كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز قىرغىزىستان مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تومەنبايېۋانىڭ قوبۇلىدا بولۇشتىن ئىلگىرى، تەخمىنەن ئىككى سائەت ۋاقىت ئاجرىتىپ، تەكلىپ بويىچە، فرونزى شەھىرىنىڭ مەركىزىدە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان «لېنىن» كۇتۇپخانىسىنى قىزىقىش بىلەن ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

كۆپ كىتاب ئوقۇش، كىتاب يىغىش ۋە كىتابنى قەدىرلەش — ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىندىن قالغان ياخشى ئادەت، ئېسىل ئەنئەنە. بۇنىڭ ئىپادىسىنى خېلى بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق سوۋېت كىشىلىرىنىڭ ئائىلىسىدىمۇ، كۇتۇپخانىلاردىمۇ كۆرۈش مۇمكىن.

24 مەخسۇس بۆلۈمگە ئاجرىتىلغان «لېنىن» كۇتۇپخانىسى ئازادە، تېپتىنچ ۋە ھازىرقى زاماننىڭ ئىلغار ئۈسكۈنىلىرى بىلەن جاھازلانغان بىلىم تارقىتىش مەركىزى. ئۇنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان، خاتىرە يېزىۋاتقان، كاپىيەن قالدۇرۇۋاتقان قىز - يىگىتلەر، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە مويسىپىتلەر بىزنىڭ ھەۋىسىمىزنى قوزغىدى. فىزىكا كىتابلىرى بۆلۈمىدە توم - توم كىتابلار ئارىسىغا چۆكۈپ قالغان تەخمىنەن 18 ياشلاردىكى قىپقىزىل يۈزلۈك بىر قىرغىز قىز ھەتتا بىز ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر كىتابنى قولىمىزغا ئالغىنىمىزنىمۇ سەزمىدى. ياشلارنىڭ كىتابقا بېرىلىش ھالىتى بىزگە ئىختىيارسىز ھالدا تۇرلۇك - تۇمەن گۈل - گىياھلاردىن ئېسىل شىرنىلەرنى يىغىۋاتقان تىرىشچان ھەسەل ھەرىلىرىنى ئەسلەتتى.

ئېيتىلىشىچە، «لېنىن» كۇتۇپخانىسىنىڭ 30 مىڭ نەپەر دائىملىق ئەزاسى ۋە سىرتتىن ئالاقە ئورناتقان 20 مىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇلار بۇ ئۇنىۋېرسال بىلىم تارقىتىش مەركىزىدىن خالىغان چاغدا، ئۆزىگە كېرەكلىك ھەرقانداق بىر كىتابنى

قىيىنچىلىقسىز ئېلىپ تۇرالايدىكەن ۋە ئۇنىڭدىن قەرەلسىز پايدىلىنالايدىكەن.

— مەن شىنجاڭغا بارغانمەن، — دېدى كۈتۈپخانا دېرېكتورى ھەسەنبايېۋا بىز بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ چېھرىسىدىن بىر خىل پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇراتتى، — ئۇ يەردە كۆپلىگەن دوستلار، كەسىپداشلار بىلەن تېپىشىۋالغانمەن. قانداق قىزغىن، مېھماندوست - ھە! ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن كۈتۈپخانا خىزمىتىنى بەكمۇ سۆيۈمەن. چۈنكى كىتاب ئارقىلىق بىلىم تارقىتىش — كىشىلەر قەلبىگە نۇر يەتكۈزۈش، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى، جەمئىيەتنى، دۇنيانى چۈشىنىشىگە، ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بېرىش دېمەكتۇر.

ھەسەنبايېۋا قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق ئايال ئىكەن.

— مېنىڭ سىلەرگە «لېنىن» كۈتۈپخانىسى توغرىسىدا ھەممە نەرسىنى سۆزلەپ بەرگۈم كېلىدۇ. بىز ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك مۇكەممەل كۈتۈپخانا بولۇپ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن نەچچە ئون يىللاپ ئەجرى قىلدۇق. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ كۈتۈپخانا 1934-يىلى يېڭى قۇرۇلغاندا، ھازىرقىغا ھېچبىر ئوخشىمايتتى، ئاددىيلا ئىدى. 1984 - يىلى كېڭەيتىلىپ قايتا قۇرۇلدى، زاماننىڭ تەلىپىگە يېقىنلاشتۇرۇلدى. ھازىر «لېنىن» كۈتۈپخانىسىدا 374 خىزمەتچى، 6 مىليوندىن ئارتۇق كىتاب - ژۇرنال، قەدىمكى كىتابلار مۇزېيى، ئېلېكتر پلاستىنكىلىق ۋە مۇزىكىلىق ئوقۇش بۆلۈملىرى، نەشرىيات، باسما زاۋۇتى قاتارلىقلار بار. كۆپەيتىپ بېسىش، رەتلەش، تارقىتىش، قوبۇل قىلىش، بىخەتەر ساقلاش ۋە تەتقىقاتتىن ئىبارەت ھالقىلار ئىلمىي ئىزغا سېلىنغان. مۇشتىرىلار كۈتۈپخانىمىزدىن 43 خىل تىل - يېزىقتا كىتاب ئارىيەت ئالالايدۇ. كۈتۈپخانىمىز يەنە دۇنيادىكى 30 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن كىتاب - ژۇرنال ئالماشتۇرۇش ئالاقىسىنى يولغا قويغان. بېيجىڭ كۈتۈپخانىسى بىلەن كىتاب ئالماشتۇرۇش يولىمىز ھازىر تېخىمۇ راۋانلاشتى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا بىلەن بىۋاستە كىتاب ئالماشتۇرۇش يولىنى ئېچىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمىز...

قىرغىزىستان مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ بىناسىدا مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۆمەنبايېۋا بىلەن بولغان ئۇچرىشىش قىسقا ۋە ناھايىتى مەنىلىك ئۆتتى. تۆمەنبايېۋانىڭ قىزىقىدىغانلىرى كۆپ ئىدى. جۇڭگو ۋە شىنجاڭدىكى ئىسلاھات، مەدەنىيەت ۋە ھەر ساھەدىكى يېڭىلىقلارغا كۆڭۈل بۆلدى.

— دوستلۇقىمىز كۈچىيىۋەرسۇن، بېرىش - كېلىشىمىز كۆپىيىۋەرسۇن، — دېدى تۆمەنبايېۋا جۇڭگو - سوۋېت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ئۈستىدە توختىلىپ، — تىنچلىق، دوستلۇق، تەرەققىيات، ئۆزئارا ھەمدەملىك ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. جۇڭگودىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن تەرەققىيات بىزنى بەكمۇ قىزىقتۇرىدۇ. ھەر ئىككى ئەلنىڭ ئۆز ئارا ئۆگىنىدىغان، ئالماشتۇرىدىغان نەرسىلىرى ئاز ئەمەس. قىرغىزىستان دوستلۇق ۋەكىللىرى ئۆمىكى سىلەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھازىرغىچە ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلىمەكتە. ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ياخشى تەسىرات

بىلەن قايتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىز سىلەرنىڭ قىرغىزىستاندا كۆپرەك تۇرۇپ، كۆپرەك كۆرۈشكىلارنى ئۈمىد قىلىمىز...

## ئەسسالام، ئوش!

9 - ئۆكتەبىر. كەچكى قۇياش ئالاتاۋنىڭ كۈمۈش رەڭلىك قارلىق چوققىلىرى، نارىن دەرياسىنىڭ كەڭ ئېقىنلىرىنى چاقنىتىپ تۇراتتى. فرونزىدىن كۆتۈرۈلگەن 24 كىشىلىك كىچىك تىپتىكى ئايروپىلان 40 مىنۇتتا 700 كىلومېتىرغا يېقىن يولنى بېسىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئېتىبار بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان «يەپەك يولى»دىكى يەنە بىر يېشىل مەرۋايىت — ئوش شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

ئايرودرومدىكى قىزغىن كۈتۈۋېلىشتىن كېيىن، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ شەھەر مەركىزىگە قاراپ يول ئالدۇق. يولنىڭ ئىككى قاسنىقى تۇتاش كەتكەن يېشىل بوستانلىقلار، كېۋەزلىكلەر، قوغۇنلۇقلار، قوناقلىقلار، تال ئۈزۈم، ئانار، شاپتۇل، ئامۇت، ئالمىلىق باغلار بىلەن قاپلانغانىدى. كەڭرى ئېتىزلىقلاردا بادام دوپپا، ئاق يەكتەك كىيىپ، بېلىنى شايى بەلباغدا باغلىۋالغان دېھقانلار، رەڭمۇرەڭ ئەتلەس كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، چېكىسىنى گۈللۈك ياغلىقلار بىلەن تېڭىۋالغان ئاياللار كۈزلۈك يىغىم-تېرىمنىڭ ئالدىراش ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. ھاۋامۇ ئىسسىق ئىدى. شەھەر ئىچىدە قەد كۆتۈرگەن ئېگىز بىنالار ئوشقا گەرچە بىر خىل زامانىۋى تۈس بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئوشنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدىن بىر خىل قەدىمىلىك، مىللىي ئالاھىدىلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

بۇ مەنزىرىلەردىن بىز ئۆزىمىزنى گويا قەشقەرگە، قەشقەر يېزىلىرىغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق.

شەھەر سوۋېتىنىڭ رەئىسى كارۋانبېكنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 230 مىڭ ئاھالە ياشايدىغان بۇ شەھەردە قىرغىز، ئۆزبېك، رۇس، ئۇكرائىن قاتارلىق 80 گە يېقىن مىللەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 5 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرمۇ بار ئىكەن.

— ئوش تاغلىق شەھەر بولسىمۇ، — دېدى كارۋانبېك، — بۇ يەردە ھاۋا، تۆمۈريول ۋە قۇرۇقلۇق قاتنىشى ناھايىتى راۋان. يىپەكچىلىك، يىپەك توقۇمىچىلىق، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، قۇراشتۇرۇش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى شەھەر سانائىتىنىڭ ئاساسى. شەھەر ئىچىدىكى 27 زاۋۇت، 540 كارخانىدا ئىشلەيدىغان ئىشچى-كاسىپلار شەھەر ئاھالىسىنىڭ 3 تىن بىرىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىككى ئىنستىتۇت، ئالتە تېخنىكوم، 63 يەسلى، 30 ئورۇندىكى مەدەنىيەت پونكىتى، 11 كۇتۇپخانا ئاساسەن ئىشچى-كاسىپلارنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ...

ئەتىسى بىز ئوبلاستلىق سوۋېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ناسىرىۋا لوقمانىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوش شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى «سۇلايمان تېغى» ۋە ئۇنىڭ 160 مېتىر ئېگىزلىكتىكى باغرىغا جايلاشقان «سۇلايمان غارى» نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

«سۇلايمان غارى» مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق، تۆۋەندىن يۇقىرىغا پەلەمپەي ئارقىلىق

كۆتۈرۈلىدىغان ئاجايىپ سۈرلۈك تەبىئىي غار بولۇپ، غارنىڭ ئىچىگە كىرىش بىلەنلا، كىشى ئۆزىنى تەبىئىي ھالدا ئۇزاق تارىخىي — تەبىئىي مۇزېيدا يۈرگەندەك ھېس قىلاتتى. غارنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈش جەريانىدا نامايان بولىدىغان ھەرقايسى قىسىملىرىدا قىممەتلىك ئاسار-ئەتىقىلەر، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئەينەن كۆزگە چېلىقىدۇ. بىرنەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئەجدادلار پايدىلانغان، ياراتقان خىلمۇخىل تاش قوراللار، ساپال كوزا، ساپال كۇپ، تاش پىچاق، تاش دەزمال، تاش گەز، تاش پەتنۇس، تاش قاچا، تاش تەسۋىي... قاتارلىقلار؛ ھەرخىل ياغاچ ئويمىلار، ياغاچتىن ئىشلەنگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى، جەسەت ساندۇقلىرى، ياغاچتىن ياسالغان مۇداپىئەلىنىش قوراللىرى، چىنى توقۇلمىلار، ئاشلىق دانلىرى، ئىپتىدائىي تۆمۈر قوراللار، ئىپتىدائىي كەتمەن، پالتا، جىن چىراغ، چىلاپچا ۋە خىلمۇخىل قاچا-قۇچىلار؛ ھەرخىل ئۆي قۇشلىرى، يىلان، كېلە، سۇغۇر، تۈلكە تېرىلىرىدىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مومىيا بولۇپ قالغان ئەسكى قىياپەتلىرى... قىسقىسى، ئۇزاق تارىخىي جەريانىدىكى ئىنسان يولىنىڭ مەنزىرىسى بۇ غاردا تەبىئىي ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى.

«سۇلايمان غارى» نىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى مۇنداق دېدى:

— بۇ غار ئەسلىدە ھەرخىل خۇراپىي قاراشلار، ئەپسانىلار تارقىلىدىغان مەنبە، نادان كىشىلەر قورقۇپ ئەيمىنىدىغان، چوقۇنىدىغان سىرلىق ماكان بولۇپ قالغان. كېيىنكى چاغلاردا بۇ غار رەتلىنىپ، يول ياسىلىپ، ئېلېكتر چىراغلىرى ئورنىتىلىپ، تەبىئىي تارىخىي مۇزېي قىلىنىدى. ھازىر بۇ غارنى مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر، جۈملىدىن ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى داۋاملىق ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق ئۆتمۈشىدىن خەۋەر تاپىدۇ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق تەربىيە ئالىدۇ. «سۇلايمان غارى» نىڭ رولى ئۆزگەرگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا خۇراپىيلارچە ئىشىنىش ۋە چوقۇنۇش بۈگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ ئېسىگە كەلمەيدۇ.

ناسىرىۋا لوقماننىڭ ئىزاھلىشىچە، «سۇلايمان غارى» ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار جايلاردا كۆپ قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان:

— تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، — دېدى ناسىرىۋا لوقمان، — بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ 500 يىل ئىلگىرىلا بۇ يەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماكانلىشىپ ياشىغانلىقى، دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە قىسمەن توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى دەلىللەندى. «سۇلايمان غارى» دا ساقلىنىۋاتقان ھەرخىل ماددىي نەرسىلەر مۇشۇ ئۇزاق تارىخنىڭ يادنامىسى...

ئوش ئوبلاستىغا يېتىپ كەلگەن كۈنىمىز شەھەر سوۋېتىنىڭ رەئىسى كارۋانبېك:

— ئوش ئوبلاستىنىڭ ئاھالىسى قىرغىزىستان ئاھالىسىنىڭ ئازكەم يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ، بىزنىڭ سىلەرگە ھەممە نەرسىمىزنى كۆرسەتكىمىز كېلىدۇ، — دېگەنىدى. گەرچە بۇ يەردىكى زىيارەت ۋاقتىمىز ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، بىز ئېكسكۇرسىيە قىلغان ئوبلاستلىق پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، «غاپپار ئايىتوۋ» نامىدىكى گۈزەل سەنئەت مەكتىپى، ئوبدان ھاپىزەت قىلىنغان ئەسنەپ ئىبنى بۇخارىيە مازىرى، 10-، 11- ئەسىرلەردە بىنا قىلىن-

غان 43 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مەشھۇر «ئۆزگەن مۇنارى»، پاشلار مەدەنىيەت سارىيى، قىرغىز دراما تىياتىرى بىزدە ياخشى تەسىرات قالدۇردى.

بىز يەنە ئۆزگەن رايونىنىڭ «قەشقەر قىشلاق»، «قىزىل شەرق» ۋە «كوممۇنىزم» كولخوزلىرىنى قىزىقىش بىلەن كۆردۇق. باغ-ۋارانلىق كوجۇم مەھەللىلەر، ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبتا يارىشىملىق قۇرۇلغان ئۆي-ئىمارەتلەر قەدىمىي يېزىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. يېنىك ئاپتوموبىللار يېزا يوللىرىدا مۆكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆزگەن رايونىدىكى 23 مىڭ ئائىلىلىك كولخوزچىدىن تەخمىنەن بەش مىڭغا يېقىنى ئائىلە خۇسۇسىي ئاپتوموبىل سېتىۋالغان، ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلار تېخىمۇ كۆپ بولسا كېرەك.

ئۆزگەن رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئاسانوۋ جۇڭگودىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە، تاۋار ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يوللىرىغا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## ئاجايىپ سەيلىگاھتىكى ھېكايە

ئېرىس كەلدىيېۋ تۇرار فرونزىدىن ئوشقا قاراپ ئۇچقان ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ، ماڭا:

— ئەتتەڭگىنەي!... پۇرسەت بولسا ئارسلانبابا سەيلىگاھىنى بىر كۆرگەن بولساڭلار قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! — دېگەنىدى. مەن قىزىقىپ ئۇنىڭدىن:

— ئارسلانبابا دەمسىز؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— شۇنداق، بىز ئۇنى ئارسلان بوۋا دەيمىز. مۇنداق قاملاشقان گۈزەل سەيلىگاھنى بۇ ئىقلىمدا كۆرگىنىم يوق، — دېدى.

بۈگۈن بىز تەكلىپ بويىچە، مەشھۇر قارا دەريا، جالالئابات، سۇزاق، بازار قورغان رايونلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، دېڭىز يۈزىدىن بىر مىڭ 400 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئارسلانبابا سەيلىگاھىغا يېتىپ كەلدۇق.

تەبىئەت ھەقىقەتەن راستىنلا ئۇستا رەسسام. ئۇنىڭ ماھارىتى، بەدىئىي دىتىغا نېمە تەڭ كەلسۇن! ئارسلانبابا سەيلىگاھى تۆت تەرىپى قىلىچتەك تىك، كۆكىنى سۆيگەن ئاق باشلىق تاغلار بىلەن ئورالغان، پۈتكۈل تەبىئەت يېشىل قارىغاي، ئارچا، شەمشات، ئاق قېيىن، قىزىل ياپراقلىق لىپا ئورمانلىقلىرى بىلەن قاپلانغان، ئويناق سۈزۈك تاغ سۇلىرى تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىپ تۇرغان، تۈرلۈك-تۈمەن خۇش پۇراقلىق گۈل-گىياھلار تەكشى ئېچىلىپ، ھەممە يەردىن نەچچە ئون خىل ناخشىچى قۇشلارنىڭ ئاۋازلىرى ياڭراپ تۇرغان ساپ ھاۋالىق بىر جاي ئىدى.

سەيلىگاھنىڭ گۈزەللىكى، رەڭدارلىقى، جەزىبىلىكى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى مەست قىلاتتى.

ئېرىس كەلدىيېۋ تۇرار:

— سىلەردە مۇشۇنداق مەنزىرىلىك جايلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن كۈلۈپ:

— ئېمىشقا بولمىسۇن. بۇغدا كۆلى، ئەنسەن يايلىقى، ئارال تۆپە، نارات، قاناس دېگەنگە ئوخشاش مۆجىزىلىك جايلىرىمىز ئاز ئەمەس، — دېدىم.

— مەن ئۇ يەرلەرنى كۆرگىنىم يوق، — دېدى ئۇ، — لېكىن-زە، بىزنىڭ بۇ ئارسلانبابا ئاجايىپ جۇمۇ! مەن سىزگە ئېيتسام، بۇ يەردىكى تاغلارنىڭ باغرىغا تارالغان ئىپتىدائىي تەبىئىي ياڭاقزارلىقنىڭ ئورنى 8 مىڭ گېكتاردىن ئاشىدۇ. ياڭاق تەتقىقاتى بويىچە قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە مەخسۇس ئىنستىتۇت قۇرۇلغان دەڭا. قارىڭا، ئورمانلىق ئىچىدىكى مېھمانخانىلارنى! بىرلا ۋاقىتتا، 600 چەت ئەللىكنى كۈتۈۋالالايدۇ. ئارسلانبابانىڭ گۈزەللىكى، ساپ ھاۋاسى، شوخ تاغ سۇلىرىدىن بىر قېتىم بەھرىمەن بولغان كىشى ئىككىنچى قېتىم قانداقلا بولمىسۇن يەنە كەلمەي قالمايدۇ...

ئىرس كەلدىيېۋتۇرار قىرغىزىستان چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇل خادىمى سۈپىتىدە بۇ يەرگە نۇرغۇن چەت ئەللىكلەرنى باشلاپ كەلگەن بولغاچقا، ئارسلانبابا سەيلىگاھىنىڭ تارتىش كۈچىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىغانىدى.

بىز شۇ كۈنى بۇ يەردە بىر كېچە قوندۇق. ئارسلانبابا سەيلىگاھىنىڭ كېچىسىمۇ كۈندۈزىگە ئوخشاشلا ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. كۆكتە ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي بىردەم كۆك سۈيگەن قارلىق تاغلارنى كۈمۈشتەك چاقنىتىپ يالتىراتسا، بىردەم چېكى يوق ئورمانلىقنى گويا ئۈستىگە ئالتۇن ئۇۋاقلىرىنى چېچىۋەتكەندەك، قىزغۇچ رەڭدە جىلۋىلەندۈرۈپ، ئاجايىپ كۆركەم قىلىۋېتەتتى، ئويناق تاغ سۇلىرىنىڭ شاۋقۇنى بولسا، سەلتەنەتلىك سىمفونىيىدەك، كىشىگە لىرىك ھېسسىيات، گۈزەللىك تۇيغۇسى بەخش ئېتەتتى.

ھۇجرىدا مەن قىزىقىپ سورىدىم:

— ئارسلانبابا كىم، ئادەم ئىسمىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېيىشتى ساھىبخانىلار تەرەپ-تەرەپتىن ئاۋاز قوشۇپ، — ئارسلانبابا، تەبىئىيكى، بۇ يەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى پەرۋىشكارى، خوجايىنى. شۇڭا، بۇ يەرنىڭ ئىسمى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بىراق، بۇ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى، ئارسلانبابا ھەققىدىكى رىۋايەت.

— دېمەك، بۇ ھەقتە رىۋايەت باركەن-دە؟

— بولماي! — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى قىزىقچىلىق بىلەن سۆز باشلاپ، — سۇلايمان پەيغەمبەر ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن بۇ ئىقلىمدا ياشايدىغان ھەربىر قەبىلە، خەلقلەرگە بىر پارچىدىن ھاياتلىق ماكانى تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئۆزى مەشەگە كېلىپ توختاپتۇ. سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئەركە ئايالى بېلىقىز: «بۇ يەر نېمىدېگەن گۈزەل. بۇ بىزنىڭ سەيلىگاھىمىز بولسا قانداق؟» دېگەن تەكلىپىنى بېرىپتۇ. سۇلايمان پەيغەمبەر قوشۇلۇپتۇ. شۇ چاغدا، بىزنىڭ قىرغىزلىرىمىز خېلىلا كېچىكىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلاغ-ئۇلمەكلىرىنى ھەيدەپ سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئۆزلىرىگىمۇ بىرپارچە ھاياتلىق ماكانى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. بىراق، بۇ چاغدا زېمىن تەقسىم قىلىنىپ بولغانىكەن.

— ئۇنداق قىلما، — دەپتۇ قىرغىزلار، — بىز بۇ يەردە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتىمىز. ھەممىگە بېرىپسەن، بىزگە نېمىشقا يوق؟

سۇلايمان پەيغەمبەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خوتۇنى بىلەن قىرغىزلار ئارىسىدا تەڭقىسلىق ئىچىدە قاپتۇ. بۇ ھالەتنى كۆرۈپ قىرغىزلار، «پەيغەمبەرنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇش ياخشى ئەمەس» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپتۇ:

— بوپتۇ، بۇ جاي ساڭا قېلىۋەرسۇن. لېكىن سەن بۇ يەردە ھەممىشەم تۇرمايسەنغۇ. شۇڭا، سەن خالىغاندا بۇ يەرگە كېلىۋەرگىن. بىز بولساق بۇيەرنىڭ ئوت-سۈيىگە قاراپ، ئىگىدارچىلىق قىلىشىپ بېرەيلى...

مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىن، بېلىقىز پەيغەمبەرگە كۆتۈلمىگەن بىر تەلەپنى — ئالەمدىكى بارلىق ئۇچار-قاناتلارنىڭ سۆڭىكىدىن بىر تەخت ياساپ بېرىسەن، — دېگەن تەلەپنى قويۇپ تۇرۇۋاپتۇ. پەيغەمبەر:

— بۇ قانداق مۇمكىن؟ قۇش سۆڭىكىدىن تەخت ياسىتىش ئۈچۈن قانچىلىك قۇشقا ئۇۋال قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟— دەپ ئۇنىماپتۇ.

لېكىن بېلىقىز ئەركە-نايناق، ئۆزۈمچى ئايال بولغاچقا، «بۇ مېنىڭ خۇدالىق ئالەمدىكى ئاخىرقى بىر تەلىپىم، تەخت ياسىتىپ بېرىسەن» دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر سۇلايمان پەيغەمبەر نائىلاج بۈركۈتكە بارلىق قۇشلارنى يىغىپ كېلىشكە ئەمر قىپتۇ. قۇشلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر تەكشۈرۈپ قارىسا، تۆمۈر تۇمشۇق قۇش كۆرۈنمەپتۇ. پەيغەمبەر، مەن يەر يۈزىدىكى ئۇچار-قاناتلارنىڭ پادىشاھى تۇرسام، تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ كەلمىگىنى نېمىسى! دەپ ئاچچىقى كېلىپ، بۈركۈتنى يەنە تۆمۈر تۇمشۇقنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۈركۈت تۆمۈر تۇمشۇقنى ئىزدەپ تېپىپ قارىسا، ئۇ ئۇڭدا يېتىپ، قانداقتۇر بىر ھېسابنى ئىشلەۋاتقانىكەن. «قوي بۇ ھېسابىنى!» دەپ بۈركۈت تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ پۇتىنى يەرگە تەگكۈزمەي سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. سۇلايمان پەيغەمبەر:

— ھە، تۆمۈر تۇمشۇق، ساڭا نېمە بولدى، نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھېساب ئىشلەۋاتاتتىم. ئۈچىنچى ھېساب چىقاي دەپ قالغان، ئازراق كېچىكتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۆمۈر تۇمشۇق.

— سەن قايسى ھېسابنى ئىشلەۋىدىڭ؟

— بىرىنچى، جاھاندا تاغ كۆپمۇ، تۈزلەڭلىك كۆپمۇ؟ شۇ ھېسابنى ئىشلىدىم.

— نەتىجىسى نېمە بولدى.

— تاغ كۆپكەن...

— توغرا ئەمەس، — دەپتۇ پەيغەمبەر، — مېنىڭ ھېسابىمدا تاغ ئەمەس، تۈزلەڭلىك كۆپ ئىدى. سەن بۇ ھېسابنى قانداق ئىشلىدىڭ؟

— مەن، — دەپتۇ تۆمۈر تۇمشۇق، — ئاتىنىڭ تېزىكىچىلىك ئېگىزلىكىنى كۆرسەممۇ ئۈستىگە قونۇپ قۇيرۇقۇمنى لەپەڭشىتىپ باقتىم، يەرگە تەگسە تۈزلەڭلىك، تەگمىسە تاغ ئىكەن دەپ ھېسابلاۋەردىم.

— ھىم... — دەپتۇ پەيغەمبەر، — ھە، ئىككىنچى ھېسابىڭچۇ؟
— ئىككىنچىسى، — دەپتۇ تۆمۈر تۇمشۇق، — بۇ ئالەمدە تىرىك ئادەم كۆپمۇ، ئۆلۈك كۆپمۇ؟ شۇ ھېسابنى ئىشلىدىم.
— نەتىجىسى قانداق بولدى؟
— ئۆلۈك كۆپكەن.
— توغرا ئەمەس، — دەپتۇ پەيغەمبەر، — ئۆلگەن-تىرىكلەرنىڭ تىزىملىكى مەندە تۇرسا، مېنىڭ ھېسابىمدا تىرىكلەر كۆپ ئىدى. سەن بۇ ھېسابنى قانداق ئىشلىدىڭ؟
— مەن، — دەپتۇ تۆمۈر تۇمشۇق، — ئەتىگەندە قوزى چۈش بولغۇچە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ ياتقانلارنىمۇ ئۆلۈك ھېسابلاۋەردىم.
— ھىم... — دەپتۇ پەيغەمبەر، — خوپ، ئۈچىنچىسى؟
— ئۈچىنچى ھېساب، بۇ ئالەمدە ئەر كۆپمۇ، ئايال كۆپمۇ؟ دېگەن ھېسابتى.
— ھە، ئېيتە، قايسى كۆپكەن؟
— ئايال كۆپكەن.
— توغرا ئەمەس، — دەپتۇ پەيغەمبەر، — بۇ ئالەمدىكى ئەر-ئاياللارنىڭ سانى ماڭا بەش قولدەك ئايان. مېنىڭ ھېسابىمدا ئەر كۆپ ئىدى. سەن بۇ ھېسابنى قانداق ئىشلىدىڭ؟ گەپنى سوزما، جاۋاب بەرگىن.
— مەن، — دەپتۇ تۆمۈر تۇمشۇق، — خوتۇنىدىن قورقىدىغان ئەرلەرنىمۇ خوتۇن ھېسابلاۋەردىم.
سۇلايمان پەيغەمبەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قاپتۇ، ئوڭايسىزلىنىپ خوتۇنى بىلقىسقا قاراپتۇ. ئاندىن قۇشلارنىڭ سۆڭىكىدىن تەخت ياساش پىلانىدىن دەرھال ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلاپ:
— بولدى. بۇ زېمىن قىرغىزلارغا ھاياتلىق ماكانى بولسۇن، — دەپ، بىزگە بۇ يەرنى تەخسىم قىلىپ بەرگەن ئىكەن...
قىرغىزىستانلىق دوستلار: بۇ بىر رىۋايەت، شۇنداقلا بۇ رىۋايەتنىڭ بىرقانچە ۋارىيانتى بولسىمۇ، لېكىن، بايىقى رىۋايەت بىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى ھاياتلىق ماكانىمىزنىڭ مەنبەسىدىن بىشارەت بېرىدۇ، دەپ كۈلۈشتى.

* *

قازاقىستان، قىرغىزىستاندىكى دوستلۇق زىيارىتىمىز 15-ئۆكتەبىر كۈنى ئاياغلاشتى. شۇ كۈنى قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان خەلقلىرىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان دوستلۇق رىشتىسىنى ئېلىپ، ئالمۇتىدىن ئۈرۈمچىگە قايتتۇق.

1989-يىل، 12-ئاي. ئۈرۈمچى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

## بالىلار ئەدەبىياتى

مۇھەممەت ئەخمەت

# «ئاق يولۋاس»

(ھېكايە)

1

بۇ مەنزىردىنى كۆرۈپ تۇرسۇننىڭ
بەكلا ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. كۈچۈكنىڭ
چوڭلۇقى ئۆيدىكى قارا مۈشۈكچىلىكلا كې-
لەتتى، ئۇنى بەش - ئالتە ياشلاردىكى مە-
ھەللە بالىلىرى بويىندىكى ئىنچىكە، ئۇزۇن
تانىسىدىن دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە توپى-
لىق يولدا ئويناۋاتاتتى. كۈچۈكنىڭ ئاق
رەڭگى توپىدا مەينەتلىشىپ، تۈكلىرى
سالۋاراپ كەتكەنىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بوزەك
قىلىنىۋاتقانلىقىدىن زارلىنىۋاتقاندەك كۈچ-
سىز، ئىنچىكە ئاۋازدا ئېگىرىغاندەك غىڭشىيت-
تى. بالىلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلالماقچى
بولۇپ، تانىسنى جان جەھلى بىلەن چىش-
لەيتتى. ئۇنىڭ كىچىك، مۇنچاقتەك قاپ -
قارا كۆزلىرىدە ئاغرىنىش بىلەن يېلىنىش،
غەزەپ بىلەن ئۆچمەنلىك ئارىلىشىپ كەت-
كەن سەبىي تۇيغۇنىڭ سوغۇق نۇرى چې-
قىندايتتى.

كۈچۈكنىڭ كۈچسىز غىڭشىشى، تۆت
پۇتىنى يەرگە تىرەپ بار كۈچى بىلەن تې-
پىرلىشى بالىلار ئۈچۈن تولىمۇ قىزىق
ئويۇن ئىدى، ئۇلار تانىسنى تالىشىپ بىر-
بىرى بىلەن ھۆرپىيىشەتتى.

— ئەكەل ئەمدى، سەنلا ئويناما-
سەن...؟

— ۋاي، قارا، يوگۇرىدىغان بولدى
مانا!

— تانىسنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتمىسۇن،
ئاغزىغا تەپ...

— سۇغا تىقىپ باقمايلىمۇ...

— قۇلىقىنى تارتما، قولۇڭنى چىش-
لىۋالىدۇ!

بالىلار خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشاتتى،
سەكرىشەتتى. كۈچۈك غىڭشىيتتى، كۆزلى-
رىدىن ياش قۇيۇلاتتى. تۇرسۇنغا كۈچۈك
بارغانسېرى ھالسىزلىنىۋاتقاندەك، ھازىرلا
ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— كۈچۈكنى قويۇۋېتىڭلار! نېمانچە
قىينايسىلەر ...؟ — دېدى ئۇ دوغىلاق يۈز-
لۈك، يىرتىق كىيىملىك، سالۋار تۇماقلىق
بالىنىڭ قولىدىن تانىسنى يۇلۇپ تارتىۋېلىپ.

— مېنىڭ كۈچۈكۈم ... — گۆلەيدى
ئۇ بۇرنىنى تارتىپ.

— ياق، ئۇنىڭ ئەمەس، ھەممىمىز-
نىڭ كۈچۈكى ... — چۇرقىرىدى يېنىدىكى
ئاق سېرىق بالا ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، —

بايا بىز كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن تۇتۇۋالغان.

تۇرسۇن خۇددى كەپسىز ئوقۇغۇچىغا تەنقىد بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىدەك گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى:

ـ بوپتۇ، تالاشماڭلار ... كۈچۈكنى مۇنداق سۆرەپ ئوينىساڭلار ئۆلۈپ قالامدۇ...

ــ ئۆلسە مەيلى ... ــ پەرۋاسىزغىنە جاۋاب بەردى ھېلىقى دوغىلاق بالا.

ــ ئۆلسە مەيلى دەيسىنا، ئەمىسە ھېچقايسىڭغا يوق بۇ كۈچۈك! ــ تۇرسۇن كۈچۈكنى يەردىن ئالدى ـ دە، ئىككى قوللاپ مەيدىسىگە بېسىۋالدى.

ــ ئەكە كۈچۈكنى! ــ يىغلامسىرىدى ئاق سېرىق بالا، ــ بەرمىسەڭ ئاپامغا دەيمەن، ئاپا ... ئاپا ...!

تۇرسۇن قورقۇمسىراپ ئەتراپقا قارىدى، ئىشىك ـ دەرۋازىلارنىڭ بىرەرسىدىن جاۋدىلداپ ـ چېچىلىپ بىرەر ئايالمۇ چىقمىدى. ئۇ يېنىك تىنىۋالدى.

ئاق كۈچۈك تۇرسۇننىڭ قولىدا دىر ـ دىر تىترەيتتى. ئۇنىڭ گۆشسىز ئورۇق بەدىنى خۇددى بىر پارچە مۇزغا ئوخشاش سوغۇق ئىدى. تۇرسۇننىڭ كۈچۈكنى باللارغا زادىلا تاشلاپ بەرگۈسى كەلمىدى.

ــ ئەمىسە ماڭا سېتىپ بېرىڭلار، ــ دېدى ئۇ، ــ ھەر بىرىڭلارغا بىر موچەندىن بېرىمەن.

ــ بىر موچەن ... نەچچە تال كەمپۈت كېلىدۇ بۇنىڭغا؟ ــ سورىدى ئاق سېرىق بالا يىغلامسىراشتىن پۇرۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى بىردىنلا ھەۋەس بىلەن پارقىرىتىپ.

ــ ئىككى تال ... ئەرزانلىرىدىن ئالساڭ تۆت تالمۇ كېلىدۇ.

باللار شۈبھە، قىزىقىش ئىچىدە بىرـ بىرىگە ئۈنسىز قارىشىپ قويدى.

ــ تۆت تال كەمپۈت دېگەننى كەچكىچە شوراپ تۈگىتەلمەيسىلەر، ــ دېدى تۇرسۇن باللارنى قىزىقتۇرۇپ، ئاندىن چىلتىنىسىدىكى قەلەم سالغۇچ ئىچىدىن ئۇششاق پۇللارنى ئېلىپ، باللارنىڭ ھەر بىرىگە بىر موچەندىن ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، ــ غاپپار ئاكام ماگىزىننى تاقاپ قويىدۇ، تېز يۈگۈرۈڭلار ...!

باللار دەسلەپتە تۇيۇقسىز ئېرىشكەن بۇ پۇل ئۈچۈن ھەيران بولۇشۇپ گاھ قولىدىكى پۇلغا، گاھ تۇرسۇنغا ھاڭۋېقىپ قاراشتى ـ دە، كېيىن، خۇشاللىقىدىن چۇرقىراشقىنىچە قويۇق توپا توزۇتۇپ، ماگىزىن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىشتى. تۇرسۇننىڭ ۋۇجۇدى شۇ ھامان پەقەت ئىمتىھاندا يۈز نومۇر ئالغان چېغىدىلا ھېس قىلىدىغان شادىيانە بىر تۇيغۇ ئىچىدە يايراپ كەتتى. ئۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىغان، ئۆلۈۋاتقان كىچىك ھايات ئىگىسىگە باشپاناھ بولغۇدەك، ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغۇدەك ئىقتىدار ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا يېتىلگىنى ئۈچۈن خۇشال ئىدى.

ئۆتكەن يىلى كۈزدىكى پۈتىنى مۈشۈك چىشلەپ سۇندۇرۇۋەتكەن بىچارە چۈجە، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق چۇكۇلداشلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە. چۈجە تۇرسۇننىڭ ئالقىنىدا سارغۇچ، يۇمران قاناتلىرىنى تىترىتىپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى. بېغىشىدىن سۇنۇپ كەتكەن جانسىز، ئىنچىكە پۇتى قورسىقىنىڭ ئاستىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇغدايچىلىك كېلىدىغان كىچىك سارغۇچ كۆزلىرى تولىمۇ مۇڭلۇق ئىدى. تۇرسۇن ھەرقانچە ئويلىسىمۇ چۈجىنىڭ پۇتىنى ساقايتىشنىڭ چارىسىنى تاپالمىدى ـ دە، چۈجىگە ئىچ

ئاغرىتىپ مىشىلداپ يىغلىۋەتتى. شۇ چاغ-
دا مومىسى بۇنىڭ ئاسانلا چارىسىنى قىلغا-
نىدى. ئۇ چۈجىنىڭ پۇتىنى لاتىدا ئاۋايلاپ
تاڭدى - دە، چۈجىلەر توپىغا قوشۇۋەتتى،
دەرۋەقە، چۈجە بىر نەچچە كۈن دىڭگاس-
لاپ، ئاقساپ ماڭغاندەك قىلىپ، كېيىن
پۇتى ئاستا - ئاستا ساقىيىپ كەتكەنىدى...

يىراقتىن بالىلارنىڭ يەنە قىقاس-
چۇقانلىرى ئاڭلاندى. ئۇلار ماگىزىندىن
تېزلا قايتىپ چىققانىدى، ئۇلار نېمىنىدۇر
تالىشىپ، بىر - بىرىنى قوغلىشاتتى، باش-
كۆزلىرىگە توپا چېچىشاتتى.

«ئۇيات... ئۇيات... نېمىدېگەن ئە-
دەبسىزلىك... - تۇرسۇن نەپرەت بىلەن
لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى، - ئۇستىبې-
شىنى قارىمامدىغان، تازىلىقنى سۆيۈش
دېگەننى بىلمەيدۇ، مۇئەللىم مەكتەپكە
خەتلىسۇنچۇ قېنى، ھەددىمكەن مەكتەپتە
مۇشۇنداق قىلىشقا...»

ئۇ قۇچىقىدىكى كۈچۈككە ھەۋەس،
ئىپتىخار بىلەن قاراپ قويدى، كۈچۈك
ھېلىمۇ قىش شىۋىرغىنى سوقۇۋاتقان يا-
غۇز چېۋىقتەك دىر - دىر تىترەيتتى. مۇزدەك
سوغۇق بەدىنىنى چىلىك تۈگۈۋالغانىدى.
ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بايىقى كۈچسىز غەزەپ
ۋە ئۈچمەنلىكنىڭ سوغۇق نۇرلىرى ئۆچ-
كەن بولسىمۇ، ئىشەنمەسلىك، شۈبھە ۋە
قورقۇنچنىڭ مۆگۈلۈق مۆلۈلدىشى ئەكس
ئېتىپ تۇراتتى.

تۇرسۇن كۈچۈكنىڭ بويىنىدىكى كەن-
دىر تانىنى يېشىپ تاشلىۋېتىپ، بېشىنى
ئامراقلىق بىلەن سىلاپ قويدى:

- ئەمدى مەندىن قورقما، - دېدى
ئۇ كېتىۋېتىپ، - مەن سېنى قىيناپ، يول-
دا دارقىرىتىپ سۆرەپ ئوينىغان ئاۋۇ كەپسىز
بالىلارغا ھەرگىز ئوخشىمايمەن. مەن مەك-
تەپنىڭ بەشىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسىمەن
ھەم پىئونېرمەن. مۇئەللىم ھەممىشە بىزگە
تەبىئەتنى سۆيۈڭلار، قۇشلار ۋە ھايۋان-
لارنى ئاسراڭلار، دەپ تەلىم بېرىپ تۇرى-
دۇ. مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي بو-
لامدۇ؟ مانا مەن ئالدى بىلەن ئاڭلايمەن.
ئاتا - ئاناڭ بولغان بولغىيدى. ئۇلار نېمىشقا
ساڭا قارىماي، كەپسىز بالىلارنىڭ ئالدىغا
تاشلاپ بەرىدىكىنە. سېنىڭچۇ، سېنىڭمۇ ئا-
تا - ئاناڭ بارمۇ دەمسىنا؟ بولمايچۇ، شەھەر-
دە دېگىنە. ئۇلار شۇنچىلىك كۆيۈمچان، مېھ-
رىبان. ئۇلار مېنىلا ئەمەس مومامنىمۇ
ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا مېنى مومامغا ھەم-
راھ بولسۇن دەپ بۇ يەرگە ئەۋەتكەن،
ھېلى سەن مومامنى كۆرىسەن، كۆيۈم-
چان - مېھرىبانلىقتا ھېچكىم ئۇنىڭغا يەت-
مەيدۇ. ئۇ مېنىلا ئەمەس ئىنەك، موزاي،
قوي، ئېشەكتىن تارتىپ، توخۇ - مۇشۈككى-
چە ھەممىسىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ،
كۆيۈنۈپ باقىدۇ. مەن راستىنى ئېيتسام
مۇشۈكتىن باشقىسىغا خۇددى مومامدەك
ئامراق، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم
قويۇۋالغان ئىسىم بىلەن چاقىرىمەن. ساڭى-
مۇ دەپ بېرەيمۇ، ئىنەكنىڭ ئىسمى ئاي-
خان ساغلاق، موزاينىڭ لەغمەن تاختاق،
قوينىڭ مۆمىن قارىي، ئېشەكنىڭ قارا با-
تۇر ... ۋاي بولدىلا، كېيىن ھەممىسىنىڭ
ئىسمىنى بىلىۋالىسەن. ئەمدى ساڭىمۇ ئى-
سىم قويۇش كېرەك، بولمىسا سېنى نېمە
دەپ چاقىرىمەن؟ ئېيتقىنا، ئىسمىڭنى
نېمە دەپ قويسام بولار، تۇمشۇقۇڭ بىلەن
كۆزۈڭدىن باشقا ھەممە يېرىڭ ئاق ئى-
كەن، «ئاق قارىي»... بۇ بىزنىڭ سىنىپتى-
كى رەيھانگۈلنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى. ئاڭ-

لىسام ئۇ ناھايىتى ئاچچىقى يامان، ئەسكى
ئادەممىش، قىزىنى داۋاملىق ئۇزارمىش.
مەن مۇنداق ئادەملەرنىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمى-
نىمۇ ناھايىتى يامان كۆرىمەن، شۇڭا ئۇ-
نىڭ ئىسمىنى زادىلا ساڭا قويمايمەن.
«ئاق بويناق» دەپ قويسام قانداق بولار؟
بىراق... سېنىڭ بوينۇڭ ئالا ئەمەس-تە.
ياخشىراق بىر ئىسىمنى ئويلاپ تاپسام بو-
لاتتى... يولۋاسچۇ... ھە، ھە، بۇ ئىسىم تا-
زا مۇۋاپىق، سەن چوڭ بولغاندا، يولۋاس-
تەك باتۇر ئىت بولىسەن. ئىسمىڭغا مۇبا-
رەك بولسۇن، ئاق يولۋاس...!

تۇرسۇن چوڭ يولدىن ئۆي تەرەپ-
كە — كونا ھارۋا يولىغا بۇرۇلدى.

ھاۋا سوغۇق ئىدى. ئاچچىق دالا
شامىلى تۇرسۇننىڭ يۈز-قۇلاقلىرىغا تى-
كەندەك سانجىلاتتى. ئۇ، يۈز-قۇلاقلىرى-
نىڭ پىچاق بىلەن تىلىغاندەك ۋىژىلداپ
ئېچىشىپ ئاغرىشلىرىنى سەزمەيتتى. ئۇ خۇ-
شال ئىدى! شور توپىلىق يولدا قۇشتەك
ئۇچۇپ باراتتى.

— ئاق يولۋاس!...

2

— ۋاي خۇدايىم... نېمە قىلىق بۇ
تۇرسۇنجان! — نەۋرىسىنىڭ قۇچىقىدىكى
كۈچۈكنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچقان موماي
پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇردى، — تاشلا،
تاشلا دەيمەن... نەدىن تېپىپ كەلدىڭ بۇ
ئالۋاستىنىڭ ئۆپكىسىنى؟

ئەسلىدە بۇ كۈچۈكنى كۆرسە مومام
چوقۇم خۇشال بولىدۇ، دەپ ئويلىغان
تۇرسۇن، كۈتۈلمىگەندە مومىسىنىڭ مۇنداق
چېچىلىپ-تۇۋلاشلىرىنى ئاڭلاپ ھودۇ-
قۇپ كەتتى.

— ئۇششاق باللار كوچىدا سۆرەپ
ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قاپتىكەن، مەن ئۇنى...
— قولىدىن تارتىۋېلىپ ئېپ قېچىپ
كەلدىم دېگىنە... ساڭا ئويۇن، ماڭا جاپا...
ئاز كۈندە چوڭىيىپ يوغان ئىت بولىدۇ،
ھويلا-ئارامغا كەلگەن بىرەرسىنى چىشلى-
ۋالسا... مانا كۆرۈڭ بۇ بالا-قازانى...
موماڭ قېرىغاندا قايسىبىرسىنىڭ ئەرز-دا-
دىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ؟

— بۇ كۈچۈك ئادەمنى بىكارلا چىش-
لىمەيدۇ چوڭ ئاپا، ئۇ، ئىنەك بىلەن قو-
يىڭىزنى ئوغرىلاردىن، توخۇلارنى تۈلكە بىلەن
ئاغمىخاندىن ساقلاپ قالسا ياخشى ئەمەسمۇ؟

— مەمەدانلىق قىلما! — مو-
ماي نۇرسىز كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ
نەۋرىسىگە ئالىيىپ قارىدى، — ئىتنىڭ يۈ-
زىدە تۈك بار، ۋاقتانى ۋاق كەلگەندە
كىم ياخشى، كىم ئوغرى، ئۇنى ئايرىپ
تۇراتتىمۇ، يوقات بۇنى، نەدىن ئەكەلگەن
بولساڭ شۇ يەرگە ئاپىرىپ تاشلا!...

تۇرسۇن ھودۇقتى، تېڭىرقىدى، ئۇ
ھېچقاچان مومىسىنىڭ مۇنچىلىك ۋارقىراپ
كايىشلىرىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇ مومىسىغا
بۇتناپ كۈچۈكنى يەرگە تاشلىدى. كۈچۈك
يەردە تۈگۈلۈپ، غىڭشىپ، ئەتراپىغا قور-
قۇمسىراپ قارىدى. گويا مومايىنىڭ قەھىر-
لىك جونۇشلىرىدىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك،
يۈگۈرگىنىچە ئىشىكى ئوچۇق ئېغىلغا
كىرىپ كەتتى.

موماي سۆپۈرگە بىلەن تۇرسۇننىڭ
چاپانلىرىنى سۆپۈرۈۋېتىپ كايىش ئارىلاش
سۆزلىمەكتە ئىدى:

— مەيدەڭدىكى تۈككە قارىغىنا،
ھېلىمۇ پاسكىنا مەرەزنىڭ تۈكى ئاغزىڭغا
كىرىپ كەتمەپتۇ. ماڭ، يۈگۈر، قولۇڭنى
يۇيۇپ ئېشىڭنى ئىچ.

تۇرسۇن مومىسىنىڭ ئوخشىتىپ ئەتكەن
چۆچۈرىسىنى خۇددى ئاغرىپ يېتىپ قالغان
ۋاقتىدىكىدەك بىر خىل ئىشتىھاسىزلىق
بىلەن ئىچتى، ئۇ ئىچىدە مومىسىغا بەكلا

خاپا ھەم ھەيران. «بۇ چوڭ ئاپامنىڭ نېمە ئىشى؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ قاچىدىكى چۆچۈرىنى ئۇياق - بۇياققا مالتىلاۋېتىپ، — ھەلىلە خوراز چۈجە ۋاقتىدا ئۇ سۇنغان پۇتتى تېڭىپ ساقايتقان، مەن كۈچۈكنى ئۇششاق بالىلارنىڭ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن قوغداپ قالدىم، ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا ياخشى ئىشقۇ. ئاق يولۋاس چوڭ بولسا ئۆينى باقىدۇ، كېچىسى تىمىسقىلاپ كەلگەن ئوغرىلارنى چىشلەپ تالايدۇ، توخۇلارنى تۈلكە، ئاغمىخانغا يېگۈزمەيدۇ ... بۇ نېمىدېگەن ياخشى! ... ئەسلى تاشلىۋېتىشكە توغرا كەلسە، قارا مۈشۈكنى يىراققا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ كۆزدىن يوقىتىش كېرەك. چۈنكى ئۇ ھورۇن، تىرىكتاپ، ئالدىغا تۈكۈپ بەرگەن تەييار ئاشنى ئىچىپ، كاڭنىڭ ئىسسىق يېرىدە تۈگۈلۈپ ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان. موماي نېمىشقا مۇشۇ ئىشلارنى سېلىشتۇرۇپ باقمايدىكىن؟ ئۇ «ئاق يولۋاس» نى يامان كۆرسە كۆرىۋەرسۇن، ئەمما مەن ياخشى كۆرىمەن. ئۇنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيمەن ...»

موماي ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇ ياخشى پۇرسەت ئىدى. تۇرسۇن ئېشنى چالا - بۇلا ئىچىپلا ئېغىلغا يۈگۈردى. «ئاق يولۋاس» ئېغىلنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا تىقىلغىنىچە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئۇ تۇرسۇننى كۆرگەن ھامان قورقۇش ئارىلاش، ئىنچىكە قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، غىڭشىپ قويدى.

«مېنى تونۇپسەندە، ئاق يولۋىسىم، — تۇرسۇن خۇشال بولۇپ ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى، — خاتىرجەم بول، ئەمدى مەن سېنى موماغا كۆرسەتمەي، ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلىمەن. ساڭا ئەمدى نەگە ئۇۋا ياساپ بەرسەم بولار؟ ئېغىلغۇ ياخشى ئىدى، كالا - قويلار ساڭا ھەمراھ بولاتتى، بىراق سېنى مومامنىڭ كۆرۈپ قېلىپ، تاشلىۋېتىشىدىن قورقىمەن، سامانلىقچۇ ... ئۇ يەر ئىسسىق بولغىنى بىلەن يەنىلا ئىشەنچلىك ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى، ئېغىلنىڭ ئۆگزىسىدىكى بېدە ئارىسىدا ياتقىن، موماڭ ئۆگزىگە چىقسام بېشىم قايىدۇ دەپ بېدىنى ماڭىلا تاشلاتقۇزىدۇ. ئۇ يەر سوغۇق بولغىنى بىلەن سەن ئۈچۈن بىخەتەر ...»

تۇرسۇن «ئاق يولۋاس» نى كۆتۈرۈپ ئۆگزىگە چىقتى. ئېگىز بېدە دۆۋىسى ئۈستىدە تېخى ئېرىپ ئۈلگۈرمىگەن قار پارچىلىرى ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ھويلىغا قارىغاندا ئۆگزە ئۈستى خېلىلا سوغۇق ئىدى. تۇرسۇن بېدە دۆۋىسىنىڭ قېتىنى ئېچىپ، خېلىلا ئىچكىرىسىگە ئەپچىلىكىنە ئۇۋا ياسىدى، ئاندىن «ئاق يولۋاس» نى ئۇۋىغا قويۇپ بېرىپ، يانچۇقىدىكى ناننى يۇمشاق چايناندى - دە، ئۇنىڭغا يېگۈزۈشكە باشلىدى، ئېچىرقاپ كەتكەن «ئاق يولۋاس» يۇمشاق ناننى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالماپ يۇتاتتى. كۆزلىرىنى يۇمغان ئېچىپ تۇرسۇننىڭ قولىغا تەلمۈرەتتى. نەمخۇش، ئىسسىق، يۇمشاق تىلى بىلەن بارماقلىرىنى يالايتتى، ئويناقلىشىپ جايىدا تېپىرلايتتى ... ئاھ قانداق ياخشى! ... تۇرسۇننىڭ ۋۇجۇدى سۆيۈنۈش ۋە راھەتبەخشلىك تۇيغۇ ئىچىدە جىمىرلاپ كەتتى، ئۇنىڭ سەكرىگۈسى، ۋارقىرىغۇسى كەلدى.

كەچ كىرىپ كېلىۋاتاتتى. تۇرسۇننىڭ مومىسىنىڭ ئىنەك سېغىشقا ياردەملىشىدىغان ۋاقتى كەلگەنىدى.

«ئەمدى ئەتە ئەتىگەندە كۆرۈشەيلى ئاق يولۋىسىم، — ئاستا پىچىرلىدى تۇرسۇن ئۇنىڭ يۇمران تۈكلىرىنى سىلاۋېتىپ، — سىرغۇقتا قويغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈر،

مومامنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپلا شۇنداق قىلدىم، بۇ قىشمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، پات ئارىدا باھار كېلىدۇ، باھارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيسەن-غۇ دېمەن. ئۇ چاغدا قار-مۇزلار ئېرىپ، ئەتراپ ياپيېشىللىققا پۈركىنىدۇ. مەن مەكتەپتىن يېنىپ قوي باققىلى چىققاندا سېنى جاڭگاللىققا ئەگەشتۈرۈپ بارىمەن، ساڭا بۇغدايلىققا كىرىپ كەتكەن قويلارنى قانداق توسۇشنى، تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىنى قانداق پۇراپ تېپىشنى، توشقان قوغلاشنى... جىق-جىق ئىشلارنى ئۆگىتىمەن....»

هويلىدىن مومايىنىڭ بوغۇق، ئەمما ئۈنلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— تۇرسۇنجان ... قېنى سەن تۇرسۇنجان!...

تۇرسۇن بىر باغ بېدىنى ھاپىلا-شاپىلا ئۇۋىنىڭ ئاغزىغا كەپلەپ قويۇپ، ئالدىراپ ئۆگزىدىن چۈشتى.

— مانا مەن موما.

— ھېلىقى كۈچۈك قېنى؟ مەھەللىگە ئاپىرىپ، كىمدىن ئالغان بولساڭ شۇنىڭغا بېرىۋەت، ئۆلۈپ قالماسلىقىغا قالىسەن بىكار.

— ئاپىرىپ ئىگىسىگە بېرىۋەتتىم.

— قاچان؟

— ئېشىمنى ئىچىپ بولۇپلا.

موماي ئۈندىمىدى، ئەمما تۇرسۇن يالغان سۆزلەپ مومىسىنى ئالداپ قويغىنى ئۈچۈن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا خۇشال ئىدى. ئۇ ئاخشىمى پەنەر يورۇقىدا دەرسلىرىنى تەكرارلاپ، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ، ئىسسىق كاڭدا تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. كېچىچە «ئاق يولۋاس» نى چۈشەپ چىقتى.

3

ئەمدى ھەممە نەرسە — كۈندە نەچچە مىڭ ئۆتىدىغان تۈۋىلىق يولمۇ، ئېتىز، جاڭگاللىمۇ، مومايىنىڭ يالغۇز چوقچىيىپ تۇرىدىغان كونا ئۆيىمۇ تۇرسۇنغا باشقىچە مېھرىلىك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەس-يادى ئاشۇ «ئاق يولۋاس»تا. ئەمدى ئۇ مەكتەپتىن يېنىپ ساۋاقداشلىرى بىلەن يولدا ئوينايدىغان ئادىتىنى تاشلىغان. ھازىر مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقاتتى-دە، ئۇدۇل ئۆيىگە چاپاتتى، مومىسىغا ياردەملىشىپ، كالىغا ھەلەپ ئېتىپ، قوي، ئېشەككە بېدە، سامان تاشلىغاندىن كېيىن، بىر ئامال قىلىپ «ئاق يولۋاس» نىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا تىرىشاتتى. «ئاق يولۋاس» ھازىر خېلىلا يوغىناپ قالغان، تۈكلىرىمۇ ئاپئاق قاردەك پارقىراشقا باشلىغانىدى. تۇرسۇن ئۇۋا ئاغزىنى ئاچقان ھامان، ئۇ ئالدىغا ئېتىلىپ چىقاتتى-دە، گاھ غىڭشىپ، گاھ ھاۋشىپ تۇرسۇننىڭ ئەتراپىدا سەكرەپ پىرقىراشقا باشلايتتى. بۇ چاغدا تۇرسۇن مومىسىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئالاقزادىلىك ئىچىدە كۈچۈكنى ئالمان-تالمان ئۇۋىسىغا كىرگۈزۈۋېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى تۇرسۇننىڭ خۇشاللىقىدىن كۆرە تەشۋىش ئارامسىزلىقى كۈچىيىشكە باشلىدى. «ئاق يولۋاس» نى بۇ قاراڭغۇ ئۇۋىدا يەنە قانچىلىك يوشۇرۇپ ساقلىغىلى بولار، مومىسى ئۇنى كۆرۈپ قالسا...

تۇرسۇننىڭ غەم قىلغىنىدەك كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىك ئاخىر يۈز بەردى. بىر كۈنى تۇرسۇن كەچتە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئۇدۇل ئۆگزىگە چىقتى-دە، ئۇۋىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇۋىنىڭ ئاغزى ئېچىلغان، «ئاق يولۋاس» قاياققىدۇر يوقالغانىدى. تۇرسۇن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ بېدە دۆۋىسىنى ئايلىنىپ چىقتى، پەسكە چۈشۈپ ئېغىل، ساماندانلىق ھەتتا توخۇ كاتەكلىرىگىچە ئاختۇرۇپ

چاقتى. «ئاق يولۋاس» ھېچ يەردە كۆرۈنـمەيتتى. بىر چاغـدا موماي قاياقتىنـدۇر تۇرسۇننىڭ يېنىغا پەيدا بولدى:

— نېمىنى تېمىسقىلاپ يۈرسەن؟

تۇرسۇن دۇدۇقلىدى:

— مۇنداق ... قاراپ باقاي دەپ ...

— خۇپسەنلىك قىلما، كـۈچۈكـكـنى ئىزدەپ يۈرگەنسەن تايىنلىق؟

تۇرسۇن دەسلەپتە ئەنددىكتى، كېيىن نېمىنىدۇر پەملىگەندەك قىلدى.

—سىز ... سىز ئۇنى كـۆردۈپـسىزدە، موما، — دېدى ئۇ ئۈمىدلىنىپ.

— دېمىدىمـمۇ، بالا تېرىـيدۇ دەپ، ھېلىتىن مۇشۈكنى قوغلاپ يۈرۈپتۇ، تېخى ماڭىمۇ قاۋاپ، ئاللا - تووۋامنى چىقاردى ئۇ لېچـىس!

—نەگە سولاپ قويدىڭىز؟

— سولاپ نېمە قىلاتتىم؟ جاڭگالدىن يانغان ئوتۇنچىلارغا بېرىۋەتتىم، ماڭ ئەمدى ئىشىڭنى قىل. دەرسىڭنى تەكرارلا، ئىت باقىدىغان مالچىمىدىڭ يا سەن؟

تۇرسۇن ئەلەمدىـن بوغۇلۇپ يىـغـلىۋەتتى.

—سەن بەك ئەسكىكەنسەن، ئەمدى قېشىڭدا تۇرمايمەن،— دېدى ئۇ بىر ياقتىن يېشىنى سۈرتۈپ، بىر ياقتىن يىـغـلاپ، — شەھەرگە كېتىمەن، ھازىرلا كېتىمەن.

ئۇ راستـىنـلا ئـارقـىـسىغا بۇرۇلۇپ كوچىغا ماڭدى. قورقۇپ تەشۋىشكە چۈشكەن موماي پايـپاسـلاپ يـۈگـۈرگـىنىچە ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— ئاپئاق بالام، چىرايلىق قوزام... ساڭا توخۇم پىشۇرۇپ قويغان مەن.

تۇرسۇن مومىسىنىڭ قولىدا يۇلقۇناتـتى، قوللىرىنى قايرىۋېتتى، تېپىچەكلەيتتى.

—قويۇۋەت، مېنى قويۇۋەت... !— دەپ ۋارقىرايتتى دېخىمۇ بەك يىغلاپ.

موماي قوزىدەك مۆلـەيـىم، قولىقى يۇمشاق، قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولىدىغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىـغان نەۋرىسىنىڭ بۇ تەرسا، جاھىللىقى ئۈچۈن ھەيران ھەم خاپا، لېكىن ئەمدى ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك كايىمىش، ئانىلارچە جونۇش ئەمەس، باش، كۆزىگە سۆيۈپ يالۋۇرۇشقا،تاتلىقسۆز بىلەن ئالداشقامەجبۇر.

— بولدى ئاپئاق بالام، يىغلىما، — دېدى نەۋرىسىگە ئارانلا كۈچى يېتىپ تۇرغان موماي، قورققىنىدىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ، — ئىگەكىم ئاشۇ كۈچۈك بىلەنلا كۆڭلۈڭ تىنىدىغان ئىش بولسا، ئوتۇنچىلاردىن ئەتىلىككىلا ئەكەلدۇرۇپ بېرەي، كۈندۈزى مورىگە ئارتىپ مەكتىپىڭگە ئاپىرامسەن، كېچىسى يوتقىنىڭغا سولاپ ياتامسەن، خالىغىنىڭنى قىل.

تۇرسۇن يىغىدىن توختىدى، لېكىن ئۇ شۇ ئاخشىمى تاماقنىمۇ يېمىدى، دەرسـنىمۇ كۆڭۈللۈك تەكرارلىمىدى، ئىلگىرىكى كۈنلىرىدىكىدەك مومىسىغا چۆچەك ئېيتىپ بەرىسەڭ دەپمۇ، يالۋۇرمىدى.

«ھېچقىسى يوق بىر كېچە ئۆتسۇنچۇ، كۈچۈكنى ئەتىلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، — دەپ ئويلايتتى موماي، كاڭنىڭ بۇلۇڭىدا ئۇنىسىز دومسىيىپ ئولتۇرغان نەۋرىسىگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ، — ئۇنىڭغا ئىت ئويـناشنى كىم قويۇپتۇ؟ ئوقۇشىنى ئوقۇسۇن، بىكار بولسا قوي، كالا باقسۇن، دادىسىنىڭ ماڭا تاپىلاپ كەتكىنىمۇ شۇ...»

شۇ كېچە نېمىشقىدۇر تولىمۇ ئەنسىز ئۆتتى. سىرتتا شىۋىرغان قوترايتتى، لەمپىدىكى قوناق شاخلىرى شاراقلايتتى، نېمىنىڭدۇر ئۈزۈپ- ئۈزۈپ غىڭشىغان، بىر نەرسىنى تاراقلاتقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

موماي ئەتىسى سەھەردە تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئاچتى- دە، قور-

قۇش، ھەيرانلىق ئىچىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئىشىك يېنىدا «ئاق يولۋاس» سوغۇقتىن غال - غال تىترىگىنىچە تۈگۈلۈپ ياتاتتى. موماينى كۆرگەن «ئاق يولۋاس» ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، غەزەپ بىلەن قاۋاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغانغان تۇرسۇن يالاڭ كېيىمى بىلەنلا ھويلىغا ئېتىلىپ چىقىپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى.

— ئاق يولۋىسىم!...

4

مانا باھار!...

گۈللەر، ئوتياشلار، ياپيېشىل ياپراقلاردىن تون كىيگەن دەل - دەرەخلەر، قۇشلا، كېپىنەكلەر، ھەربىلەر ئاشۇ سېخى تەبىئەتنىڭ ئەركىسى.

«ئاق يولۋاس» مۇ بۇ ھويلىدا شۇنداق موماي ھېلىمۇ ئۇنىڭغا ئالسىيىپ ھۆمىيىپ، گاھىداتىللاپ - قاغاپ،چالمائېتىپ تالاغا قوغلاپ يۈرگىنى بىلەن ئەمدى قىشتىكىدەك بىرەر ئوتۇنچىنىڭ ھارۋىسىغا تاشلاپ بېرىشكە ئامالسىز. ئۇنى تۇرسۇننىڭ ھېلىقى چاغدىكى تەرسا - جاھىللىقى خېلىلا قورقۇتۇپ، چۆچۈتۇپ قويغان.

تۇرسۇن ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپ «قارا باتۇر» غا مىنىۋېتتى - دە، «ئاق يولۋاس» نى ئەگەشتۈرۈپ، جاڭگالغا قوي، كالىلارنى باققىلى كېتەتتى.

موماي كەچتە قورساقلىرى تومپىيىپ، ئىككى يانغا چايقىلىپ ئاران كېلىۋاتقان كالا، قويلارنى كۆرگەندە، نەۋرىسىدىن سۆيۈنۈپ نامىزىدا ئۇزۇنىدىن ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى، لېكىن بىرلا غەم - ئەندىشە ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. «ھەي... ئۆزىنىغۇ تولىمۇ ئەقىللىق بالا، شۇغىنىسى، مۇشۇ كاساپەت لالمىنى دەپ ئوقۇشىنى ياخشى ئوقۇيالماي قالمىغىيدى...» دەپ تەشۋىشلىنەتتى ئۇ.

يازلىق تەتىلدە مومايىنىڭ ئوغلى شەھەردىن كەلدى.

— تۇرسۇنجاننى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم، — دېدى ئۇ قىسقىلا قىلىپ. مومايىنىڭ كۆزلىرى تەشۋىشتىن پارقىراپ كەتتى.

— نېمە، ئۇ بۇ يەردە ياخشى ئوقۇيالمىغان ئوخشىمامدۇ بالام ...؟ ھەي ...مەن شۇ چاغدىلا پەملىگەن...

— ياق، ئاپا، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپتۇ. ئەمدى ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى شەھەردە ئوقۇشى كېرەك، بۇ يەردە ئۇنداق مەكتەپ يوق ئەمەسمۇ...

شۇ چاغدا تۇرسۇن ھەممىشە «ئاق يولۋاس» نى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ دەرس تەييارلاشنى ياخشى كۆرىدىغان ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى جىگدە تۈۋىدە «ئاق يولۋاس» بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى:

— خوش مېنىڭ ئاق يولۋىسىم، قوش مېغىزدەك ئادىشىم... ئەمدى مەن شەھەرگە كېتىشىم، ئوتتۇرا مەكتەپكە تەييارلىنىشىم كېرەك. بىلەمسەن، مەن سېنى ئىت سۆيىتىدە ئەمەس، تەبىئەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە بېقىپ چوڭ قىلدىم. مۇئەللىمنىڭ گېپى ناھايىتى توغرا: ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈشى، ئۇنى قوغداش مەجبۇرىيىتىلا بار، ئۇنى يوقىتىش، ۋەيران قىلىش ھوقۇقى يوق، سەن تەبىئەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغىنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ياشىشىڭ، خۇددى بىز ئىنسانلارغا ئوخشاش ئەركىن - ئازادە ياشىشىڭ كېرەك. سېنى ئۆلتۈرۈشكە، يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش كىچىكلەر ئۈچۈن بەڭباشلىق، ئەقىلسىزلىق، چوڭلار ئۈچۈن جىنايەت.

«ئاق يولۋاس» گويا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەسىرلىنىپ ئاڭلاۋاتقاندەك، قاپقارا

كۆزلىرىنى تۇرسۇنغا تىكىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، ئالدىدا جىمجىت زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.

— شەھەرگە سېنى بەكلا ئەكەتكۈم بار ئىدى، بىراق سەن ئۇ يەردە زېرىكىپ، قىسىلىپ قالىسەن، سەن ئۈچۈن يەنىلا مۇشۇ ھويلا ياخشى. سەن ئەمدى مومامنىڭ جونۇپ - ۋارقىراشلىرىدىن ھەرگىز قورقما، ئۇ ئاخىرى ھېلىقى ھارامستاماق قارا مۇشۈكتىن سېنىڭ مىنىڭ مەرتىۋە ياخشى ئىكەنلىكىڭنى چۈشىنىپ قالىدۇ ... خەير، ئەمدى مەن مېڭىشىم كېرەك، تەتىلدە سېنى يوقلاپ كېلىمەن، ئايخان ساغلاقنى، مۆمىن قارىينى، قارا باتۇرنى ... ھەممىڭلارنى كۆرگىلى كېلىمەن...

كىچىك ماشىنا تۇرسۇن بىلەن دادىسىنى ئېلىپ كونا ھارۋا يولىدىن قويۇق توپا توزۇتۇپ يۈرۈپ كەتتى. بىردىنلا غېرىپلىق يېتىپ، كۆڭلى بۇزۇلغان موماي ئۈنسىز كۆز يېشى قىلىپ، يول چېتىدە تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. «ئاق يولۋاس» كىچىك ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن چاپقىنىچە ئاللىقاچان چاڭ - توپا ئىچىدە غايىب بولغانىدى. ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە ماشىنىنى نەلەرگىچە ئەگىشىپ باردىكىن؟ پەقەت كەچكە يېقىنلا ھاسىرىغان، تىللىرى ئۇزارغان، قۇلاقلىرى سالپايغان ھالدا قايتىپ كەلدى - دە، جىگدە تۈۋىدە باغرىنى يەرگە يېقىپ ئۇزۇنغىچە ياتتى...

نەچچە يىلدىن بېرى نەۋرىسىنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرىغا، بوينىغا ئېسىلىپ تاتلىق ئەركىلەشلىرىگە كۆنۈپ قالغان مومايغا، مەھەللىدىن چەت بۇ كونا ئۆيدە ھوقۇشتەك يالغۇز ياشاش بەك ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلىدى. گاھىدا كەپسىزلىك قىلىپ ئوغلاقتەك سەكرەپ مومايني كايىتسىمۇ نەۋرىسىنىڭ ھەمراھ بولۇشى قانداق ياخشى ئىدى؟!

ئېغىر، ھەسرەتلىك خىيال ئىچىدە تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈۋاتقان مومايغا ئەمدى «ئاق يولۋاس» لا بىردىنبىر ھەمراھتەك قىلاتتى. «ئاق يولۋاس» ھەر كۈنى پۈتۈن بىر كېچە ئۆي ئەتراپىنى ئايلىنىپ، قاۋاپ چىقاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بوم ھەم ياڭراق ئىدى. موماي ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھەر بىر ئاڭلىغاندا، نەۋرىسىنى گويا ئۆزىنىڭ يېنىدا باردەك، ئۇ ھازىرلا ئىشىكتىن كىرىپ كېلىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئەمدى پەقەت ئاق يولۋاسنىڭ ئاۋازىلا مومايغا خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىق بېغىشلاۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى كېچىسى ئوغرى كېلىپ كالا، قويلىرىنى ئوغرىلىشىدىنمۇ، تۈلكە، ئاغمىخانىنىڭ توخۇلىرىنى يەپ كېتىشىدىنمۇ ئەنسىرىمەيدىغان بولدى.

«قادىر ئىگەم ئىتقا تىل بەرمىگىنى بىلەن، ئەقىل بىلەن مېھرى - ۋاپانى يەتكۈچە بەرگەن ئىكەن ... — موماي ھەر قېتىم «ئاق يولۋاس» نى جىگدە تۈۋىدە كۆرگەن چاغدا شۇنداق دەيتتى، — قاردىمىدىغان بىچارىنى ... باققان ئىگىسىنى ھېلىغىچە ئۇنتۇماپتۇ، ئۇ نەۋرەمنى كۈتۈۋاتقان ئوخشايدۇ.»

«ئاق يولۋاس» بۇرۇن تۇرسۇن ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان جايدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، قۇلاقلىرى دىڭ كۆتۈرۈلگەنىدى. ھوشيارلىق بىلەن چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىنى ھارۋا يولىدىن ئۈزمەيتتى.

ھەئە ... ئۇ تۇرسۇننىڭ مەكتەپتىن كېلىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جوھە

## ئەدەبىي ئوبزور ۋە تەنقىد

ئىبراھىم ئىزاقى

# شائىر ۋە شېئىرىيەت ماھىرلىقى

بىزدە شائىر بىلەن شېئىر يازىدىغانلار ئارىلىشىپ كەتكەن. شائىر بىلەن شېئىر يازىدىغانلارنى قانداق پەرق قىلغىلى بولىدۇ؟ ئالدىنقىسى ئۆزىنىڭ تۇيغۇ-ھېسسىياتىنى خەلقنىڭ قايغۇ-ئەلىمىگە، شاد-خۇراملىقىغا قوشۇپ، ئىجادىي تەپەككۇرغا تايىنىپ، مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ. كېيىنكىسى ئۆزىنىڭ يۈزەكى تەسىراتلىرىنى مىسرا-كۇپلېتلارغا ئايرىلغان سۆز-جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئالدىنقىسى ھېسسىياتىنى تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە ۋە تۇرمۇش ھەقىقىتىگە بويسۇندۇرىدۇ. كېيىنكىسى تۇرمۇش قانۇنىيىتىنى ۋە تۇرمۇش ھەقىقىتىنى سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىغا بويسۇندۇرىدۇ.

شائىر ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە تەبىر شېئىرغا بولغان چۈشەنچە ۋە تەبىرىدىنمۇ كۆپ ۋە ھەر خىل.

سىز تاڭ سەھەردە پارلاق قۇياشنى ئەڭ بۇرۇن كۈتۈۋالىدىغان، ئۆزىنىڭ ئويغاقلىقىنى، توغرىسى تاڭغا بولغان سۆيگۈ-ئېتىقادىنى ئەڭ روشەن نامايان قىلىدىغان بوز تورغاينى ئەسكە ئېلىڭ. سىز ئۆزىدىن چوڭ لوقمىنى سۆرەپ مېڭىۋاتقان قارا چۈمۈلىنى، سىزغان سىزىقتىن ئۆتەلمەي ئارقىسىغا قايتقان سېرىق چۈمۈلىنى، كۆكتىكى قەھرىمان لاچىننى، ئازگالدىكى تەييار تاپنى تالىشىپ ماجىرالىشىۋاتقان قاغا-قۇزغۇنلارنى، دېڭىز شاھى — كىتنىڭ دۈمبىسىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقان يۇسۇنلارنى، ئەينەك لوڭقىلارغا سېلىنىپ رېستورانلاردىكى نەپىس ئىشكاپلار ئۈستىگە تىزىپ قويۇلغان چىرايلىق، ئەمما پۇراقسىز سۇلىياۋ گۈللەرنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، تەپسىلىي كۆزىتىۋاتقان، مەرىپەت دەرياسىدا ئەركىن غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈۋاتقان، تۇرمۇش دېڭىزىنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇپ تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى سۈزۈۋاتقان جاپاكەشنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. سىز ھاياتنى، بەختنى، ئەركىنلىكنى، گۈزەللىكنى، ساپ مۇھەببەتنى، ھەقىقەتنى...قىزغىن سۆيىدىغان، يارىتىدىغان، قوغدايدىغان گىگانت ئادەمنى كۆڭۈل ئېكرانىڭىزغا چۈشۈرۈڭ. مانا بۇ شائىردۇر.

مېنىڭچە، شائىرلىق ئۆلچىمىنىڭ يادروسى دەۋرنىڭ ئېڭى، خەلقنىڭ روھى بولۇشتىن ئىبارەت.

پىكىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەرقانداق كىشىدە شېئىرىي تۇيغۇ ۋە شېئىرىي ھېسسىيات بولىدۇ. لېكىن شېئىرىي تۇيغۇ ۋە شېئىرىي ھېسسىياتقا ئىگە ھەممە

كىشى ئۆزىدىكى «مەن» نى ئىپادىلەشكە قادىر ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار شائىرغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇراجىئىتى ئاغزاكى ياكى قەغەز ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. كىتابخانلار شېئىرنى تولاراق ئۆزىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ.

بىرەر شېئىرنى، بولۇپمۇ لىرىك شېئىرنى ئوقۇپ ئىچكى دۇنياسى زىلزىلىگە كەلگەن كىتابخان دەل شۇ لىرىك شېئىردىكى لىرىك قەھرىماننىڭ پروتوتىپى ياكى شۇ لىرىك شېئىردىكى «مەن» نىڭ ئۆزىدۇر. بىر شېئىرنى ئوقۇغان بىرنەچچە كىتابخاننىڭ ئالغان بەدىئىي زوقى ئوخشاش بولماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. كونكرېتنى بىر شېئىردىن ئۆزىنى تاپقانلارنىڭ ئالغان بەدىئىي زوقى ئۆزىنى تاپالمىغانلارنىڭ ئالغان بەدىئىي زوقىدىن يۇقىرى بولىدۇ . بۇ يەردە شائىرنىڭ كىتابخانلار ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنىڭ، خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنىڭ، شېئىرىيەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ. شائىر ئۈچۈن ئۆزىنى يۈتتۈرۈپ قويغان كىشىنى شېئىر ئارقىلىق تېپىپ بېرىش ئەڭ چوڭ بەخت.

شائىر بىر ئۇچار قۇش بولسا، ئۇنىڭ قانىتى ماھارەت. ماھارەتسىز شائىرنى چىن مەنىسى بىلەن شائىر دېگىلى بولمايدۇ.

شېئىرىيەت ماھىرلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشلار، نۇقتىئىنەزەرلەر بىزدە تېخى چۈشەنچىلەر چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكىنى يوق. ھازىرمۇ بەزى كىشىلەر ماھارەت بەدىئىيلىكتە ئىپادىلىنىدۇ دەپ قاراشسا، يەنە بەزى كىشىلەر ماھارەت ئىدىيىۋىلىكتە ئىپادىلىنىدۇ دېيىشمەكتە. ئالدىنقىلار كونا پىكىرنى يۇقىرى شېئىرىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلىسىمۇ كىتابخاننىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ، شېئىرنىڭ قىممىتى بەدىئىيلىك بىلەن ئۆلچىنىدۇ دېگەننى چىقىش نۇقتا قىلىدۇ. كېيىنكىلەر مەزمۇنى يېڭى شېئىرلارنىڭ بەدىئىيلىكى تۆۋەن بولسىمۇ، يەنىلا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شېئىرنىڭ قىممىتى ئىدىيىۋىلىكتە دېگەننى ئاساس قىلىدۇ. يۇقىرىقى كۆز قاراشلار بىر تەرەپلىمە بولۇپ تولۇق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئەمەس.

شېئىرىي ماھارەت ھەم شېئىرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىدە ھەم بەدىئىيلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىز شائىرلارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتىمۇ ئۇلارنىڭ شېئىرىي پىكرىگە ۋە شېئىرىي پىكرنى قانداق ئىپادىلىگەنلىكىگە قارايمىز.

مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ پەقەت ئۆزىگىلا ئوخشايدىغان شائىر ئىدى. ئۇ شېئىرىيەتلىك تۇرمۇش دېڭىزىدىن شېئىرىي پىكىر ئۈنچىلىرىنى سۈزۈپ چىقىشتا ۋە ئۇنى مىسرالار يىپىغا تىزىشتا ئاجايىپ ماھارەتكە ئىگە ئىدى. «توڭمەس ناخشا» شائىرنىڭ ئوبزارلىق تەپەككۇر مېۋىلىرىنىڭ سەرخىلى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى گۈلشەنىدە ئېچىلغان ئەڭ گۈزەل، ئەڭ خۇش پۇراقلىق گۈل - تارىخنىڭ كۈچلۈك سىنىقىغا ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان، تۈنۈگۈنكى، بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىدىكى «مەن» ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن بۇ گۈلنىڭ چېچەكلىرى مەڭگۈ توزىمايدۇ.

مۇھەببەت تېمىسى شائىرلار ئەڭ كۆپ مۇراجىئەت قىلىدىغان كونىرىماس، خىرە-

دارلىق ئېما، لېكىن مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ نازۇك ھېسسىياتنى ئەڭ يارقىن ئىپادىلەش ئۈچۈن، جەزمەن شائىرانە تېخنىكا كېرەك.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - سانىدا «غايىب بولماس تامچىلار» سەرلەۋھىسى ئاستىدا ئون قىسىملىق بىر چوۋالچاق شېئىر ئېلان قىلىندى. بۇ شېئىرنىڭ ھەجمى ئوتتۇرا ھال باللادىغا تەڭ بولۇپ، 27 كۇپلېت، 108 مىسرادىن تەركىب تاپقان. بۇ شېئىر شەكىل جەھەتتىن نائۇستا تۆمۈرچى ياسىغان قوپال زەنجىرگە ئوخشايدۇ. شېئىرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ۋاپاسىز يار ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت ۋە ئەشۇ ياردىن كۈتكەن ئۈمىدتىن ئىبارەت. بۇ شېئىردا بىرەر يېڭى شېئىرىي پىكىرنىڭ نۇر جىلۋىسى يوق. مۇھەببەتنىڭ قارىمۇ قارشى جىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭلىك بېغىدا ئۆسۈپ چېچەكلەيدىغان خۇشپۇراقلىق گۈل ئىكەنلىكىنى تېخى ھېس قىلمىغان ئاپتور ئۈمىدىنىڭ ئورنىغا يالۋۇرۇشنى دەسسىتىپ، ئۆزىنى ئۆزگىلەر ئالدىدا پەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان، ئەسلىدە ۋاپاسىزلىقنى شوئار، خىيانەتنى بايراق قىلىۋالغان ئۇنداق «يار» ئۈستىدىن قايىنىغان لىرىك شىكايەتنى ئۈچ - تۆت كۇپلېت ئارقىلىقلا ئىپادىلىگىلى بولاتتى. ئەپسۇسكى ئاپتور كونا پىكىرنى زورۇقۇپ تەكرارلىغانلىقتىن، ئەسلىدىكى قايناق ھېسسىيات زەنجىرسىمان بۇ شېئىرنىڭ ھەر بىر ھالقىلىرىغا تارقىلىپ كېتىپ، شېئىرنىڭ مەنىۋى نۇرىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويغان.

سۆيگۈ تېمىسىدا شېئىر يېزىش بويىچە بەزى ژۇرناللار مەخسۇس مۇكاپاتلىق مۇسابىقىمۇ ئۇيۇشتۇردى. نۇرغۇن قەلەمكەشلىرىمىز بۇ تېمىدا ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى. شۇنداقتىمۇ سۆيگۈ ھەققىدىكى تۇيغۇ - ھېسسىياتنى مۇۋاپىق گۈزەل شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەشتە بۆسۈش بولمىدى.

سۆيگۈ ھەققىدە لىرىك شېئىر يازىدىغان شائىرلىرىمىزدا ئۆزىنى بۇلبۇلغا، مەشۇقىنى گۈلگە ئوخشىتىپ ھېسسىيات ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بىر خىل كونا ئادەت بار. شېئىرىيەت خەزىنىمىزدە مەن بۇلبۇل، سەن بىر گۈل، سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن سايرايمەن، دېگەندەك مودا پىكىرلەر سىڭدۈرۈلگەن مىسرالار سان - ساناقسىز.

تەقلىدچىلىك ۋە دوراپچىلىق قىلىشقا ئىسراپ قىلىغان ۋاقىتنى تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى، بولۇپمۇ ئادەملەرنى كۆزىتىشكە سەرپ قىلساق، قەلبىمىزدە يېڭى - يېڭى شېئىرىي تۇيغۇلار پەيدا بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندا باشقىلار كۆپ كۆزەتكەن بىرەر شەيئىنىڭ ئۇلارنىڭ نەزەرى تېخى چۈشمىگەن يەنە بىر تەرىپىنى ئەقىل كۆزىمىز بىلەن كۆزەتسەكمۇ، يېڭى شېئىرىي پىكىرگە ئىگە بولالايمىز. ھەقىقەت تەكرارلانغانغا كونىرىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ روشەن ھەقىقەتنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپ داۋراڭ سالماي، بەلكى كۆمۈلۈپ قالغان ھەقىقەتنىڭ يۈزىنى ئېچىپ جىلۋىلەندۈرۈش كېرەك. بۇ يەردە شائىر ئابدۇلئەھەد قادىرىنىڭ تارىم ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 11 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «پەرۋانىنى ئاشىق دېمەڭلار» ناملىق شېئىرى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.

ئۇ مۇنداق يازدى:

پەرۋانىنى نۇرنىڭ ئاشىقى
دېدى كۆپلەر، ئۇنى ماختىدى.
تىرەن ئويلاپ باقسام بۇ باھا،
نېمىشقىدۇر ماڭا ياقمىدى.

بىلىپ تۇرۇپ ئوتقا ئۆزىنى
ئۇرغانلىقى مەيلى ماختىسا.
ئاشىق ئۇچۇن كۆيۈش بەدىلى،
مەيلى قانچە قىممەت توختىسا.

ئوتتا كۆيەر پەرۋانە بىراق،
كۈل بولۇشمۇ مەقسەت-مۇرادى؟
«پاڭ» قىلىپلا كۆيگىنى ئۇنىڭ
شادلىقىمۇ ياكى پەريادى؟

ئاشىق دېگەن مامات پەيتىدە،
ئۈن-تىنسىزلا كېچەمدۇ جانىدىن.
نۇرغا ئاشىق بولسا كۈندۈزى،
ياتامدۇ ئۇ چىقماي پىنھانىدىن.

دېمەكچىمەن پەرۋانە دېگەن،
نۇرغا ئامراق تۈندىلا پەقەت.
يالقۇن ئارا قۇچسا نۇر-ۋىسال،
ئاشىقلىقىغا لايىق شۇندىلا.

پەرۋانىنى ئاشىق دېمەڭلار،
پەيلى ئۇنىڭ ئاشىقلارغا يات.
سۆيگۈ ئەمەس بىردەملىك ھەۋەس،
ۋىسال ئۇچۇن قىممەتتۇر ھايات.

سىز بۇ شېئىرنىڭ قانداقلا قىممىتى بولمىسۇن بىرەر كۆپلىتىنى ئېلىۋەتسىڭىز شېئىر شۇ ھامان ھېيىپناق بولىدۇ، ھەتتا ئۆلىدۇ.

قەلەمكەشلىرىمىز ئۇچۇن پەرۋانىنى ئىجابىي ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلەش، يەنى ئۇنى مەردانە ئاشىقلارغا، ۋاپادار يارلارغا سىمۋول قىلىپ ماختاش بىر ئومۇمىي ئۇدۇق ئىدى. شائىر بۇنداق كونا ئۇسۇلنى قوللىنىشتىن ھەزەر ئەيلىگەن. ئۇ پەرۋانىغا بولغان ئەقىدىگە جەڭ ئېلان قىلغان. پەرۋانىنى مەدھىيىلەش ئوبيېكتى ئەمەس، بەلكى تەنقىدلەش ئوبيېكتى قىلغان. شائىر قولىغا قەلەم ئېلىشتىن بۇرۇن پەرۋانىنى ئەستايىدىل كۆزەتكەن، ھايات مەنتىقىسىنى تەتقىق قىلغان، ئاندىن پاجىئەلىك تەقدىردىن يېڭى خۇلاسە چىقارغان. بۇ يەردە پەرۋانىنىڭ خاراكتېرىنى قانداق بېكىتىشكە بولىدۇ، دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. ئىنسان مۇرەككەپ، ئىنسانلاشتۇرۇلغان پەرۋانىمۇ مۇرەككەپ ھاشارات. ھەر قانداق ئادەمنىڭ قەلبىدە گۈزەللىك، خۇنۈكلۈك مەۋجۇت. لېكىن ئۇلارنىڭ سالمىقى ئوخشاش ئەمەس. بىز خاراكتېر بېكىتكەندە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن تەرىپىنى نەزەردە تۇتىمىز. شائىر پەرۋانىنىڭ خاراكتېرىدىكى كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغان تەرىپىنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈپ ۋە ئاچچىق-چۈچۈك تىللار بىلەن پاش قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ پەرۋانە ھەققىدىكى تۇيغۇ ۋە چۈشەنچىسىدە سەكرىش ھاسىل قىلغان.

شېئىر سەنئىتى ئەسلىدە قىسقا يېزىش سەنئىتى. قىسقا يېزىش سەنئىتى مەزمۇنغا قاراپ شەكىل تاللاشنى، شەكىلنى مەزمۇن ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 6 - سانىدا مۇنداق بىر شېئىر ئېلان قىلىندى:

ئۇخلىتالماي بوۋاقنى ئانا،
بىزەرەك بوۋاق كۆز يۇماي پەقەت
ئەللەي ئېيتىپ قوشاق قاتىدۇ،
ئۈمىد بىلەن تاڭغا باقىدۇ.

«ئۈمىد» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى بۇ شېئىر ھەجىمىنىڭ ئىخچاملىقى، شەكىلىنىڭ يېڭىلىكى، ھېسسىياتىنىڭ قويۇقلۇقى، مەزمۇنىنىڭ ئاجايىپ سترولۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە

ئىكەنلىكى ھەم ئالغا سۈرگەن ئىدىيىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىقلىقى بىلەن مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى.

ئەگەر بۇ شېئىردا پەقەت بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئانا بىلەن بوۋاقنىڭ ھېسسىياتىلا ئىپادىلەنگەن بولسا، ئۇ ھالدا بۇنچىۋالا ماختاش خۇشامەتكە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. بىزنىڭ دىققىتىمىزنىڭ مەركىزى شېئىرنىڭ تاشقى پوستىدا ئەمەس، بەلكى ئىچكى مەنىسىدە. بۇ شېئىردا باققۇچى بىلەن بېقىلغۇچى، بويسۇنغۇچى بىلەن بويسۇندۇرغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ھېسسىياتىدىكى ئوخشىماسلىق، ھەتتا قارىمۇ قارشىلىق توغرىدىن توغرا ئەمەس، بەلكى جانلىق شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. تەپەككۇر قىلىشقا ئېرىنمەيدىغان كىتابخان بۇ شېئىردىن ئۆزى كۈتكەن نەرسىگە تولۇق ئېرىشەلەيدۇ.

بەزى قەلەمكەشلىرىمىز ئۆز شېئىرلىرىدا خاھىشنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قانداق ئىدىيىنى ئالغا سۈرمەكچى بولغانلىقىنى بىلىشكە ئەقىل كەتمەيدۇ. يۇقىرىقى شېئىردا شائىر كىتابخانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ھوقۇقىنى مونوپول قىلىۋالمىغان. بىز شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا قانداق خاھىشنى ئىپادىلىگەنلىكىنى دەررۇ بايقىيالمايمىز.

بىزدە شېئىرىي تىل توغرىسىدىكى چۈشەنچە بىردەك ئەمەس. بەزى ئىزدەنگۈچىلەر ئۇيغۇر تىلىنى گېزىت - ژۇرناللاردىكى تىل، يەنى ئادەتتىكى تىل، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىل دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تىلنى پروزا تىلى، پوئېزىيە تىلى دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئادەتتىكى سۆزلەرنى شېئىر ئىجادىيىتىدە ئىستېمال قىلغىلى بولمايدىكەن. مېنىڭچە، خىش زاۋۇتىدا قۇرۇلۇشقا يارىمايدىغان خىش يوق. شېئىرىيەت پسىخولوگىيىسى شائىرلىرىمىزنى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىكى خالىغان سۆزگە مۇراجىئەت قىلىشقا، خالىغان سۆزنى خام ماتېرىيال قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شېئىرىيەت پسىخولوگىيىسى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنى شېئىرىي پىكىرگە ئىگە بولغان سۆزلەر ۋە شېئىرىي پىكىرگە ئىگە بولمىغان سۆزلەر دەپ ئىككى بۆلەككە ئايرىمايدۇ.

دەبدەبىلىك، ھەشەمەتلىك، يالتىراق سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرىۋالغان بەزى قەلەمكەشلەر ھەرقانداق سۆزدە بىر خىل شېئىرىي گۈزەللىكنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. بۇمۇ شېئىرىي تەربىيىلىنىشنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنى گۈزەل، خۇنۈك، تەملىك، تەمسىز دېگەندەك كاتېگورىيىلەرگە ئايرىش تولىمۇ نامۇۋاپىق. بەزى سۆزلەرگە نېمە ئۈچۈن تەمسىز، خۇنۈك، جىلۋىسىز دېگەندەك بەتناملار چاپلىنىپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبچىسى يەنىلا ماھارەتسىز قەلەمكەشلەر ئەمەسمۇ؟ بەدىئىي ماھارىتى تۆۋەن شائىرلار ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈپ مۇۋاپىق ئىشلىتەلمىگەن سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەمىنى، جىلۋىسىنى، گۈزەللىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

سىز بەلكىم، «لاڭقا»، «ماڭقا»، «تەپكەك»، «مۆڭگەك»، «مايماق»، «قىڭغىر» دېگەن سۆزلەردىمۇ ئىچكى گۈزەللىك بارمۇ؟ ئۇلارمۇ شېئىرىي پىكىرگە ئىگىمۇ؟ بۇ سۆزلەرنىمۇ شېئىرىي تىل دېگىلى بولامدۇ؟ دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، تاشقى پوستى

ھۆنۈك كۆرۈنگەن مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ئىچىگىمۇ ئاجايىپ شېئىرىي گۈزەللىك يوشۇرۇنغان، قاراڭ،

بىرى تەپكەك، بىرى مۆڭگەك، ئەيىبىنىڭ ئۈستىگە ماڭقا،
قىڭىر قۇيرۇق، سىڭا سۆڭگەچ، پۇتى مايماق، بويى لاڭقا.

ناچار ئاتنىڭ پورترېتىنى سىزىشتا ھەر قانداق سۈپەت سۆزلىرى بۇ مىسرالاردىكى سۆزلەرنىڭ رولىنى ئوينىيالمايدۇ.

«ياپىر» دېگەن سۆزنى كۆپلىگەن شائىرلىرىمىز ئىستېمال قىلىشنىڭ ئورنىغا چەتكە قېقىپ كەلمەكتە.

جاھانىمۇ كەڭ ئىكەن، ياپىر! پايانىغا قاراپ قالدىم.

قاراڭ، بۇ مىسرادا «ياپىر» دېگەن سۆز ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە ئۆزىدىن باشقا ئالتە سۆزدىن ئارتۇق رول ئوينىغان. بۇ مىسرانىڭ مەزمۇن ئېغىرلىق مەركىزى «ياپىر» دېگەن سۆزگە چۈشكەن. ھېسسىيات نۇقتىسىمۇ «ياپىر» دېگەن سۆزدە. بۇنداق مىساللارنى يەنە كەلتۈرۈش مۇمكىن. شائىرلىرىمىزغا خەلق تىلىنى ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى دەل مۇشۇ نۇقتىدا. شائىرلىق ماھارەت گۈزەل ئاتالغان سۆزلەرنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرسىتىشتىلا ئەمەس، بەلكى ھۆنۈك ئاتالغان سۆزلەرنىڭ ئىچكى گۈزەللىكىنى ئاشكارىلاشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

بىزدە قەلەمكەشلەرنى ئىجادىيەت تارىخىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا، يازغانلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپلا «پېشقەدەم شائىر»، «تالانتلىق شائىر»، «ياش شائىر»، «ئۈمىدلىك شائىر» دەپ ئاتايدىغان يامان ئادەت بار. بۇنداق سۈپەتلەر ئۆز ھەقداسىنى تاپسا شائىرىمۇ، كىتابخانىمۇ كۆڭلى ئىمىن تاپىدۇ. مېنىڭچە، شائىرغا ئەڭ مۇۋاپىق خاس سۈپەت ئاتا قىلىدىغىنى ياشقا، ستاژغا بېقىنمايدىغان شائىرانە ئىستېداد ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە جارى قىلىنغان بەدىئىي ماھارەتتىن ئىبارەت.

مەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 6 - سانىدىن نامى كۆزگە ناھايىتى كەم چېلىقىدىغان بىر ئاپتورنىڭ «مېۋە» ناملىق قىسقا شېئىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇدۇم:

بولغاچقىلا سەندەلۇ بازغان،
ئارىسىدىن قىلىچ يارالغان.

بۇ چايناپ بەرگەن ناننى يېيىشنى خالىمايدىغان كىتابخانلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان نادىر شېئىردۇر. ئەگەر ئاپتور قىلىچنى بازغان بىلەن سەندەلنىڭ ئارىسىدىن يارالغان دېمەي، بەلكى تۆمۈرچى ياسىغان دېگەن بولسا، ئۇنىڭ يازغىنى ئادەتتىكى گەپكىلا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. سەندەل، بازغان، قىلىچ ئوتتۇرىسىدىكى ھەممە كىشىگە تونۇش بولغان سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتىن كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالىدىغان شېئىرىي پىكىرنى سۈزۈپ ئېلىش بەدىئىي دىت تەلەپ قىلىدۇ. شېئىرىي گۈزەللىك بەرق ئۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ نادىر سىياسىي لىرىكىنى ئوقۇپ بولۇپ قەلبىمدە ئاپتورغا نىسبەتەن ھۆرمەت ۋە ئۈمىد تۇغۇلدى.

ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ ئېشىشى ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شائىرنىڭ شائىرلىق تېخنىكىسىنىڭ ئېشىشى شائىرنىڭ دۇنياغا بولغان تونۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى خەلقنىڭ ئۆز شائىرىنى تونۇش ئىقتىدارىنىمۇ ئۈستۈرىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلارنى ئوقۇغان كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە «شېئىرىيەتتە بىر يوشۇرۇن سىر بار ئوخشايدۇ» دېگەن تۇيغۇ پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ماھارەتلىك شائىر ئالدىدا شېئىرىيەتنىڭ ھەرقانداق سىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ماھارەتسىز قەلەمكەشلەر ئالدىدا شېئىرىيەتنىڭ سىرى قاتمۇقات.

ئاتاقلىق رۇس شائىرى ۋە شېئىرىيەت نەزەرىيىچىسى م. ئىساكوۋسكى شېئىرىيەت ماھىرلىقى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىۋېتىپ، شائىرلىقنىڭ نوپۇزى ۋە شېئىرىيەتنىڭ سۈپىتىنى، ئابرويىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر قىسىم ھەۋەسكارلارغا قەلەمنى تاشلاش ھەققىدە سەممىي مەسلىھەت بەرگەنىدى. مەن بۇ مەسلىھەتنى ئورۇنلۇق ھېسابلايمەن. گەرچە يۇقىرىلارنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكى دەخلىسىز بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ساۋاتى بار ھەممىلا كىشىنىڭ شائىر بولۇشىنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق.

شېئىرىيەت قىزغىنلىقى، شائىرلىق ئىشتىياقى ھەركىمگە سالسا كېرەك. يېقىندا بىر دوستۇمنىڭ ئۆزى ئوقۇغان فىزىكا ئىلمىدىن كۆڭلى سوۋۇپ، شېئىرىيەتكە مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭۈل ئاسمىنىمنى ھەيرانلىق بۇلۇتلىرى قاپلىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ دوستۇم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئۆزىنىڭ تالانتىنى، قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرغانىدى. يەنى مەھەللىسىدىكى كونا تۈگمەننىڭ كولىسىغا كىچىك تېپتىكى بىر ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى قۇرۇپ، ئەتراپتىكى 30 دىن ئارتۇق ئائىلىنى كىرسىن چىراغنىڭ قاڭسىق پۇراقلىرىدىن ۋە ئىسلىرىدىن قۇتقۇزغانىدى. ئۇ ئەمدى شائىرلىق قىلىۋېتىپتۇ. دوستۇمغا ئوخشاش قەلەمكەشلەرنىڭ شېئىرلىرىغا كۆتۈپخانىلارنىڭ پىكىر دەپتەرلىرىگە ناھايىتى لىللا ۋە ئۆتكۈر باھالار يېزىلغان. دوستۇمنىڭ قەلبىدىن چىقىدىغان مەنىۋى نۇر باشقىلارنىڭ قەلبىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قەلبىنى يورىتىشقىمۇ يەتمىگەندەك قىلىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشتە ھەممە پەنلەرنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىگە خاس رولى ۋە ئەھمىيىتى بار. شېئىرىيەتكە بولغان مۇنداق ھېرىسمەنلىك، شائىرلىققا بولغان مۇنداق ئىشتىياق شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئابرويىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنى مەملىكەت سەۋىيىسىدىن ھالقىتىپ، دۇنيا سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈشتە ئانچە ئىجابىي رول ئوينىيالمايدۇ.

شېئىرىيەت ئىنسانشۇناسلىق توغرىسىدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن پەن. ئىنساننى مەقسەت قىلمىغان ھەرقانداق شېئىرىيەت تارىخنى داۋاملاشتۇرۇشقا قادىر ئەمەس. ئەدىب بېلىنسكى مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق ئۇلۇغ شائىردىكى ئۇلۇغۋارلىق شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ سائادىتى ياكى ھەسرىتى جەمئىيەت بىلەن تارىخنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يىلتىز يايغان بولىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ، زاماننىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ سەزگۈ ئەزاسى، شۇنىڭدەك ۋەكىلىدىن ئىبارەت.»

بۈگۈنكى مەدەنىي دۇنيادىكى ئىنسانىيەتنىڭ سەزگۈ ئەزاسى، ۋەكىلى بولۇش ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق زاماندىكى ئىنسانىيەتنىڭ سەزگۈ ئەزاسى، ۋەكىلى بولۇشتىن قىيىن. ئەمما تولىمۇ شەرەپلىك. بۇ شەرەپكە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى ئۆزىگە خاس شېئىرىي ماھارەتنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## كىتابخانلاردىن خەت

# بىزگە مۇشۇنداق ئەسەرلەر كېرەك

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 6 - سانىنىڭ «تەرمە گۈللەر» سەھىپىسىگە ساۋاقداش رۇقىيە تۇردۇشنىڭ «مەن دۆت ئەمەس» دېگەن ھېكايىسى بىلەن قادىر تۇردىنىڭ «يەتتە ئەزا سۆزلەشتى» دېگەن مەسىلى بېسىلدى. بۇ ئەسەرلەر روشەن ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بىلەن بىز ياش ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

«مەن دۆت ئەمەس» دېگەن ھېكايىدا «مەن» دادىسى، ئاچىسى ۋە ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن تۇغما دۆت دەپ قاتتىق ھاقارەتلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىمۇ مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا دۆت دەپ قاراپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياشايدۇ. مەكتەپتە ئوقۇشتىن رايى قايتىدۇ، دۆتلۈكى ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپلا يۈرىدۇ. ئاخىرى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سەمىمىي تەربىيىسى ۋە تاغىسىنىڭ توغرا مۇئامىلە قىلىشى، كۆيۈنۈشى نەتىجىسىدە ئىدىيە، ئۆگىنىش جەھەتلەردە زور بۇرۇلۇش ياسايدۇ، تېز ئىلگىرىلەيدۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرى ئىچىدە «زېھنى ئۆتكۈر» دېگەن ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ. دېمەك، ئادەمنى دۆتلەشتۈرىدىغان نەرسە روھىي بېسىم، تىل - ھاقارەت، ئۈمىدسىزلىك، روھىي چۈشكۈنلۈك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئىنسان ئەسلىدە دۆت ئەمەس. دۆت تۇغۇلىدىغان ئىشمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ھېكايىدىكى «مەن» ئەقىل ئىشلىتىشكە ماھىر بولغان، تىرىشىپ ئۆگەنگەن، شەيئىلەرگە توغرا باھا بەرگەن بولسا، مۇنداق ھاقارەتكە قالمىغان بولاتتى.

ھازىرمۇ جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى، ئوقۇغۇچىلىرىنى قارىسىغىلا «دۆت»، «كالۋا» دەپ ھاقارەتلەيدىغان ھادىسىلەر مەۋجۇت. ئاتا - ئانىلارنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بەزىلىرى باللارنى تەربىيىلەشكە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ھەدېسىلا ئەيىبلەيدۇ. دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان شەيئى يوق. ياخشى مۇھىت، ئۈنۈملۈك تەربىيە ئادەمنىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانىنىمۇ ئۆزگەرتەلەيدۇ. ھېكايىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، ئىت يىلى بېشىدا تۇغۇلغان بالا دۆت بولىدۇ، تۇغما دۆت دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ھېچقانداق ئاساسىي يوق. بۇ پەرزەنتلەرگە قىلىنغان ئوچۇق ھاقارەت. ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئۇرۇش - تىللاش، ھاقارەتلەش گۇناھ. ياش - ئۆسمۈرلەر كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى. ئۇلارنى ئىلمىي تەربىيىلەش،

يارامlىق ئادەم قىلىش، ئۇلارغا كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق قىلىش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ئاتا-ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. گوركىي: «بالىنى ياخشى كۆرۈش — بۇ مېكىيانمۇ بىلىدىغان ئىش. لېكىن بالىلارغا تەربىيە بېرىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىدار ۋە تۇرمۇش بىلىمى بولۇشى كېرەك» دېگەندى. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ ھېكايىنىڭ تېمىسى ئاكتۇئال، خاھىشى ساغلام بولۇپ، ئەھمىيەتسىز دېتاللارغا ئورۇن بېرىلمىگەن. ئىخچام تىل بىلەن كەڭ مەنە ئىپادىلەنگەن. ھېكايىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق. شۇڭا ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچى، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان.

يولداش قادىر تۇردىنىڭ «يەتتە ئەزا سۆزلەشتى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ چوڭقۇر مەنىلىك شېئىرىي پىكىرلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنىڭ، بىرلىكنىڭ تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرىتى ئىپادىلەنگەن. ئادەم ئۈچۈن يەتتە ئەزا ئىنتايىن مۇھىم. ماشىنا ئۈچۈن ھەر خىل زاپچاس-سايمانلارنىڭ ماسلىشىشى زۆرۈر. ئادەمدىكى ئەزالار ئۆزئارا ماسلاشمىغاندا، ئۆز رولىنى جارى قىلالمايدۇ. ھەر بىر ئەزانىڭ ۋەزىپىسى، مەجبۇرىيىتى بار. مۇئەييەن مەزمۇن مۇئەييەن شەكىل ئارقىلىق يورۇتۇلىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەردە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەسىلىنى مەسەلدىن ئىبارەت ئەدەبىي شەكىلدىن پايدىلىنىپ، بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن. زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم ياشلار ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالماقتا. «يەتتە ئەزا سۆزلەشتى» دېگەن ئەسەر بۇ جەھەتتە بىزگە جانلىق تەربىيە بەردى. بىز ياشلار تىرىشىپ سىياسىي ئاڭ سەۋىيەمىزنى، ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەپ، تەشكىل ۋە خەلق تاپشۇرغان شەرەپلىك ۋەزىپىمىزنى تەلەپكە لايىق ئورۇندىشىمىز لازىم. ھەر بىر ئەزانىڭ ۋەزىپىسى، رولى بولغىنىدەك ھەر بىر ئادەمنىڭمۇ ۋەزىپىسى، بۇرچى بولىدۇ. ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئوخشاش ئادا قىلغاندا ئىشلار يورىشىدۇ. روناق تاپىدۇ. يېڭى دەۋرىمىزدىكى تۇرمۇش تولىمۇ كۆركەم ۋە سالتەنەتلىك. مەن بالىلار يازغۇچىلىرىنىڭ، جۈملىدىن رۇقىيە تۇردۇشقا ئوخشاش ھەۋەسكار ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ھەر خىل ئەدەبىي شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى توغرا ۋە تېز ئەكس ئەتتۈرۈشىنى، «تارىم» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىر تاغىلارنىڭمۇ «تەرمە گۈللەر» سەھىپىسىگە مۇشۇنداق ياخشى ئەسەرلەرنى داۋاملىق تاللاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

خوتۇنسۇمبۇل ناھىيىسىدىن: ئەنۋەرجان تۇردى (ئوقۇغۇچى)

### «خەير، ياشلىقىم» توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

شائىر تاھىر تالىپنىڭ «خەير، ياشلىقىم» ناملىق شېئىرلار توپلىمى يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

شائىر ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتىكى مەۋجۇتلۇقىنى بىۋاستە، چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلىگەن ئادەم. ئادەمنىڭ قىممىتى قايسى تەرەپلەردە

ئىپادىلىنىدۇ؟ ئادەم ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈشى كېرەك؟ مانا بۇ سوئاللار شائىرنىڭ يۈرىكىنى تىنىمسىز تاتىلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈمىد شامىنى گاھ ئۆچۈرۈپ، گاھ ياندۇرىدۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە مۇرەككەپ، سىرلىق، يېمىرىلمەس بىر ئەقىدىنى تىكلەيدۇ. شائىر بۇ ئەقىدىسىنى ھەرقانداق ماكان-زاماندا ئېسىدە مەھكەم ساقلايدۇ. شائىر تاھىر تالىپنىڭ 30 نەچچە يىللىق قان-تەرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن «خەير، ياشلىقىم» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا ئادەمنىڭ قىممىتى مەسىلىسى يۈرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئادەم — ئىنتايىن مۇرەككەپ شەيئى. ئادەم پىسخىكىلىق ئامىللارنىڭ پەۋقۇلئاددە كۈچ-قۇدرىتى، خاسىيىتى ئارقىلىق باشقا بارلىق جانلىقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە چەكسىز سىرلىق تەبىئەت دۇنياسىدىن ھەم ئۆزىنىڭ ئۆزى بىلىپ بولالمىغان روھىيەت دۇنياسىدىن ئۆز-ئۆزىنى ئىزدەپ بېرىش جەريانىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دەرۋەقە، كىشىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەم ئۈمىدلىك ھەم ئۈمىدسىز دولقۇنلىرىدا تۈپ مەۋقەدە، يەنى ياشاشتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئىستەكنىڭ يولىدا ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىسىمۇ، لېكىن ئۆزىدە ئىنسانىي قىممەتنىڭ يارقىن شولىسىنىڭ قانچىلىك چاقناۋاتقانلىقىنى ئاسانلىقچە ھېس قىلالمايدۇ. شائىر ئىنسانىي خىسلەتنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى، كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى قوغداشنىڭ، يۈكسەك ئادىمىيلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ، كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى تىكلەش ھەم قوغداشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئادەم زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟» دېگەن سوئال بەلگىسىنى كىتابخانلارنىڭ ئالدىغا ناھايىتى كۆپ ئاتىدۇ. بۇ ھال شائىر تاھىر تالىپنىڭ «چۈنكى مەن ئادەم» ناملىق شېئىرىدا ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھەر ئادەم ئۆزىدە جەسۇر بىر ئىرادىنىڭ بىخلىنىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا «تارىم» ژۇرنىلى «تەرمە گۈللەر» سەھىپىسىگە تۇنجى قېتىم مۇشۇ شېئىرنى تاللىغانىدى.

شائىرغا جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتى كۆپرەك مەركەزلىشىدۇ. شائىرنىڭ دىققىتى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرگە ھەم كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ سىرلىق يوللىرىغا، ئانا تەبىئەتنىڭ كۆركەم باغرىغا مەركەزلىشىدۇ.

ۋەتەن — ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەڭ مۇقەددەس چۈشەنچە. بۇ چۈشەنچىنىڭ ئاستىغا سانسىزلىغان ئۈمىدلىك يۈرەكلەر كۆمۈلگەن. ھەرقانداق ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا تەبىئىي ھالدا ماكان بىلەن زاماننىڭ بىرلىك رامكىسى ئىچىگە مەھكۇم بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ روھىيەت دۇنياسى ماكان بوشلۇقى ئىچىگە ستىخىيىلىك ھالدا سىڭىپ كىرىدۇ. شائىر تاھىر تالىپنىڭ بۇ شېئىرلار توپلىمىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىرقەدەر يۇقىرى دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەممە ئادەم بىر گۈلنى پۇرىسا، ئۇنىڭدىن ئوخشاش لەززەت ئالالمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئىقتىدارى پەرقلىق بولىدۇ. سەھنىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئوينىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇسسۇلنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە

ئوينىيالىشى ناتايىن. سەزگۈر تاماشىبىن باھالايدۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە ھەقىقىي ئۇسسۇلچىغا بولغان ھۆرمەت ئۆزىدىمۇ سەزمىگەن ھالدا تىكلىنىدۇ.

ۋەتەنگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان شائىرلارنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئۇن-ئۇدۇلۇك ئىپادىلەپ بېرىشى ناتايىن. شائىر تاھىر تالىپ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئۆزىگە خاس ۋاستىلەر بىلەن، «ئۆزىنىڭ تىلى» بىلەن بىرقەدەر مۇكەممەل ئىپادىلەپ بېرەلىدى. ئىپادىلەپ بەرگەندىمۇ «ۋەتەن» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە خېلى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بېرەلىدى. شائىر ۋەتەننىڭ ھەر بىر گىياھىنى گويا ئۆز تېنىنىڭ بىر ئەزاسىدەك بىلىدى.

شېئىر كونكرېت، ئىنچىكە ھالەتنى ئىپادىلىگەن بولۇشى لازىم. لېكىن بەزى ئاپتورلار ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئەقلىي خۇلاسە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئامراق. يەنە كېلىپ بىر قازان ئوماچقا كىچىككىنە بىر قوشۇق ياغ سالغاندەك بۇنداق ئەقلىي خۇلاسىلەرگە بەزى ئوخشىتىشلارنى قىستۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە شېئىر ئابستراكت ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنداق شېئىرلاردا قۇرۇلما دېگەننىڭ كۆلەڭگىسىمۇ بولمايدۇ. شائىر تاھىر تالىپنىڭ شېئىرلىرى بۇنداق ئاجىزلىقتىن خالىي.

شائىرنىڭ قەلبى — مۇھەببەتنىڭ پېچى. ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، مۇھەببەت تېمىسىدا شېئىر يازمىغان شائىر تېپىلمىسا كېرەك. مەلۇمكى مۇھەببەت — ئىنسان ھاياتىنىڭ تۈۋرۈكى. دۇنيا مۇھەببەت بىلەن يارىتىلغان، مۇھەببەت بىلەن تەرەققىي قىلغان. شائىر تاھىر تالىپ رېئاللىقتىكى باشقا شەيئىلەرگە بولغان مۇھەببەتتىن ئادەملەرگە بولغان مۇھەببەتنى يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. توپلامدىكى «چىراغ، ئالما ۋە ساھىبجامال» ناملىق شېئىر بۇنىڭ ئەڭ جانلىق مىسالى.

شائىر تاھىر تالىپ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئۆز تىلى بىلەن يېزىپ چىققان. بەزى شائىرلىرىمىز باشقا شائىرلاردىن شېئىرنىي مەزمۇن ۋە تېمىلارنى «ئارىيەت» ئېلىپ شېئىر يېزىشقا خۇشتار. يىغىنچاقلىغاندا، شائىر تاھىر تالىپنىڭ بۇ شېئىرلار توپلىمىدىكى شېئىرلار ئاساسىي جەھەتتىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان شېئىرلار. شائىر مەزمۇنى يېڭى شېئىرلارنى كۆپ يازغان. لېكىن شەكىل جەھەتتە ئوخشاش قېلىپتا يازغان شېئىرلىرىمۇ خېلى بار. گەرچە شەكىل مەزمۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە مەزمۇنغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز ناھايىتى مول شېئىر شەكىللىرىگە ئىگە. شائىر يېڭى مەزمۇننى يېڭى شەكىل بىلەن ئىپادىلىشى كېرەك. قىسقىسى، شائىر «خەير، ياشلىقىم» نى ئىجاد قىلمىدى، بەلكى «خەير، ياشلىقىم» شائىرنى ئىجاد قىلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئابدۇكېرىم ناسىر

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

شايىم شاۋايېۋ

# ئېيىق بالىسى

(ھېكايە)

شايىم شاۋايېۋ 1938 - يىلى ئالمۇتا ئوبلاستى ئۇيغۇر رايونىنىڭ تۈگمەن يېزىسىدا تۇغۇلغان. سەنئەت ئىنستىتۇتىنى تۈگىتىپ جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىدا كەسپىي رېژىسسور بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ «ئىمزاسىز خەتلەر»، «ئانار گۈلى»، «چىمەن دوپپا»، «يوقالغان قەلەم»، «سېنى ئىزدەيمەن» ناملىق پوۋېستلار ۋە ھېكايىلار توپلىمى نەشىر قىلىنغان. «سېنىڭ قارا كۆزلىرىڭ»، «ئاكام ئۆيلىنىدۇ»، «بىلال نازىم» ناملىق دراممىلىرى قويۇلغان. ئۇ، 1973 - يىلدىن باشلاپ كەسپىي يازغۇچى. س س س ر يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى. ھازىر قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىدا ئىشلەيدۇ.

دەم ئېلىش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىشى مېنى بىردىنلا چەكسىز مۇڭكىنچىلىك بىلەن تەمىن ئەتتى. كۆزۈمنى يۇمۇپ، خۇددى دېڭىز دولقۇنىنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. بالتىق دېڭىزىمۇ ياكى قارا دېڭىزمۇ، ئىسسىق كۆلمۇ ياكى ئارالمۇ، ئۇلارنىڭ پەرقى نېمە؟ بىلىيارت ئۈستىلىنىڭ كۆك سوكناسىنى، ئاندىن پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان شارلارنىڭ شاراقلىغان ئاۋازىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلدىم، كاۋاپنىڭ ئىسى ۋە لەززەتلىك ھىدى دېمىقىمنى غىدىقلىغاندەك بولدى. س س س رنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىگە بېرىش ئەركىگە ئىگە ئىكەنمەن، شىمالىي قۇتۇپ مۇزلىرىدا مۇزلاپ، قارا قۇمنىڭ پىژ-پىژ ئاپتىپىدا تاپىنىمنى كۆيدۈرۈش ئىختىيارىممۇ ئۆزۈمدە بولۇشى كېرەك. بوش ۋاقتىمنى ئۆز خاھىشىم بويىچە ئۆتكۈزۈش ئەركىنلىكىم بارغۇ! لېكىن مەن بۇ نۆۋەت ساناتورىيە، دەم ئېلىش ئۆيلىرى، دېڭىز قىرغىقى ۋە ئاجايىپ مېھمانخانىلارنى ئىككىنچى پىلانغا سۈرۈپ تاشلىدىم، تۇغۇلغان يېزام مەيلىمنى تارتماقتا ئىدى.

«دەرھال قايت! بەلكىم، بالىلىق چېغىڭنىڭ ئاخىرقى ئىزلىرىنى كۆك چىمەنزارلىقلاردىن ئۇچرىتىپ قالارسەن. ئۆزگىرىپ، گۈزەللىشىپ كەتكىنىمنى تاماشا قىل! بەلكىم، تۇنجى سۆيگەن قىزىڭنىڭ كۈمۈش

قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازى يۈرەك تارىڭنى چېرتىپ ئۆتەر؛ بەلكىم، باللىق كۆڭلىرىڭنىڭ ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلگەن پۇراقلىرىنى يەنە بىر مەرتىۋە خاتىرەڭگە ئالارسەن ... چاپسان كەل، سېنى كۈتىمەن!» دېگەندەك بولاتتى سۆيۈملۈك يېزام.

ئاخىرى يولغا چىقتىم. دېمىسىمۇ ئاكامنىڭ يېرىلىپ كەتكەن ئالقانلىرىنى، ئاپامنىڭ مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى، دوستلۇرۇمنىڭ شاد - خۇرام چاقچاقلىرىنى سېغىنغانىدىم ...

هويلىغىلا داستىخان سېلىنىدى، ئەتكەن چاي ئىچىپ ئولتۇردۇق. يېنىمدىكى بىر ئېرىق سۇ ئۈنچە - مارجان چاچرىتىپ، شىلدىرلاپ ئاقماقتا، ئەتراپىمدىكى ھەرخىل سادا، ھەتتا پاشلارنىڭ غىڭشىپ ئۇچقان ئاۋازىغىچە مېنى قىزىقتۇرماقتا. يېقىنلا يەردىن بىر قۇشنىڭ چىرقىراق ئۈنى ئاڭلىنىپ قالدى. تۈندە ۋارقىرىغان قانداق قۇش بۇ دەپ ئويلىنىپ، ئۆز - ئۆزۈمدىن سورىغان بولدۇم.

— نېمىلا بولسۇن، ئۆز ئۆيۈڭدە، — دېدىم خوزسىنىپ.

— ئۆز ئۆي دېگەن، سەن يېتىپ چوڭ بولغان بۆشۈك، — دېدى ئاپام، — چارچاپ قالدىڭمۇ نېمە؟

— مەن ئانچە ئىشلەپ چارچايدىغانلاردىن ئەمەس...

— ئەمىسە نېمىدىن؟ — دېدى ئاكام تەئەججۈپلىنىپ.

بۇ يىللار داۋامىدا، ئۇلار مېنىڭ غېمىمنى تولا يەپ، قورقۇپ يۈرگەن بولسىمۇ يۈرگەندۇر. «تېخى ياش ئەمەسمۇ، ھوشىنى يوقىتىپ قويسا - ھە»، دېيىشكەن بولسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

— ھەممە ئىش قانائەتلەنمەسلىكتىن، — دېدىم مەن، — نېمىدۇر بىر چوڭراق نەرسىنى خالايدىغۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى!

ئاكام ئۈنچىقمىدى. ئارىدا ئېيتىلمىغان بىر سىر قالغاندەك ئىدى. شۇ ئەسنادا ئاكامنىڭ ئوغلى كىرىپ كەلدى. ئۇ مەيدىسىنىڭ ئېچىلىپ قالغىنىغا قارىماي، بېشىغا قۇلاقچا كىيىۋاپتۇ.

— ھەي، ئېيىق باللىغىلا ئوخشاپسەنغۇ، بېرى كەلگىنە، — دەپ تۇۋۇلىدىم. ئۇ قولىنى ئاغزىغا سېلىپ، ئۇسۇۋېتىدىغاندەك ھۈرپىيىپ قاراپ قالدى. ياتسىرىغان بولسا كېرەك، دېدىم ئىچىمدە.

... — يايلاققا چىقىپ بىرنەچچە كۈن ئويناپ كەل، — دېدى ئاپام ماڭا قاراپ، — ھازىر يايلاق دەل جەننەتنىڭ ئۆزى، نېمە دېسەڭ تېپىلىدۇ!

— شۇنداق، — دېدى ئاكام موتىسكلىتنىڭ بىر يېرىنى شىرىقلىتىپ، — ئۇۋ ئۇۋلايمەن دېسەڭ، ئۆيدە تەييار مىلتىق بار...

ئەتىسى ئەتىگەندە مىلتىقنى مۈرەمگە ئاستىمدە، تونۇش قويچى ئاغىنەم تۇرىدىغان تاغ تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتىم.

تەڭرى تاغلىرى قالتىس ئېگىز ئىدى،

ئۇنىڭ بىگىزدەك ئۇچلۇق چوققىلىرى، قورقۇنچلۇق، بىراق گۈزەل كەلگەن غار-ئۆڭكۈرلىرى، بۆككىدە قېلىن قارىغايلىقلىرى ئادەمنى ئۆزىگە ئاجايىپ مەپتۇن قىلاتتى. ساي بويىدىكى يالغۇز ئاياغ چىغىر يولنى بولۇق ئۆسكەن چۆپلەر زىرىق، دولانا، ئارچا چاكاندىلىرى توسۇپ ئاپتۇ، بالا چاغلىرىمىزدا قويچى ئاغىنەم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئېشەك ئۈستىگە بىرمۇنچە قۇرۇق قارىغاي ئوتۇنلىرىنى ئارتىپ، مۇشۇ يولدىن تۇشۇپ كېلىدىغانلىقىمىز ئېسىمگە چۈشتى. ھەتتا يول ئۈستىدىكى ھەر بىر تاش، ياۋا ئۆرۈك دەرىخى، ئەگىپ ئۆتىدىغان دوقمۇشلارغىچە كۆز ئالدىمغا پەيدا بولدى. ئۆرۈكنىڭ تاتلىق مېغىزىنى دېمەمسەن، ئوتۇن ئېلىپ قايتقىچە قويىنىمىزنى لىق تولدۇرۇۋېلىپ، مەھەللىگە يەتكۈچە ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسىنى چېقىپ يەپ بارغانلىرىمىز...

— مەن ئۆرۈكنىڭ ئالا غورىسىدىن ئىككى-ئۈچ تال ئېلىپ ئاغزىمغا سالدىم. ئۇنىڭ شۇ بۇرۇنقى ماڭا تونۇش تەمى ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. كۈن ئىسسىق بولغىنى بىلەن تاغ ئىچى خېلىلا سالقىن ئىدى، مەن تاغنى تىڭشىغان پېتى ئالدىرىماي ماڭدىم. قەيەردىندۇر كاككۇكنىڭ ئەلەملىك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئالىقانات سېغىزخان پالاقلاپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

مەن ناھايىتى تىك كەلگەن «ئاق قارىغاي» داۋىنىدىن ئېشىپ «ئەپەل» يايلىقىغا چىقتىم. قىزىل، يېشىل، سېرىق ئېچىلىپ يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان يايلاق گۈللىرى كۆزۈمنى ئالاڭ-بۇلاڭ قىلىۋەتتى. چەكسىز تۈز كەتكەن يايلاق مەنزىرىسى، قويچىلارنىڭ قاتار كەتكەن ئۆيلىرى، ئەتراپىدا ئوتلاۋاتقان قوي-قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى، ئىلقا-قۇلانلارنىڭ كىشنەشلىرى، كالا-موزايلارنىڭ مۆرەشلىرى قەلبىمنى لەرزىگە سالدى.

قويچى دوستۇمنىڭ ئاۋۇلىغا كېلەر-كەلمەيلا يۈگلۈك ئىتلار بوغۇق ئاۋازدا ھاۋشۇپ، مېنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىشتى. قارا ئۆيدىن بىرسى چىقىپ، قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلغان ھالدا ماڭا قارىۋالغاندىن كېيىن، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ مەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. بىرلا قاراپ قويچى دوستۇم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ مېنى ئۆيگە باشلىدى، ئايالى ئولتۇرۇشۇم ئۈچۈن يېڭى ئورۇن ھازىرلىدى، ئاندىن ساندۇقىنى ئېچىپ جانان چىنىلەرنى، قىممەت باھالىق كەمپىتلەرنى بىر-بىرلەپ ئېلىشقا باشلىدى.

قويچى دوستۇم مېنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز يېتىپ كەلگەنلىكىمدىن ھەيران قالغان بولسا كېرەك، يېنىشلاپ-يېنىشلاپ قولۇمغا قېقىپ، «قانداق ئەھۋالىڭ!» دەپ تەكرارلايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ خۇشاللىقى مېنىمۇ ھاياجانلاندۇرماقتا ئىدى. ئۆزىمىزنى ئازراق بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار مېنى قىمىزغا تەكلىپ قىلدى، قايماق ۋە باشقا تاتلىقلاردىن يېيىشكە زورلىمىدى. چايدىن كېيىن گۆش ئېلىپ كېلىندى، مەن تاماق يەۋېتىپ:

— بۇ ئەتراپتا ئۇۋلىغۇدەك بىر نەرسە
بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.
— تېپىلىدۇ، — دېدى قويچى دوستۇم، —
بىز تۇرغان قىيادىن چۈشسەڭلا قېلىن
كەتكەن قارىغايلىق. كىشىلەر ئۇ يەردە يىلـ
پىز كۆرۈپتۇ، پەخەس بولۇش كېرەك!
ئەتىسى ئۇۋغا چىقىش ئۈچۈن، سە-
ھەردىلا تۇرۇپ كەتتىم. تەييارلىقىم پۈت-
كەندىن كېيىن ئوڭ تەرەپتىكى سايغا
قاراپ ماڭدىم. ئالدىمدا ئادەم بالىسى
ئاياغ باسمايدىغان تاشلىقلار، قاپقارا ئىگىـ
غازلار، قارىغاي بىلەن قاپلانغان تۆپىلىكـ
لەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىر قىر
ئاشقاندىن كېيىن، كۆڭگەي تەرەپتىكى
قاپتالنىڭ قارىغايزارلىقى ئىچىگە شۇڭغۇ-
دۇم. سەھەر جىمجىتلىقىدا شامال بىلەن
تەۋرىنىۋاتقان قارىغاي شاخلىرىنىڭ ھەيـ
ۋەتلىك ئاۋازى ئاجايىپ سۈرلۈك ئاڭلىنـ
ناتتى. ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان
تاغ قۇشلىرى، بالدۇرلا ئۇيقۇدىن ئويغانـ
غان بولسا كېرەك، بەس - بەستە نەغمە-
ناۋا قىلىۋاتقان سازەندىلەردەك چۇرۇقلاشـ
ماقتا ئىدى.

بىرەر سائەت مېڭىپ ھارغاندەك بولـ
دۇم، تەرلەپ كەتتىم، تىنالماي ھاسىراپ
قالدىم، قارىسام ئۆزۈم مۆلچەر قىلغان خادا
تاشنىڭ تېگىگىلا كېلىپ قاپتىمەن. بىر
ئۈچلۈق تاشنىڭ كەينىنى ئەپلىكرەك
دەپ پەرەز قىلدىم - دە، شۇنىڭ ئارقىسىغىلا
يوشۇرۇندۇم. مۇشۇ تاپتا مەن رەسمىي
ئوۋچىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاپ قالغانىدىم.
ھېچ نەرسىنىڭ تىۋىشى يوق، پۈشۈلداپ،
تىنىشلىرىمنى پۈتۈن تاغ ئاڭلاۋاتقاندەك
ھېس قىلدىم، قارىغاينىڭ ئەڭ ئېگىز شاخـ
لىرىدا! تاۋلىنىۋاتقان زەڭگەر نۇردىن،
تاڭ ئاتقانلىقى مەلۇم بولدى. ئەتراـ
پىمدا ھەر خىل سادالار كۆپىيىپ قالدى.
مەن يەنە بىر ھازا ئولتۇردۇم، لېكىن مەن
كۈتكەن تاغ تېكىلىرىنىڭ ئۆزى تۇگۇل سايىـ
سىمۇ كۆرۈنمەيتتى. كۈننىڭ نۇرى مەن
ئولتۇرغان يەرگىمۇ يېتىپ كەلدى، ئارـ
تۇق كۈتۈش پايدىسىز ئىكەنلىكىنى
بىلىپ ئاۋۇلغا قايتماقچى بولدۇم، قارىغايـ
لىقتىن تۆۋەنلەۋاتقان چېغىمدا بۇلاق سۈيىـ
نىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى.

ئىككى قىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئادەم بويىـ
دەك ئېگىز ئۆسكەن بۆلجۈرگەنگە دۈچ كەلدىم.
ئۇنىڭ مېۋىلىرى قىپقىزىل بولۇپ، كۆزۈمـ
گە ياقۇتتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. مىلتىقنى
بىر يانغا قويۇپ، بۆلجۈرگەن مېۋىسىنى
تويغۇچە يېدىم، ئاندىن قويچى دوستۇمـ
نىڭ بالىلىرىغىمۇ ئېلىۋالايچۇ دەپ يىغىشـ
قا كىرىشتىم. شۇ چاغدا، مەندىن ئونبەش
قەدەم نېرىدىراق بىر نەرسىنىڭ شەپىسى
كەلدى. غەلىتە بىر تەشۋىش ئىچىدە قالغانـ
دەك بولدۇم. دەسلىپىدە، بۆلجۈرگەننىڭ
ئىچىگە كىرىۋالغان بىرەر كالا بولسا كېرەك،
دېگەن ئوي بىلەن ئانچە دىققەت قىلىپـ
مۇ كەتمىدىم. لېكىن بۇ شەپە بارغانسېرى
يېقىنلاپ، تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى. «يىلـ
پىز بولۇپ يۈرمىسۇن!» دېدىم ئىچىمدە،
ئارقىدىنلا ئۇ بۇ يەردە نېمە قىلار دەپ ئۆـ
زۈمنى بەزلىدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، شەپە
كەلگەن تەرەپكە قارىدىم، بۆلجۈرگەننىڭ
ئوتتۇرىسىدا تۈرۈۋۈلىپ، پۈتۈن دىققىتى

بىلەن مېۋە تېرىپ يەۋاتقان ئېيىق بالىـ
سىنىڭ پاخماق بېشى بىردىنلا كۆزۈمگە
چۈشتى، قورقۇپ تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى.
ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقا شۇنچە بېرىـ
لىپ كەتكەنكى، مېنى قىلچە بايقىمىدى،
تىكەنلەرگىمۇ پەرۋا قىلمىغان بولسا كېرەك،
ئىككى پۇتى تىزىغىچە قىپقىزىل بو ـ
لۇپ ـ كەتكەنىدى. ئۆزۈمچە زوقۇم كېلىپ،
ئۇنىڭغا بىرپەس قاراپ تۇردۇم. ئۆپچۆ ـ
رىدە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولۇشى مۇمكىن
دېگەن خىيال كۆڭلۈمگە كەلگەندىلا، بەدىنىم
تىكەنلىشىپ، ئورنۇمدىن قوزغىلالماي قالدىم.
مىلتىق مەندىن ئون ـ ئونبەش قەدەم نېرىـ
دا قالغانىدى. نېمىلا قىلىپ بولمىسۇن،
مىلتىقنى قولۇمغا ئېلىۋېلىشىم زۆرۈر ئىدى.
مەن ئاستا ـ ئاستا مىلتىق تەرەپكە سىلجىـ
دىم، ئايىغىمدىكى بىر تال تاش ئورنىدىن
قوزغىلىپ دومىلاپ كەتتى. ئېيىق باـ
لىسى خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش ئىنىـ
چىكە ئاۋازى بىلەن بىرنى چىرقىراپ، ساي
تەرەپكە قاراپ تىكىۋەتتى. مەنمۇ كۈچۈمـ
نىڭ بارىچە مىلتىققا قاراپ ئېتىلدىم. ئۇـ
نى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، بەتلەپ بولۇپلا
ئېيىق بالىسىنى قارىغا ئالدىم، ئېيىق
بالىسى نېمىشقىدۇر قىيپاش دەسسەپ يۈگۈـ
رەپ كېتىپ باراتتى. مەن مىلتىق تەپكىسىنى
باسماي تۇرۇپ، ئەتراپىمغا ئالاقزادە بولـ
غان هالدا خاۋاتىرلىنىپ قاراشقا باشلىدىم،
كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى، ئېيىق
بالىسى شۇ قاچقان پېتى سول تەرەپتىكى
هاك تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. شۇ
تاپتا مەن: ئۇ مېنى، ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان
تەبىئەتكە، هەمراھ بولغان گۈللەرگە، پايانـ
سىز كۆك ئاسمانغا يامانلاپ يىغلاۋاتقاندەـ
مىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئۇزاققىچە ئورنۇمدىن قوزغالماي ئولـ
تۇردۇم، هەر بىر تىنىقىش، ماڭا بالىسىنى
چۆچۈتىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا
كېلىۋاتقان ئېيىقنى، ئۇنىڭ غەزەپكە تولـ
غان دەهشەتلىك ئەلپازىنى كۆرسىتىۋاتىـ
قاندەك بىلىنىپ كەتتى. لېكىن ئېيىق
قايتا كۆرۈنمىدى. مەن پەخەس بولۇپ ئورـ
نۇمدىن تۇردۇم ـ دە، ئوڭ تەرەپتىكى قىر
بىلەن يولغا راۋان بولدۇم. قويچى دوسـ
تۇمنىڭ ئاۋۇلى سول تەرەپتە بولسىمۇ،
ئۇ تەرەپكە قەدەم بېسىشتىن قورقتۇم. ماڭا
يولنىڭ يىراق بولغىنى ياخشى ئىدى،
يىقىن يول بىلەن ماڭغۇم كەلمەيـ
ۋاتاتتى...

تەييارلىغۇچى ئىمىن ئەخمىدى

مەسئۇل مۇهەررىر كامىل تۇزىئون

# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

ئالبېرت موراۋىيا [ئىتالىيە]

## پايلاش

(ھېكايە)

مەن ئوۋ قىلمىغان ياكى ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا بىرلا قېتىم قىلغان، بۇ ھاياتىمدىكى بىرىنچى شۇنداقلا ئاخىرقىسى. ئۇ تېخى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىم ئىدى. بىر كۈنى قانداق بولدى بىلمىدىم، ئۆزۈمنىڭ دادام بىلەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋالغانلىقىمنى بايقىدىم. دادام قولىغا مىلتىق ئېلىۋالغانىدى: بىز يېقىنلا بىر جايدىكى دەرەخ شېخىغا قونۇۋالغان بىر قۇشقا تىكىلىپ تۇراتتۇق. ئۇ قۇشنىڭ كۆل رەڭ ياكى قوڭۇر رەڭ پەيلىرى ۋە ئۇزۇن ياكى قىسقا تۇمشۇقى بارمۇ يوق، تازا ئېنىق يادىمدا قالماپتۇ. بىراق، شۇنىسى يادىمدىكى، مەن ئاشۇ قۇشقا قاراپ تۇرغاندا، ماڭا ئۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىم ۋە قاراپ تۇرغانلىقىمنى بىلەلمەيۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ كۆرۈنۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ياۋىلىق ئۇقۇمى شۇ چاغدىن باشلاپلا قەلبىمدىن ئورۇن ئالدى، يەنە كېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا چىقىپ كەتمىدى. بۇ ھەرقانداق نەرسە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولسىلا، تېگى - تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان ۋە بىزگە بېقىنمايدىغان بولسىلا ياۋا بولىدۇ، دېگەن ئۇقۇم ئىدى. شۇ چاغدا تۇساتتىنلا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ھېلىقى قۇش ھېچيەردىلا كۆرۈنمىدى، مەن ئۇنى ئۇچۇپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن. ئەمما دادام مېنى ئەگەشتۈرگىنىچە دەرەخلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ئاخىرى يەردىن بىر نەرسىنى ئېلىپلا قولۇمغا تۇتقۇزدى. بۇ ئىسسىق ھەم يۇمشاقلا بىر نېمە ئىدى. يېقىن ئەكىلىپ قارىسام ھېلىقى قۇشكەن، شۇ تاپتا ئۇ قولۇمدىلا تۇرۇپتۇ! ئۇنىڭ مىجىلىپ كەتكەن، قان داغلىرى قېتىشىشقا باشلىغان بېشى ساڭگىلاپ تۇراتتى. مەن ۋارقىرىدىلا يىغلاپ قۇشنى يەرگە تاشلىۋەتتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ زادىلا ئوۋغا چىقمايدىغان بولدۇم.

بىر كۈنى ئايالىمنىڭ كوچىدا سەيلە قىلىپ يۈرگىنىنى كەينىدىن پايلاپ يۈرگىنىمدە ھاياتىمدىكى ئاشۇ ئىش يەنە يادىمغا چۈشتى. شۇ قېتىمقى ئىز قوغلىشىمۇ ھاياتىمدىكى بىرىنچى قېتىملىق، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىملىق ئىش بولۇپ قالدى. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى بىلەي دېسىڭىز يەنىلا ئۆز رېتى بىلەن سۆزلەپ بېرەي.

مېنىڭ ئايالىم بۇرۇن قانداق ئىدى؟ ھازىر چۇ؟ ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بۇرۇن ياۋاراق ئىدى. يەنى، پۈتۈنلەي مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە

خوجا ۋە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئايال ئىدى. ئەمما يېقىندىن بۇيان ئىستائەتمەن، نېمە دېسەم ھە دەيدىغان، ئادەتتىكىچە ئايال بولۇپ قالدى. ئۇزۇندىن بېرى ئايالىمنىڭ ئوبرازى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ھېلىقى ئەتتىگەنلىكى دەرەخ شېخىغا قونۇۋالغان قۇشقا ئوخشايتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ھازىر ئۇ مېكيانىغىلا ئوخشاپ قالدى. كىشىلەر مېكيانىنىڭ جىمى ئىشلىرىنى — قانداق ماڭىدىغانلىقىنى، قانداق دانلايدىغانلىقى، قانداق تۇخۇم تۇغىدىغانلىقى، قانداق ئۇخلايدىغانلىقى دېگەندەكلەرنى ئالدىنئالا بەش قولدەك دەپ بېرەلەيدۇ.

ئەمما مەن ئايالىمنىڭ ياۋىلىقىنى شاللاق ۋە مۇتەھەم كىشىلەرنىڭ ياۋىلىقى دەپ قارايدىغانلارنىڭ چىقىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلمايمەن. ئەمەلىيەتتە، ئايالىم ئىنتايىن گۈزەل بولۇپلا قالماستىن، يەنە دۇنيادىكى ئەڭ مۇلايىم، ئەڭ نازاكەتلىك، ئەڭ كۆيۈمچان ئايال. ئۇنىڭ ياۋىلىقىنى دېگىنىمدە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ۋە ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان مىجەزىنى، تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش خاراكتېرىنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن. تويىمىز بولغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا ئايالىم مەيلى ئۆيدە ياكى سىرتتا بولسۇن كۆز ئالدىمدا مانا شۇنداق ياۋىلىقى بىلەن پەيدا بولغانىدى. ياۋىلىق يېقىن، سىرلىق، ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان بىر ھالەتتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىسى ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. ئايالىم پەرداز ئەينىكىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ۋە يۇمشاق چاچلىرىنى قايتا - قايتا تارىغىنىدا، ئۇنىڭ ياۋىلىقى بىر تۇرۇپ توپتىن ئايرىلىپ قېلىپ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن ئېتىز بويىدا دىككىداپ كېتىۋاتقان بۆدۈنىگە، يەنە بىر تۇرۇپ ئوچۇق چىملىقتا توختاپ ئەتراپقا قاراۋەتكەندىن كېيىن يەنە داۋاملىق يۈگۈرەۋاتقان تۈلكىگە ئوخشايتتى. شۇ تاپتا ئۇ ياۋا ئىدى، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغىنىمدا ئۇنىڭ قولىدىكى تاغاقنى قاچان تاشلاپ قويۇپ يېنىمغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇقالمايتتىم. ئۇنىڭ ياۋىلىقى شۇنداق كۈچلۈك ئىدىكى، ھەتتا بەزىدە ئۆيگە كىرگىنىمدە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ قالغاندەكلا بولاتتىم، ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىققان خۇشبۇي پۇراق دىمىقىمنى سەل ئېچىشتۇراتتى.

بارا - بارا ئۇ ئانچە ياۋىلىق قىلمايدىغان بولدى، تېخىمۇ ئىستائەتمەن بولۇپ قالدى. مەن ئېيتقانىدىم، ئىلگىرى مېنىڭ ئۆيۈمدە بىر تۈلكەم، بىر بۆدۈنەم باردى، ئەمما كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەندىكىنىڭ ئەسلىدە بىر مېكيانلا ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. سىز بىر مېكيانغا قارىغىنىڭىزدا قانداق ھالەتنى كۆرىسىز؟ بۇنى مۇنداق ھالەت دېيىشكە بولىدۇ: ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى توخۇغا، ئەمما ھەرىكىتى ئاپتوماتىك ماشىنىغا ئوخشايدۇ: قەدىمىنى كىچىك ۋە جىددىي ئېلىپ مېڭىشلىرى، قوپال ۋە زېرىكىشلىك دانلاش ھەرىكىتى؛ يۇمىلاق كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرىدىغان نۇر؛ خورازنىڭ ئالدىغا ئىستائەتچانلىق بىلەن موككىدەلا چۆككۈدىغان جۈپلىشىش ھەرىكىتى مېخانىكىلىق بولىدۇ. ھەرقانداق جايدا زادىلا ئۆزگەرمەيدىغان تۇخۇم تۇغۇش ئۇسۇلى ۋە تۇخۇم تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن قاقاقلىغان ئاۋازىمۇ مېخانىكىلىق بولىدۇ. خەير - خوش تۈلكەم؛ خەير - خوش بۆدۈنەم؛ خەير - خوش ئايالىمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى خۇش بۇي پۇراق.

بىز شەھەرنىڭ زامانىۋى ئولتۇراق جاي رايونىدىكى چوڭ بىر ئىمارەتنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئولتۇراتتۇق، دېرىزىمىزنىڭ سىرتى مەيدان بولۇپ، مەيداندا ئانچە چوڭ بولمىغان بىر كۆللۈك باردى. ئۇ، بالا باققۇچىلار، ئۆسمۈرلەر ۋە كىچىكلەر ھەمىشە بېرىۋالىدىغان جاي ئىدى. بىر كۈنى مەن دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆللۈككە ئەلەم بىلەن قاراپ تۇراتتىم، ئايالىم بولسا سىرتقا چىقماقچى بولۇپ يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بولغانىدى. مەن ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا ئۇنىڭ قىياپىتى ۋە مىجەزىدىكى قەتئىيسي، يەنە كېلىپ ئاسان سېزىۋالغىلى بولمايدىغان ئالاھىدىلىككە، مەلۇم بىر ئىشنى كۆرگەن ۋە قىلغان چېغىڭىزدىلا ئاشكارىلىنىدىغان ئالاھىدىلىككە يەنە بىر قېتىم دىققەت قىلدىم. مەن كۆللۈككە قارىغاچ ئايالىمنىڭ ئىلگىرىكى يېقىملىق ياۋلىقىنىڭ نېمىشقا شۇنچە تېز يوقاپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي تۇرغىنىمدا، كۆزۈم بىردىنلا ئايالىمغا چۈشتى: ئۇ كۆللۈكتىن ئىتتىك ئۆتۈپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم، ئارقىدىن خۇشاللىقىمدىن سەكرىۋەتكىلى تاس قالدىم: ئۇ تار يوپكىسىنىڭ پۈرلىشىپ قالغان يېرىنى تېقىمىغا چاپلاپ تۇرۇپ ئۇزۇن تىرنىقى بىلەن تۈزلىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ مېنى بۇرۇن كۆيدۈرگەن چاغدىكى ياۋلىقىنى تونۇپ قالدىم. بۇ ھايت - ھۇيت دېگۈچىلىك ئارىلىقتىلا بولۇپ ئۆتكەن ئىش بولسىمۇ، ئەمما مەن ئۆز - ئۆزۈمگە: ياۋلىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يەنە قايتىپ كەلدى، چۈنكى ئۇ مېنىڭ يېنىدا يوقلۇقۇمغا، قاراپ تۇرمىغىنىمغا ئىشەندى، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن دېرىزىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، سىرتقا قاراپ يۈگۈردۈم.

ئەمما مەن ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىدىم، ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى كۆرسەتمىسەم بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن يېقىنلا بىر جايدا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنامغا كىرىپ كۆزىتىپ ئولتۇردۇم. ئاپتوبۇس كەلدى، ئۇ باشقىلار بىلەن بىللە ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئاپتوبۇس قوزغالغاندا ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپ مېڭىشقا باشلىدىم. شۇ چاغدا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمدىكى شۇ قېتىملىق ئوۋ كەچۈرمىشلىرى كۆز ئالدىمدا يېڭىباشتىن پەيدا بولدى: ئاپتوبۇس چاتقاللار ۋە دەل - دەرەخلەر كىرىشىپ كەتكەن ئاشۇ بۈك - باراقسان ئورمانلىق، ئايالىم دەرەخ شېخىدىكى ئاشۇ كۆلرەڭ قۇش ئىدى. مەن بولسام يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىمدە ئاشۇ قۇشنىڭ جانلىق ۋە جۇشقۇن ھالىتىگە قاراپ تۇراتتىم. ئەمما، بۇ شەھەر مۇشۇ قېتىمقى ئىزقوغلاشتا گويا سېھىرلەنگەندەكلا ھەقىقىي، بىپايان يېزىغىلا ئوخشايدىغان تەبىئەت دۇنياسىغا يەنى ئۆيلەر قاتار كەتكەن تاغلارغا، دەل - دەرەخلەر سۇلۇق جىراغا، كېلىپ - كېتىۋاتقان ماشىنىلار تۈپتۈز چىتلاق ۋە غۇجمەك - غۇجمەك چاتقاللارغا ئايلىنىپ قالغانىدى، ھەتتا پىيادىلەر يولىدا كېتىۋات-

قان كىشىلەرمۇ تېگى - تەكتىگە يەتكىلى
بولمايدىغان، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدى-
غان بىر خىل سىرلىق تۈيغۇ بىلەن — ھېس-
لىقىدەك ياۋىلىق بىلەن يۇرەتتى. ئەمما مې-
نىڭ ئېغىزىمدىن، مەھكەم كىرىشكەن
چىشلىرىمنىڭ ئارىلىرىدىن دىماغىمنى ئېچىشتۇ-
رىدىغان، تۇمۇر دېتى ئارىلاشقان پۇرۇخ
ھىدى چىقىپ تۇراتتى. ئادەتتە خىرە -
شىرە كۆرىدىغان كۆزلىرىم شۇ تاپتا سەز-
گۈرلۈك ۋەھوشيارلىقتىن چاقناپ كەتكەنىدى.

ئاپتوبۇس ئاخىرقى بېكەتكە يېتىپ
بارغاندا ئۇنىڭ ئىشىكىگە مىختەك قادال-
دالدىم. بىر قىسىم كىشىلەر ماشىنىدىن
چۈشتى، ئارقىدىن ئايالىمنىڭمۇ چۈشۈپ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ كىشىلەر
ئارىسىدىن چىقىپ ياندىكى بىر كوچىغا
قاراپ ماڭغاندا، مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن
ئۆزۈم پۇتۇنلەي ياقتۇرىدىغان ھېلىقى يا-
ۋىلىقىنى يەنە بىر قېتىم بايقىدىم. شۇ-
ڭا، ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭ
كەينىدىن مېڭىشقا باشلىدىم.

ئۇ ئىزىغا چۈشكەنلىكىمنى قىلچە
سەزمەي ئالدىمدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئې-
گىز بويى، قاملاشقان بەستى، ئۇزۇن پۇت-
لىرى، كىچىككىنە ساغرىسى ۋە كەڭدۈمبىسى،
مۈرىسىنى يېپىپ تۇرغان قوڭۇر رەڭ
چاچلىرى ئۆزىگە ناھايىتى ياراشقانىدى.

ئۇ يېنىدىن ئۆتكەندە ئەر كىشىلەر-
نىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارايتتى.
بەلكىم ئۇلارمۇ ئوخشاشلا شۇ تاپتا مەن
ھېس قىلىۋاتقان نەرسىنى، يەنى ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىدىكى سىرلىق، تۇرگۇن، بارا - بارا
كۈچىيىۋاتقان، تۇسۇۋالغىلى بولمايدىغان
ياۋىلىقىنى سەزگەن بولسا كېرەك. دەل
مۇشۇنداق ياۋىلىق مېنى ھاياجانغا سېلىپ
قاتتىق ھەيرەتتە قالدۇرۇۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ئالدىراپ - تېنەپ كېتىۋات-
قانلىقىدا مەلۇم مەقسەت بارلىقى ئېنىق
ئىدى. ھەتتا ئۇ مەن بىلەلمەيۋاتقان مە-
لۇم مەقسەتتە كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياۋىلىق تېخىمۇ ئې-
شىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ نەگە بارى-
دىغانلىقىنى ئاشۇ يىراق ئۆتمۈشتىكى دە-
رەخ شېخىدا ئارام ئېلىپ تۇرغان قۇش-
نىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىگىنىم-
گە ئوخشاشلا بىلمەيتتىم. يەنە كېلىپ
مەن مۇنداق ئويلايتتىم: ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدى-
كى ياۋىلىقنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشىدى-
كى ياۋىلىقنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشىدى-
كى قىسمەن سەۋەب شۇكى، ئۇ مۇشۇ قې-
تىمقى سىرلىق سەپىرىنىڭ مەنزىلىگە
يېقىنلاشقانسېرى، ئۇنىڭ قەلبىدە مەلۇم
بىر نەرسە كۈچىيىۋاتاتتى. مەن بۇ خىل
نەرسىنى قانداق قىلسام ئېنىق ئىپادىلەپ
بېرەلەرمەن؟ بۇ جانلىقلار جىددىيلىكى،
ياشاش ئەنسىزلىكى، ھايات ھاياجىنى ئى-
دى. ئۇنىڭ مەقسىتى گويا لاپپىدە ئۆتۈپ
كەتكەن فىلىم كۆرۈنۈشىدەك تاسادىپىيلا
ئاشكارىلىنىپ قالدى.

چاچلىرى ساپسېرىق، ئۇستىگە
خۇرۇم چاپان ۋە چىبەرقۇت ئىشتان كىي-
گەن ياش بىر يىگىت كوچا بويىدىكى
ئۆينىڭ تېمىغا يېنىچە يۆلىنىپ تۇراتتى.
بۇ كونا ۋە تار كوچا ئىدى. ھېلىقى يى-
گىت ئالدى تەرەپكە قارىغاچ زېرىككەن
ھالدا تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ ئايا-
لىم ئۆزىگە يېقىنلاشقاندا قولىنى بىرلا
سىلكىپ تاماكىسىنى تاشلىۋەتتى، ئاندىن
ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ ئايالىمنىڭ
بېلىكىدىن تۇتتى. مەن ئايالىمنىڭ ئۇنىڭ

قولىدىن بوشىنىپ چىقىشىنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشىنى كۈتتۈم، ئەمما، ھېچقانداق ئىش بولمىدى. ئايالىم يەنىلا ئۇنىڭ يېنىدا مېڭىۋەردى، شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، شۇ تاپتا ئۇ مەلۇم بىر خىل ئەنئەنىۋى مەشۇقنىڭ رولىنى ئويناۋاتاتتى. بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ئايالىم ئۆز ھەمراھىنى قولتۇقلىۋالدى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ھەمشىرىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئارقىدىن ئۇمۇ ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ ماڭدى.

شۇ چاغدا مەن ئايالىمغا شۇنچىۋالا ئەركىن مۇئامىلە قىلىشقا پېتىنغان بۇ يىگىتنىمۇ ياۋىلىق ئازدۇرغانلىقىنى بىلدىم. شۇڭا ئۇ ئايالىم بىلەن بولىدىغان ئۇچرىشىشنى ئەنئەنىۋى شەكىلدە ئېلىپ بارمىغان: ئۇچرىشىشقا مەلۇم قەھۋەخانىنى تاللىۋالمىغان، كۆرۈشكەندە دوستانىلىق ۋە ھۆرمەت ئۇرغۇپ تۇرغان، ئەمما ساختا بولغان قول ئېلىشىپ قارشى ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللانمىغان. ئەكسىچە، ئايالىم بىلەن كېلىشىپ قويۇپ، ئايالىم تەنھا سەيلە قىلىۋاتقاندەك يۈرگەن چاغدا، تاسادىپىلا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشكەن ياكى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تاسادىپىلا ئۇچرىشىپ قالغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىۋاستە تۇيغۇم بىلەن سېزىپ ئالدىم. مەن يەنە، ئۇ ئايالىمنىڭ يېنىغا بېرىپ بېلىكىنى تۇتقان ئاشۇ پەيتتە، ئايالىمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جىنسىي ياۋىلىقنىڭ پەللىسىگە چىققانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇنىڭ مۇنچىۋالا ئېچىلىپ - يايراپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىگىنىمگە بىرقانچە يىللار بوپتىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ مۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىشى مەن بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئىدى.

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ بەللىرىدىن تۇتۇشقىنىچە كېتىۋەردى. ئارقىدىن تۇيۇقسىزلا ئىككى ياۋايى ھايۋاندەك ئادەمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان بىر ئىشنى قىلدى — بىر ئىشىكنىڭ قاپقاراڭغۇ لەمپىسى ئاستىغا كىرىپ سۆيۈشكىلى تۇردى. مەن يىراق بىر جايدا توختاپ ئاشۇ قاپقاراڭغۇ لەمپە ئاستىغا تىكىلگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. ئايالىم ماڭا كەينىنى قىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ گەۋدىسى ھېلىقى ئەر كىشىنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن كەينىگە ئېگىلگەنىدى، چاچلىرى ھەرىيانغا چېچىلغىنىچە چۈشۈپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋە قويۇق كەلگەن قوڭۇر چاچلىرىغا قاراپ تۇردۇم. ئۇنىڭ گەۋدىسى كەينىگە ئېگىلگەندە چاچلىرى مۈرىسىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. مەن ئاشۇ دەقىقىدە ئايالىمدىكى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچنىڭ مەلۇم بىر خىل تەڭكەشلىككە ئېرىشكەنلىكىنى سەزدىم. بۇ مەنزىرە خۇددى جۈپ - جۈپى بىلەن يۈرگەن ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئەسەبىي مۇھەببەت قايىنىمىغا چۆمگەن چاغدا ئادەتتىكى ياۋايىلىقىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئاشكارىلايدىغانلىقىغا ئوخشايتتى. ،سۆيۈشۈش داۋاملىشىۋاتاتتى. مەن بۇنىڭغا ئۇزاقىچە قاراپ تۇردۇم. ئەمەلىيەتتە، بۇ ۋاقىت سەۋر - تاقىتىمنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشقا ئارىلاشماسلام بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

مەن ئېتىلىپ بارغىنىمچە ئايالىمنىڭ بېلىكىدىن ياكى ئاشۇ بىر تۇتام چېچىدىن — تۆۋەنگە چۈشۈپ تۇرغان، كى-

شىگە ئاياللارنىڭ ئىنتائەتچانلىقىنى تولۇق ھېس قىلدۇرىدىغان چېچىدىن كاپىسىدە تۇتۇۋېلىشىم، ئاندىن مۇشتلىرىمنى مەھكەم تۈگۈپ ھېلىقى يىگىتكە شىددەت بىلەن ئېتىلىشىم كېرەك. بۇ چەكنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئايالىمغا گويا مۇنداق ئىش بولمىغاندەكلا مۇئامىلە قىلىشىم بولۇۋېرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ پوتلىسىنى ئېقىتىپ يىغلايدۇ، قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ. ئېغىر خىجالەتچىلىكتە قالىدۇ. ئەمما مەن ئۆزۈمنى غەزەپتىن تۇتالماي قالىمەن، چەكسىز ئازابلىنىمەن. ئۇنى ئەيىبلەيمەن، مەنسىتمەيمەن.

ئەمما، مۇنداق ئارىلىشىش دادامنىڭ دەرەخ شېخىدا ئەركىن - ئازادە، ھېچقانداق تەييارلىقسىز تۇرغان ھېلىقى كىچىككىنە قۇشقا ئوق چىقارغىنىدەكلا ئىش بولىدۇ، بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، قاپقاراڭغۇ ئىشىك لەمپىسى ئاستىدا يۈز بەرگەن ئاشۇنداق تېپىلغۇسىز، قىممەتلىك ياۋىلىق مېنىڭ ئارىلىشىشىم بىلەن چىققان قالايمىقانچىلىق، پۇشايمان ۋە خىجالەتچىلىك تۈپەيلىدىن ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. دۇرۇس، مۇنداق ياۋىلىق ماڭا پايدىسىز، بىراق شۇنىمۇ ئېسىمدە تۇتۇشۇم كېرەككى، مۇنداق ياۋىلىق مەيلى نەدىنلا بولمىسۇن ھەرقانداق نەرسىگە، ھەرقانداق ئادەمگىمۇ زىيانلىق. مەن مۇشتۇمزورلۇق قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن بەلكىم ئايالىمنى يېڭىباشتىن كونترول قىلىۋالارمەن، ئەمما ئۇ، دادام قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويغان ئاشۇ قۇشقىلا ئوخشاپ قالىدۇ؛ ئۇنى پۈتۈنلەي جاراھەت قاپلىغان، ئۇنىڭدا ھاياتلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئۇلجا خالتامغا تاشلىۋېتىشىم مۇمكىن.

سۆيۈشۈش يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى. بۇنىڭ قايناق ھېسسىياتقا تولغان سۆيۈشۈش ئىكەنلىكىنى بەربىر ئېتىراپ قىلماي بولمايتتى. مەن كۈتتۈم، تاكى ئۇلار سۆيۈشۈشنى توختىتىپ لەمپە ئاستىدىن يېنىپ چىققۇچە، بىر - بىرىگە يۆلىنىپ ئۆز يولىنى يەنە داۋاملاشتۇرغىچە كۈتتۈم. ئاندىن ماشىنامنىڭ بېشىنى بۇراپ ئۆيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

(«چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن ھوزۇرلىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 -، 2 -قوشما سانىدىن)

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

# ئەدەبىي ھايات ئۇچۇرلار

△ لىيۇشىڭۋۇ يازغۇچى بىلەن كىتابخانىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئۇن تۈرلۈك پرىنسىپ ھەققىدە توختالدى:

1. يازغۇچى كىتابخان ئۈچۈن يېزىشى كېرەك.

2. يازغۇچىنىڭ كۆڭلىدە ئۆز كىتابخانلىرى ھەققىدە مۇئەييەن سان بولۇشى كېرەك.

3. ئۆز كىتابخانلىرىنىڭ ئومۇمىي تەلەپلىرىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

4. كىتابخانلىرىغا ئالىملىق قىلماسلىق كېرەك.

5. ئۆز كىتابخانلىرىغا ھەمىشە بەزىبىر ئالاھىدە نەرسىلەرنى بېرىپ تۇرۇش كېرەك.

6. ئەدەبىيات مۇساپىسىدا ئۈزلۈكسىز تەجرىبە قىلىش، ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇش، بىر قىسىم كىتابخانلاردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقماي، يەنە بىر قىسىم يېڭى كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك.

7. كىتابخانلار ئىچىدىكى ئەدەبىيات بىلەن ھەپىلەشمەيدىغان ساپ كىتابخانلارنى ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

8. كىتابخانلارنىڭ خەتلىرىگە تەنقىدچىلەرنىڭ تەنقىدىي ماقالىلىرىدىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

9. كىتابخانلار بىلەن مۇۋاپىق سورۇن، مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئۇچرىشىپ، بىۋاسىتە پىكىر ئالماشتۇرۇش كېرەك.

10. يازغۇچىنىڭ شان-شۆھرىتى، ئاساسلىقى، كىتابخانلار ئىچىدە بولۇشى، بولۇپمۇ ساپ كىتابخانلار ئىچىدە بولۇشى كېرەك.

△ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى سېلاغا بېرىلگەنلىكتىن، لاتىن ئامېرىكىسى ئەللىرىدە بەس مۇنازىرە قوزغالدى.

سېلا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كۈنى ئىسپانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى ئۇنىڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنى تەبرىكلىدى. ھەمدە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ، شۇنداقلا ئىسپانىيە ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرگە ئېلىنغانلىقىدىن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى سېلانىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن خەلقنى ناغرا-سۇناي، داقا-دۇمباق چېلىپ، نەغمە-ناۋا قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 1982-يىلى گارسىيا ماركىز مۇكاپاتلانغاندا ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشىغا ۋە تەبرىكلىشىگە ئېرىشەلىگەنىدى. ئەمما سېلا بۇنىڭغا ئېرىشەلمىدى، ئەكسىچە ئىسپانىيە ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئەدەبىيات ساھەسى ئۇنىڭغا ھەيران بولدى. ئىسپانىيىلىك مەشھۇر شائىر رافائىل ئالبېرتى قىلچە يوشۇرماستىن: «بۇ مۇكاپات سېلاغا بۇرۇن بېرىلىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. باشقا يازغۇچىلار، مەسىلەن، پىرو يازغۇچىسى بارگاس لوسا سېلانىڭ ئالدىدا مۇكاپاتلىنىشى كېرەك ئىدى» دېدى. كولۇمبىيىلىك ئاتاقلىق يازغۇچى خېرمان ئېسپىنوسا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ئابرويى بارغانسېرى

چۈشكىلى تۇردى. تازا قاملاشمىغىنى، سېلادەك ئىككىنچى دەرىجىلىك يازغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتلانغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى ئىسپان تىلىدا ئەسەر يازىدىغان ئەڭ كاتتا يازغۇچىلارنى، يەنى لويىس بورخىس، ئوكتاۋىئوپازلارنى مۇكاپاتلاشنىڭ رەت قىلىنغانلىقىدۇر، دەپ كۆرسەتتى. كولومبىيىلىك يازغۇچى مېرسېدىس كارلانسامۇ سېلا مۇنەۋۋەر يازغۇچى ئەمەس، لېكىن ئۇ ئىسپانىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئاجىز ۋە ئادەتتىكى مەزگىلىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى، ئۇنىڭ ئەڭ بولىدىغان ئەسىرى «ھەرە كۆنىكى» مۇ دوس پاسوسنىڭ «مانھاتون ۋوگزالى» رومانىغا تەقلىد قىلىپ يېزىلغان، دېدى.

بۇ يازغۇچىلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار. ئىسپانىيە ئەدەبىيات مۇنبىرىدە سېلا بىرقەدەر يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە، ئەمما لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى بارگاس لوسا، كارلوس فوئېنتېس ۋە ئوكتاۋىئوپاز قاتارلىق كاتتا يازغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۇ چېنىپ قالىدۇ

△ پاستېرناكنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ئورنىدا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ئالدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى بورىس پاستېرناكنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ئېلىشنى رەت قىلغانلىقىغا بۇ يىل 31 يىل بولۇپ قالدى. بۇ رومان 1955- يىلى يېزىلغان. شۇ ۋاقىتتا مەملىكەت ئىچىدە ئۇنى نەشر قىلغىلى بولمىغاچقا، قول يازما چەت ئەلگە چىقىرىۋېتىلگەن، 1958- يىلىغا كەلگەندە بۇ رومانى ئۇچۈن ئۇنىڭغا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بېرىلگەن. بۇ رومان 1988- يىلىغا كەلگەندىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بۇلتۇر دېكابىرنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ ئوغلى يېۋگېنى پاستېرناكنىڭ ستوكھولمغا بېرىپ، مۇكاپاتلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلدى. يېۋگېنى پاستېرناك مۇكاپات ئېلىش مۇراسىمىدا «مەن بۇ يەرگە كېلىپ مۇكاپات ئېلىشنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم» دېدى.

△ ئانگمۇسكى «لاۋشېنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتى ۋە جۇڭگو جەمئىيىتى» ناملىق مەخسۇس ئەسىرىدە غەرب ئالىملىرىنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرىنى تەنقىد قىلىپلا قالماستىن، مەملىكىتىمىزدىكى بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغىمۇ رەددىيە بەرگەن. ئۇ «ما فامىلىلىك ئىككى ئادەم» دىكى مارۇڭ بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك «رومانتىك رىتسار»، «ئۇقۇملاشقان ئوبراز» ئەمەس، بەلكى بۇ پېرسوناژدىن جۇڭگونىڭ كەلگۈسى ئىزناسىنى غۇۋا كۆرگىلى بولىدۇ، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈردۇ.

ئانگمۇسكى لاۋشې گوركىي، كۇپرىنلارغا ئوخشاش تۆۋەن قاتلامدىن چىققاچقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئۆرپ - ئادەت سېزىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بار دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ ھەجۋىيلىرى گوگولغا يېقىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھەجۋىيلىرىدە ئادەتتە كۆزگە كۆرۈنگۈدەك ئىجابىي پېرسوناژلار يوق، پەقەت كۆزگە كۆرۈنمەس ئىجابىي پېرسوناژ — كۈلكىلا بار. شۇڭلاشقا بۇلار مۇنداقراق تەتقىقاتچىلەرنى خاتالاشتۇرۇپ قويىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا لاۋشېدەك ئالقىشقا ئېرىشكەن جۇڭگو يازغۇچىلىرى تېخى ناھايىتى ئاز، سوۋېت ئىتتىپاقى خەنزۇشۇناسلىرى لاۋشې بىلەن لۇشۈن لىبەي بىلەن دۇفۇغا ئوخشاش تالانت ئىگىلىرى دەپ قارايدۇ.

# ئەدىبلىرىمىز تۇرمۇشىدىن



بىشقەدەم ئەدىب ئەيسا يۈسۈپ ئىجادىيەت ئۈستىدە.



بىشقەدەم ئەدىب ئابدۇللا تالىپ يېڭى ئەسىرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.



ئوبزورچى مەھەممەت پۇلات تۇرپاندا.




يازغۇچى مەھەممەت باغراش شاڭخەيدە.



▶ شائىر ئارسلان ياش ئەدىبلەر بىلەن بىللە.

قەييۇم تۇرسۇن، توختى نەمتۇل فوتوسى.




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1990 ـ يىل 4 ـ سان ( 350 ـ سان ) . 40 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号： CN 65－1010／I
本刊代号：58－66 定 价：1.40元
邮政编码：830002

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 – 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن .
پوچتا نومۇرى :